1

1998

# تەڭرىتاغ



ISSN 1004-1745
01>
9 771004 174004

TANGRITAG TANGRITAG



يېزا باشلىقى مەمتىمىن قادىر



مەمتىمىن قادىر جۇڭنەنخەيدە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە



مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى
خۇ جىنتاۋ مەمتىمىن قادىر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشماقتا



يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بىر قىسىم خادىملار



يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسى



مەمتىمىن قادىر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

خوتەن ناھىيىسى بوزاق يېزىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن قادىر دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان 10 مۇنەۋۋەر دۆلەت مەمۇرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

مەمتىمىن قادىر 1958 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان. ئۇدا 6 يىل يېزا باشلىقى بولۇپ سايلانغان. بۇ جەرياندا ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئىش ئورنىدا يېتىپ قوپۇپ، كىشى بېشىغا ئارانلا 1.2 مو يەر توغرا كېلىدىغان بۇ يېزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا پۈتۈن زېھنىنى بېغىشلىغان.

تەڭرىتاغ
دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال  ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1998 - يىل 1 - سان          ئومۇمىي 66 - سان


# مۇندەرىجە

## پوۋېست


زېمىننىڭ ھېكايىسى ........................................ قەيسەر قەييۇم 1


## ۋەتەن ۋە بۇرچ


غەربىي رايوندىكى ھەسەن - ھۈسەن ............................ نىياز ئەمەت تەرجىمىسى 39


## شېئىرلار


ئىشارەت ۋە باشقىلار ........................................ بۇغدا ئابدۇللا 29
مۇقەددەس، سۆيىمەن ئەبەدىي سېنى ............................ ماخمۇتجان ئىسلام 30
ساقى ........................................ ئەسقەر ھۈسەيىن 32
بەخت كۈيى ........................................ نۇر موللاق 33


## ھېكايىلەر


ئۆچەكتىكى ئادەم ........................................ ئابباس مۇنىياز 34
يېشىل مۇھەببەت ........................................ مۇتەللىپ ئوسمان 78


## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


دىلمۇرات تەلئەت، ئەزىزى، زاماندىن پاكزات، ئايگۇل مۇتىۋۇللا، ئەسقەر يۇسۇپ .......... 46


## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە


بىز قۇرماقچى بولغان شېئىر روھى ........................................ ئىمىن ئەھمىدى 57
شېئىردىكى قاتلام ئاملىلىرى ........................................ قۇدرەت قۇربان 63

## نەسىرلەر

يادىمدا دۇنيادىن يىراق بىر ماكان ........ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت 53
ئىككى نەسىر ........ ئەنۋەر تاشتۆمۈر 54

## ستۇدېنتلار

شېئىرلار ........ جېلىل خېلىل، تۇرغۇنجان تۇرسۇن، خاسىيەت ئىمىن، ھەبىبۇللا مىجىت 70
ياشارغان تۆت قولاق ........ ئەمەتجان مۇھەممەت 73

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ئەدىبلەر ھەققىدە پارالق ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 65
لاۋرېنس ئەدەبىي خاتىرىلىرىدىن ........ ئەركىن نۇر تەرجىمىسى 93

## تەرمىلەر

گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر ........ 80
مىسرالاردىن تەرمىلەر ........ 108

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........ 109

مۇقاۋىدا: بوكس پادىشاھى ئابدۇشۇكۇر مىجىت

## تەھرىر ھەيئەتلەر

ئىمىن ئەھمىدى، مەمتىلى ئابدۇرېھىم، ئەكبەر ئېلى، ئازات سۇلتان، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇن توختى، تۇردى ھاشىم، بوغدا ئابدۇللا، غوپۇر نۇر، ئىدرىس بارات، مۇختار مەخسۇت، پولات ھېۋزۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەركىن نۇر

باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)،
سەنەۋەر ئۆمەر، ئەكبەر سالىھ (ياردەمچى مۇھەررىر)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت



قەيسەر قەييۇم

# زېمىستان ھېكايىسى

(پوۋېست)




قەيسەر قەييۇم 1972 - يىلى 4 - يانۋار غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1990 - يىلى غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1993 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى «ئىلى كەچلىك گېزىتى»گە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر «ئىلى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

قەيسەر قەييۇمنىڭ «ئارسلان»، «ۋەھىمە» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. «قورقۇنچلۇق قەدەم» ھېكايىسى ئىلى «غۇنچە مۇكاپاتى»نى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ياقۇت قونغان توزانلار» ئەدەبىي ئاخباراتى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئارسلان» ھېكايىسى تۇنجى نۆۋەتلىك «ئىلى دەرياسى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

قەيسەر قەييۇم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.


كىشىلەر تاغلارنى زېمىن كۆكسىدىن ئۆركەشلەپ چىققان دولقۇن، دېيىشىدۇ. مەن بۇنى بوۋاملار ياشىغان ئاشۇ ئالقانچىلىك زېمىننى ئوراپ تۇرغان تاغلارغا قارىتا ئېيتىلغانمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. بۇ تاغلار ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك گۈزەل ھەم قامەتلىك. بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن جىلغا ۋە قىيالار زېمىندىن ئۆركەشلەپ چىققان دولقۇنلارنىڭ ئۆزى.

مەن بۇ يەرگە ھەر يىلى دېگۈدەك بوۋامنى يوقلىغاچ كېلەتتىم. لېكىن كېلىۋېلىپلا تاغ باغرىنى ئايلىناتتىم. ھەر يىلى كېلىپ تۇرغاچقا تاغدا تونۇشلىرىممۇ خېلى كۆپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ كېلىشكە خۇشتار ئىدىم. ئۇلارنىڭ شەھەر توغرۇلۇق سورىغان سوئاللىرىنى، شەھەردە پۇلنى ئوڭاي تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ يەردىن تولىمۇ بىزار ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق جايدا تۇغۇلۇپ قالغىنىنى ئۆزلىرىنىڭ تەتۈر پېشانىلىقىدىن كۆرىدىغانلىقىنى زادىلا ئاڭلىغۇم يوق ئىدى. بۇ يەردىكىلەر شۇنچىلىك گۈزەل زېمىندا ياشاپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈشنى ئۇقمايتتى. مۇنبەت يەرلىرىنى تاشلاپ مەكتەپنىڭ ۋەيرانە تاملىرىغا دۈمبىسىنى چاپلاپ ئولتۇرۇپ، مونەك - مونەك پۇللارغا ئېرىشىشنى خىيال قىلاتتى. كىشىلەر تەرىپىدىن ئالدانغان يەر نۆۋىتىدە ئۇلارنىمۇ ئوڭدا قوياتتى. شۇنچە گۈزەل بۇ مۇنبەت زېمىندا نامراتلىقنىڭ پۇرىقى پۇراپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا بۇ يەرگە ھەر يىلى كېلەتتىم. بۇ يەردىكى تاغلارنى، تاغ باغرىدىكى قىيا تاش يېرىقلاردىن ئۈنۈپ چىققان تاشگۈللەرنى سۆيەتتىم. كېيىنچە ئاستا - ئاستا مەندە تاشگۈل توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يېزىش ئويى پەيدا بولۇپ قالدى. لېكىن بوۋامنىڭ بۇ زېمىن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى ماڭا ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر قىلدى.

بۇ زېمىن قەدىمىي زېمىن ئىدى. بوۋام ماڭا شۇنداق سۆزلەپ بەرگەن. بۇ يەردە ياشاۋاتقان

كىشىلەرنىڭ ئەجدادى بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئاۋۋالقى زامانلارغا تۇتىشاتتى. لېكىن بۇ زېمىندىكى كىشىلەر ئەجدادلىرى توغرۇلۇق ئىشلارنى ئەمدى، ئۇنتۇشقا باشلىغانىدى.

## سىرلىق ئوۋچى

بازار كۈنى بولغاچقا كوچىلاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. پېشىنگە يېقىن بازارنىڭ چېتىدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا ئېگىز بويى، قاۋۇل كەلگەن، مۈرىسىگە تېرە چاپان ئارتىۋالغان بىر كىشى ئاتلارنى ئاشپۇزۇل يېنىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، بىر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ ئوۋچى، — دېدى خوجايىن ئەپتىدىن باۋايىلىق چىقىپ تۇرغان بۇ كىشىگە ئورۇن كۆرسىتىپ، — تېرىلىرىڭىزنى سېتىپ بولدىڭىزمۇ؟

ئوۋچى بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ تولىمۇ كەمسۆز كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ۋە تۇرقىدىن تاغلىقلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئاشپۇزۇلدىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرى ئۇلارغا ئاغدۇرۇلدى. ئوۋچى ئۇنى سەزدى - يۇ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك بالىغا ئىشارە قىلىپ قويۇپ، ئولتۇرۇۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن ئاشپۇزۇلنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدىن كىشىلەرنىڭ كۇسۇرلىشىپ قىلىشقان پاراڭلىرى ئاڭلاندى.

— مەن ئۇنى تونۇيمەن، — دېدى خوجايىن ئادەم تولۇپ ئولتۇرغان شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىدۇ. گاچىدەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. بۇلتۇر ئاندىن ئىسمىنىڭ «ساۋۇت» ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالغانىدىم. بۇ قېتىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— نېمە قىلىدىغان ئادەم ئۇ. تاغلىق دەيسەن ياۋايى ئادەممۇ - يا؟

بىرەيلەن ئالدىغا تېخىمۇ ئېڭىشىپ پەس ئاۋازدا سورىدى خوجايىندىن.

— تاغنى ماكان تۇتقان ئوۋچى ئىكەن. مەن شۇنداق ئويلايمەن. يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەنە ئاۋۇ ئاقباش تاغلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ دائىم شۇ ياققا قاراپ كېتىدۇ. يىلدا بىر قېتىم ئىككى ئاتقا ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئارتىپ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

— يائاللا، ئاشۇ تاغلاردا ياشايدۇ دەڭ؟! ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇ بەك خەتەرلىك جاي. جىلغا - قىيالاردا ساپلا يىرتقۇچ ھايۋانلار بار ئىكەن، ئادەم زاتى ئۇ يەرگە يېقىن يولىيالمايدىكەن. . .

— مەنمۇ شۇ بەزىدە ھەيران قالىمەن. لېكىن ئۇ شۇ ياققا كېتىدىغۇ تۈۋا.

— ياۋا ئادەم ئوخشايدۇ. مەنغۇ بۆرە ئادەم بالىسىنى ئەپقېچىپ باقىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. بۆرىنىڭ باققان بالىسىمۇ - يا ئۇ؟ يېنىدىكى بالىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ يوغىناپ كەتكەن بەستىگە قاراڭلار. مەيدىسىدىكى قاپقارا تۈكلىرىچۇ - تېخى. بۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىنى باققان بۆرىدىن بولغان بالىسى.

— يائاللا، ياۋايى ئادەم - ھە!

— بۆرە بالىسى!

— راست مەن بۇنى نېمىشقا ئويلاپ باقمىغاندىمەن. ئۇ ھەر يىلى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ - يۇ، بۆرە تېرىسىنى زادىلا ئەكىلىپ باقمايدۇ.

ئوۋچىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى. ئۇ قۇرۇقدالغان قاچىنى شىرەگە داققىدە قويدى - دە، بالا بىلەن ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەلياتقۇ بىلەن تۆت ئات يېتىلىگەن ئىككى گەۋدە بازاردىن چىقىپ تاغقا قاراپ يول ئالدى.

— ساۋۇت ئاكا، — دېدى بالا يېنىدىكى كىشىگە، —بۇ ئادەملەر قىزىق گەپ قىلىدىكەن - ھە، مېنى بۆرە بالىسى دەيدۇ.

— تۇزلار چېچىلىپ كەتمىسۇن، دىققەت قىلغىن، — دېدى ساۋۇت بالىغا قاراپ قويۇپ بوم ئاۋازدا، — بەغەرەزلەر بۆرە ئۇۋلىيالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟

— ئاقساقالدىن ئاڭلىشىمچە بۆرە بىزگە ياخشىلىق قىپتىكەن، شۇڭا ئۇۋلىيالمايمىز - دە، ئۇنى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ماڭا قارىغاندا سەن كۆپرەك كېلىسەن. كەلگەندە بۇ كىشىلەرگە ھەرگىز ئارتۇق گەپ قىلما. بولمىسا سەندىن گەپ سوراپ ھەممىنى بىلىۋالىدۇ. كېيىنكى قېتىم كېلىپ قالساق باشقا ئاشپۇزۇلغا كىرسەك

بولغۇدەك. قاراپ باقە، كەينىمىزگە ئادەم چۈشۈۋالدىمىكىن.

— خېلىدىن بېرى قاراپ كېلىۋاتىمەن. ھېچكىم يوق. توخۇ يۈرەكلەرنىڭ كەينىمىزدىن تاغ ئىچىگە كىرىشكە يۈرىكى چىدىمايدۇ.

— ھا، ھا، ھا...!

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇۋچى بىلەن بالا تاغ ئىچىدە ئىككى كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن بىر جىلغىغا كېلىپ كۈن جىلغا ئىچىگە تىك چۈشكىچە ئارام ئالدى. ئاندىن ئاتلىرىنى جابدۇپ يول يۈرۈپ قىيا تاشلار ئارىسىدىكى ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر ئۆڭكۈر ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆڭكۈر ئىچىدىن گۈڭگۈلدىغان ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. بالا ئېتىنى ئۆڭكۈرگە قاراپ دېۋەتتى.

— سۇلتانخوجا، توختاپتۇر، — دەپ چاقىردى ساۋۇت، — ئىچىگە بىرەر يىرتقۇچ كىرىۋالغان بولمىسۇن يەنە. ماڭغاندا ئاغزىنى ئېتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق.

— ئىچى جىمجىتلىغۇ، نېمىدىن قورقاتتۇق، كىرىۋېرەيلى، — دېدى سۇلتانخوجا ئىشەنچ بىلەن.

ئۇلار ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۆڭكۈر ئېغىزىنى يوغان تاشلار بىلەن ئېتىۋەتتى. تاشلارنىڭ يوچۇقىدىن كىرگەن پىچاق بىسىدەك نۇر قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە ئېقىپ كىردى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن ئاتلار تۇيۇقسىز ئۈركۈپ قاتتىق پۇشقۇرۇپ كەينىگە چاپچىدى.

— ئاتلار بىرنېمىدىن ئۈركۈۋاتىدۇ ساۋۇت ئاكا، — دېدى سۇلتانخوجا كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپكە مىختەك قاداپ.

ساۋۇت ئاستا ئاتتىن چۈشۈپ پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغاردى-دە، قاراڭغۇلۇققا قاراپ ماڭدى. سۇلتانخوجا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئاتلارنىڭ پۇتلىرى تىترەپ كەينىگە داجىيىتتى.

— قاپلان، ئېھتىيات قىلىڭ!

سۇلتانخوجا شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىچە قاپقارا يوغان بىر مەخلۇق ساۋۇتقا قاراپ تاشلاندى. ساۋۇت ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن چەتكە ئېلىپ پىچاقنى ئۇنىڭغا شىلتىدى. قاپلان تېرە چاپاندىن بىر پارچە يۇلۇۋېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ساۋۇتنىڭ قولىدىكى پىچاق قەيەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

قاپلان ساۋۇتقا يەنە ئېتىلدى. بۇ قېتىم ساۋۇت چاققان كەلدى. قاپلاننىڭ ئالدى پۇتلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. شۇ ئارىدا سۇلتانخوجا بىرلا تاقلاپ كېلىپ قاپلاننىڭ كۆكرىكىگە زەرب بىلەن پىچاق ئۇردى. قاپلاننىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا قوزغىدى. ساۋۇت دەرھال قاپلاننى ئامبۇردەك بارماقلىرى بىلەن قاماپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتەرگىنىچە زەرب بىلەن يەرگە ئۇردى. سۇلتانخوجا پىچاقنى قاپلاننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە گۈچ-گۈچ قىلىپ بىرنەچچىنى تىقىۋەتتى. قاپلان خېلىغىچە جان تالىشىپ ئاندىن جىمىپ قالدى.

— يائاللا، قاچان كىرىۋالغاندۇ بۇ نىجىسنىڭ بالىسى، — دېدى ساۋۇت ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— قاپلانكەن، ھېلىمۇ ياخشى چاققان كەلدۇق. ئەمدى ماڭايلى ساۋۇت ئاكا.

ئۇلار ئۆلگەن قاپلاننى ئىگەرنىڭ كەينىگە غانجۇغىلىدى-دە، خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈردىن چىقىپ ياپيېشىل قارىغايلار ئوراپ تۇرغان تاغ قاپتىلىغا كېلىپ توختىدى. قاپلاننى سويۇپ تېرىسىنى ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن گۆشنى ئاستىغا دومىلىتىۋەتتى. ئاندىن ئۆڭكۈر ئاغزىنى قارىغاي ياغاچلىرىدىن ياسالغان توسۇق بىلەن مەھكەم ئېتىۋەتتى. ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار تېرىنى ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ تاغ باغرىلاپ چۈشۈپ يەنە بىر يان باغرىغا ياماشتى. ئۇلار خېلىدىن كېيىن بىر تۆپىلىككە چىقتى. تۆپىلىكنىڭ باغرىدا ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان سالا ئېتىزلار سوزۇلۇپ ياتاتتى. تاغ باغرىدىكى قاتار ياغاچ ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن ئاپئاق ئىس تولغىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

— كەلدۇق، — دېدى ساۋۇت يىراقتىكى مەھەللىنى ئىما قىلىپ.

— كەلدۇق، — دېدى سۇلتانخوجىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ. ئۇلار ئاتنىڭ تىزگىنلىرىنى بوشاتتى. ئاتلار ئىلدام قەدەملەر بىلەن مەھەللە تەرەپكە تېز-تېز يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## ئاقساقالنىڭ ھېكايىسى

بۇ زېمىندا قۇياش بالدۇر پاتىدۇ. غەربتىكى

تاغلارنىڭ چوققىلىرىدىكى قىزىللىق ئاستا - ئاستا يوقاشقا باشلىغاندا، باقى كەپىگە كېلىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ئاندىن تۇغما بولدى. ئاندىن كىيىملىرىنى قاتلاپ كەپىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويدى - دە، ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قارىۋېتىپ تاۋۇزلۇققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ بۇ ئەقىلنى كېچىچە تاۋۇزلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاران ئويلاپ تاپقانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە كىچىك - چوڭ ھەممەيلەن كەچلىرى باقىنىڭ كەپىسىگە كېلىپ تاۋۇز سوراپ تۇرۇۋېلىپ ئۇنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋېتەتتى. باقىمۇ ئۇلارنى قۇرۇق قايتۇرۇشقا خىجىل بولۇپ پىشقان تاۋۇزلارنى ئۈزۈپ ئەچىقىپ بېرەتتى. لېكىن بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ - دە! ئورما كۈنىگىمۇ تاۋۇزلار قېلىشى كېرەكقۇ؟ بولۇپمۇ تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن كىشىلەر ئۇنى بەكلا تەڭقىسلىققا قويدى. تاۋۇز بەرمەي دېسە تېخى، بۇ يەردە پەقەت باقىلا تاۋۇز تېرىيدۇ. ئاقساقال ئۇنىڭ تاۋۇز تېرىشتا پەمى بارلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىشنى قىلىشنى تاپشۇرغان. تۈنۈگۈن كەچتە ئاقساقال ئۇنىڭغا: «بوپتۇ، ئۇلارنىڭ تاۋۇزىڭدىن بىر - ئىككىنى پىچىپ يېگىنىگە تۈگەپ قالمايدىغۇ» دېمىگەن بولسا، باقى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «پىخسىق» دېيىشىگىمۇ، «ھامان بىز يەيدىغان تاۋۇزلارغۇ ئۇ» دەپ دوق قىلىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىغان بولار ئىدى. ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭدىن رازى بولاتتى. لېكىن قېرىنداشتەك ئۆتتۇۋاتقان بۇ كىشىلەر باقىنى ئايىمىدى. شۇڭا ئۇ تۈنۈگۈن كىشىلەر تاۋۇزلۇقتىن كەتكەندىن كېيىن جىق ئويلىنىپ ئاخىرى بۇ ئەقىلنى ئويلاپ تاپتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرسە باشقىلار تۇرماق ئاقساقالمۇ تاۋۇزلۇققا يېقىن يولىمايتتى.

تاغلار ئوراپ تۇرغان بۇ زېمىندىكى كىشىلەرنى سىرت بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ، دېيىشكە بولاتتى. ياز كۈنلىرى بىرەر - ئىككىيلەن تاغقا يېقىن يەردىكى بازاردىن كېرەكلىك بىرنەرسىلەرنى ئالغىلى بارغاندىن باشقا كىشىلەر تاغدىن ئايرىلمايتتى. سىرتتىكىلەرنىڭمۇ بۇ زېمىنغا ھېلىغىچە ئايىغى تېگىپ باقمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۇ يۇرتتا مۇشۇنداق بىر گۈزەل، باياشات زېمىننىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. سىرتقا چىققانلارمۇ ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا باشقىلارغا ھەرگىز تىنمايتتى.

تاغ ئارىسىدىكى بۇ زېمىندىكى كىشىلەرگە ئاقساقال مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەتتى: بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم بۇ زېمىنى ئوراپ تۇرغان تاغلاردىن نەچچە كۈنلۈك يىراقتىكى يۇرتتا باي - غوجىلارنىڭ زۇلۇمى تولىمۇ چەكتىن ئېشىپتۇ، بۇنىڭغا چىدىمىغان يەتتە ئائىلىلىك كىشى ساتىدىغان نەرسىلىرىنى سېتىپ، ئالىدىغانلىرىنى ئاتلىرىغا ئارتىپ، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈنلۈك يولنى بېسىپ جىلغىلىرى خەتەرلىك بولغان بۇ تاغلارنىڭ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ باشچىسى تەۋەككۇل قىلىپ تاغقا قاراپ مېڭىشنى ئېيتىپتۇ. لېكىن ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خەتەرلىك تاغلار ئارىسىدىن يول تاپالماپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر كۆك ئانا بۆرە پەيدا بوپتۇ. ھېلىقى يولباشچى ھەمراھلىرىغا ئانا بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىشنى، ئانا بۆرىنىڭ ئۆزلىرىنى مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئانا بۆرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك ئۇلارغا كۆز يەتكۈدەك ئارىلىق قالدۇرۇپ يول باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەمما بۆرە تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر كەلگەن يېرىدە توختاپ ئارام ئاپتۇ. بۆرە قايتا پەيدا بولغاندا يەنە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ خەتەرلىك جىلغا، قىيالاردىن، قاراڭغۇ ھەم قورقۇنچلۇق ئۆڭكۈرلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى مۇشۇ زېمىنغا چىقىپ قاپتۇ. سەپەر جەريانىدا بىرمۇ يىرتقۇچ ئۇلارغا خەۋپ سالماپتۇ. بۆرىمۇ مۇشۇ زېمىنغا كەلگەندە بىردىنلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. كىشىلەر قارىسا بۇ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرغان كەڭ بىر زېمىن ئىكەن. ياپيېشىل رەڭلەردە ئېچىلىپ كەتكەن گۈل - چىمەنلىكتە بۇغا - ماراللار ئوتلاپ يۈرىدىكەن. كىشىلەر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ - ھەس بوپتۇ. ئۇلار شۇ كېچىسى بۇ يەردە تۈنەپتۇ. ئەتىسى يېقىن ئەتراپنى خېلى ئىزدەپمۇ ھەرخىل جانىۋارلاردىن باشقا بىرەرمۇ ئادەم زاتىنى ئۇچرىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇ زېمىننى ماكان تۇتۇشنى قارار قىپتۇ ھەمدە تې-

رىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەر ئېچىپتۇ. ئېلىپ كەلگەن بۇغداي، قوناقلىرىنى يەرگە چېچىپتۇ. ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ تاغ قارىغايلىرى بىلەن ئۆي سېلىپتۇ. بۇ زېمىن ئۇلارنى ئىسسىق باغرىغا ئاپتۇ. زىرائەتلىرى ئوخشاپ ھوسۇلى يىلمۇ يىل ئېشىپتۇ. يەتتە ئائىلىلىك قۇدىلىشىپ ئەۋلادلىرى يىلسېرى ئاۋۇپتۇ. ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشمىغاچقا جاھاندىن بىخەۋەر يۇرۇۋېرىپتۇ. يۇرتتىكىلەردىن پەقەت يىلدا بىر - ئىككى ئادەم سىرتقا چىقىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىلىدىكەن. بۇ ئادەملەر سىرتقا ماڭغاندا ئاقساقال ئۇلارغا بۇ يەرنىڭ ئورنى ۋە ئەھۋالىنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقنى قايتا - قايتا جېكىلەيدىكەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشايمىز دەپ ئويلايدىكەن.

— ئاتا - بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلىپ بۇ زېمىنغا ماكانلىشىپ بىزگە مۇشۇنداق پاراۋان، خاتىرجەم تۇرمۇشنى مىراس قالدۇرغان، — دەپ ھېكايىسىنى تاماملايتتى ئاقساقال ھاياجانلىنىپ.

ئاقساقالنىڭ ھېكايىسىنى بۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلەتتى. بوۋاي، مومايلارمۇ ئەمدىلا تىلى چىقىشقا باشلىغان نەۋرىلىرىنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ بۇ ھېكايىنى قايتا - قايتا سۆزلەپ بېرەتتى. لېكىن ھازىر بۇ زېمىندا ئىلگىرىكىدەك غۇچچىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈل - چېچەكلەر ئازىيىپ يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېرىقچىلىق قىلىدىغان سالا ئېتىزلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بۇغا - ماراللارنى تاغلارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئاندىن ئۇچراتقىلى بولاتتى. تاغ سىرتىدا يەنىلا باي - غوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرەتتى. «باي - غوجىلار جاھاندىكى ئەڭ ئەسكى ئادەملەر» دېيىشەتتى بۇ زېمىندىكىلەر.

ئىككىنچى ئەۋلادتىن باشلاپ ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەر ھازىرغىچە مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى باقى بۇ زېمىنغا ھېچ ئويلىمىغان يەردىن پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

## باقى

باقى كىم؟ ئۇ بۇ زېمىنغا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟

باقىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئۆمرى مۇشۇ زېمىندا ئۆتتى. ئۇ يىگىتلىكىگە تازا تولغان مەزگىللىرىدە كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر قىزغا كۆيۈپ پىشتى. باقىنىڭ ئاتا - ئانىسى تاپقان تەرگىنىنى يىغىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولغاندا، يۇرت بېگىنىڭ ئوغلى ئۇلاردىن چاققان كەلدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇلار قىزنىڭ باقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلەتتى. ھەتتا ئىشچان، ئاقكۆڭۈل باقىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈيوغلى قاتارىدا سانايمۇ بولغانىدى. لېكىن ئۇلار يۇرت بېگىنىڭ ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلىشىدىن قورقاتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باقى قىز بىلەن قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىشتى. ھەتتەك، بۇ دورەممۇ يۇرت بېگىنىڭ ئوغلى چاققان كەلدى. ئۇلار قېچىشقا پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن بىر كۈن ئاۋۋال يۇرت بېگىنىڭ ئوغلى قىزنى مەجبۇرى ئۆز ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. بۇ ئىش يۈز بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن يۇرت بېگىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگەن باقىنىڭ قۇلىقىغا قىزنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئاڭلاندى. بۇنىڭسىزمۇ باقى ئەلەمدىن زەردەگۆش بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچچىققا تولدى. قانلىرى قىزىپ ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى ئاخىرى چوڭ يانغىنغا ئايلاندى. نەچچە كۈنگىچە پەيت كۈتۈپ، تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە پەم بىلەن يۇرت بېگىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. يۇرت بېگىنى كىچىك چېغىدا بىر قېتىم ئىت تالىۋېتىپ غالجىر كېسىلى قىلىپ قويغىلى تاس قالغاچقا ئۇ قورۇغا ئىت يولاتمايتتى. باقى ئالدىنقى يىلى يۇرت بېگىنىڭكىدە ئوتاقچىلىق قىلىپ يۈرگەن چېغىدا كۆرۈۋالغىنى بويىچە بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئەتراپنى تىڭتىڭلىدى. ئۆي ئىچىدىن بىر خىل رىتىمدىكى خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئاستا ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. پەنجىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاي نۇرىدا باقىنىڭ قولىدىكى تولا بىلىنىپ بىسلىرى ياپىلاقلىشىپ كەتكەن خەنجەر سۇرلۇك پارقىرايتتى.

باقى ئىشلىرىنى كۆڭلىدىكىدەك پۈتتۈردى. ئۇ قانغا بويالغان خەنجەرنى تۈزۈكرەكمۇ سۈرتمەي غىلاپقا سالدى ـ دە، ئۆيگە ئوت يېقىۋېتىپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

باقى ئۆيگە كەلگەندە يۇرت بېگىنىڭ هويلىسىدا ئاسمان ـ پەلەك ئوت كۆيۈۋاتاتتى. باقى ئۆيگە كىرىپ ئانىسىنى ئاستا ئويغاتتى ۋە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. موماي ئوغلى بىلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇ كەتمىسە بولمايتتى. موماي خېلى يەرگىچە باقىنى ئۇزىتىپ ئاخىرى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغىنىچە ئوغلىغا ئاق يول تىلەپ تۇرۇپ قالدى. . .

تاغ باغرىلاپ ناتونۇش بىرەيلەننىڭ كېلىۋاتقانلىقى بىردەمدىلا ئاقساقالغا خەۋەر قىلىندى. ئاقساقال دەرهال يېنىغا يۇرت چوڭلىرىدىن بىرنەچچەيلەننى چاقىرتىپ كەلدى. يات بىر كىشىنىڭ بۇ زېمىنغا كىرگەنلىكى كىشىلەرنى هەم قىزىقتۇردى، هەم هەيران قالدۇردى. ئاقساقال يۇرت چوڭلىرى بىلەن قىلىشقان قىسقا مەسلىھەتتىن كېيىن ئۆزلىرى بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىشنى قارار قىلدى. كىشىلەر ئاقساقالنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ناتونۇش كىشى ئەتراپقا هەيرانلىق بىلەن تويماي قاراپ كېلىۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنى چاقنايتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بۇ بىر توپ كىشىلەرنى كۆرۈپ چىپپىدە توختىدى. ئاقساقال باشلىق كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ روبىرو تۇرۇشتى. ئاقساقال تولىمۇ ئېغىر بېسىق هالدا بۇ ناتونۇش كىشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ناتونۇش كىشىنىڭ كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، هالى ناهايىتى خاراب كۆرۈنەتتى.

— سىلەر. . .

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. كىشىلەر هەممىسى ئاقساقالنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئاقساقال ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

— كىمسەن، سېنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟

— ئېتىم باقى، مۇساپىرمەن.

— ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ ياكى يەنە باشقا هەمراهلىرىڭ بارمۇ؟

ئاقساقال باقىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدى. ئۇ باقىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

— ئۆزۈم يالغۇز، مېنىڭ پاناه جاي ئىزدەپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىمگە 20 نەچچە كۈن بولدى.

— بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭ؟

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، ئۆزۈمنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ تەۋەككۇل قىلىپ مېڭىۋەردىم. ئاخىرى بۇ تاغدا سىلەرگە يولۇقتۇم.

ئاقساقال باقىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇردى. ئاندىن ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشقا بۇيرۇدى. كىشىلەر بۇ ناتونۇش كىشىگە دەرهال يول بېرىشتى.

ئۇلار ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئەگىشىپ كەلگەنلەر سىرتتا قېلىشتى. ئاقساقال ئايالىغا دەرهال ياخشىراق تاماق ئېتىشنى بۇيرۇپ ئاندىن ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلاردىن بىرنەچچەيلەننى تاغقا چىقىپ باشقا يەنە ناتونۇش ئادەملەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تاماق يېيىلىپ بولغۇچە تاغقا چىقىپ كەتكەنلەرمۇ خاتىرجەم قايتىپ كەلدى. كەچتە ئاقساقال باقىنى ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ يۇرت چوڭلىرى بىلەن ياندىكى ئۆيدە مەسلىھەتكە ئولتۇردى.

ئۇلار شۇ كېچە ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى. قالغان ئىشلارنى باقى بىلەن تەپسىلىي پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن باقى ئاقساقال ۋە يۇرت چوڭلىرىغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ باقىنى بۇ زېمىندا ئېلىپ قېلىش ياكى كەتكۈزۈۋېتىش مەسىلىسىگە كەلگەندە هەممە بىردەك ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا قوشۇلدى. ئۇلار باقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈلپەتلىرىنى ئاڭلاپ يۇرت چوڭلىرىغا ئوخشاشلا هېسداشلىق قوزغالدى. لېكىن ئۇلار يەنە بۇ ناتونۇش باقىدىن ئازراق ئەنسىرەپمۇ تۇراتتى.

ئاقساقالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەرلەر تاغدىن ياغاچ كېسىپ كېلىپ باقىغا يېڭى ئۆي سېلىشقا باشلىدى. باقىمۇ بۇ ئىشقا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ياغاچ ئۆيى پۈتكەندە زېمىندىكىلەر باقىنىڭ زېرەك هەم چاققانلىقىدىن رازى بولۇپ قېلىشقانىدى.

باقىنىڭ ئۆيى پۈتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاق-

ساقال ئۇنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ چوڭ بىر ئىسكىلات ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىسكىلاتتىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن نېمە كېرەك بولسا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئۆزى ئېلىۋەرسە بولىدىغانلىقىنى، لېكىن نەرسىلەرنى ئاسراشنى جېكىلىدى. ئۇن، گۆش دېگەندەك يېمەكلىكلەرنىڭ تاغ باغرىدىكى تاش بىلەن توسۇپ قويۇلغان ئۆڭكۈردە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويدى. شۇ يىلى كۈزدە باقىمۇ بۇ يەردىكىلەر بىلەن بىللە ئورمىغا قاتناشتى. ھوسۇلنى بۆلگەندە ئاقساقال ئۇنىڭغىمۇ بىر كىشىلىك ھوسۇل بۆلۈپ بەردى. ئاشلىق يەتمەي قالسا ئۆڭكۈرگە بېرىپ ئالسا بولىدىغانلىقىنى، ئارتۇق بولسا ئۆڭكۈرگە قويۇپ قويۇشنى ئېيتتى.

ئارىدىن ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. باقى بۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنۈپ قالدى. كىشىلەر بىلەنمۇ ئېچىلىشىپ قالدى. بۇ يەردىكىلەرمۇ ئەمدى باقىدىن ئۇ يېڭى كەلگەن چاغلاردىكىدەك ئەنسىرەپ ئولتۇرمايتتى. ئاقساقالمۇ باقىدىن مەمنۇن بولۇپ قالدى.

باقى مۇشۇ كۈنلەردە تولا خىيال سۈرىدىغان، ئېتىز بېشىدا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئاقساقال ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى خېلى كۈنلەردىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى كەچتە باقىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە باقى ياغاچ سۇپىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ھالى بەكلا سولغۇن كۆرۈنەتتى.

— بېرىراق كېلىپ يېنىمدا ئولتۇر، — دېدى ئاقساقال ئۆزىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان باقىنى مېھرىبانلىق بىلەن يېنىغا چاقىرىپ، — ئېيتە، ساڭا نېمە بولدى، يېقىنىنىڭياقى بەك خىيالچان كۆرۈنىسەنغۇ؟

— مەن. . .

باقى ئاقساقالغا لاپپىدە قاراپ بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، يەنە سۆزدىن توختىۋالدى.

— ھە، خىجىل بولماي دەۋە، مەندىنمۇ تارتىنىپ ئولتۇرامسەن، دېسەم - دېمىسەم بىرسىگە كۆيۈپ قالغانسەن ھەقىچان. بۇنىڭ يوشۇرغۇدەك نېمىسى بار. يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. لېكىن سەن ئېغىز ئاچمىغاندىن كېيىن بىز تېخى. . .

— ئۇنداق ئەمەس ئاتا، — باقى ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، — مەن. . .

— ئوغۇل بالا دېگەن گەپنى پۈتۈن سۈرۈك قىلىدىغان، خوش، كىمنىڭ قىزىغا كۆز تاشلاپ قالدىڭ؟ ئەگەر ساڭا پارە بولغۇدەكلا بولسا يولىنى مېڭىپ ئۆزۈم ئۆيلەيمەنغۇ سېنى.

— ياق ئاتا، مەن توي قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم. مۇشۇنداق بويتاق ئۆتۈپ كەتسەممۇ مەيلى. لېكىن شۇ ئاتا - ئانامنى بىر كۆرۈۋالسام.

باقىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىللە تىترەپ چىققان سۆزلەر ئاقساقالنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ باقىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپتۇ - دە! ئاقساقال ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ باقىدەك سېغىنىش ئازابى دېگەننى تارتىپ باقمىغان. ئاقساقاللا ئەمەس بۇ زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداش - تۇغقانلىرىنى ئەسلىشەتتى - يۇ، بۇنى تەقدىردىن كۆرۈپ ئۆز كۆڭۈللىرىگە تەسەللى تاپاتتى. ئاقساقال باقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۈن - تىنسىز بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرىشنى ئېيتىپ باقىنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن باقى ئاقساقالنى ئىزدەپ باردى. ئۇ ئاقساقالنىڭ قوشۇلماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن ئاقساقال ئۇنىڭ بۇ زېمىندىن بىرئاي ئايرىلىشىغا رۇخسەت بەردى، ھەمدە ئىككى ئادەمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويدى. بۇ يالغۇز ئاقساقالنىڭلا ئەمەس، يۇرت چوڭلىرىنىڭمۇ پىكرى ئىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئۈچەيلەن قايتىپ كەلدى. باقىنىڭ ئانىسىمۇ بىللە كەلگەنىدى. باقىنىڭ دادىسى ئالدىنقى يىلى ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

باقى ئانىسىنى بۇ زېمىنغا ياندۇرۇپ كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ تويى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ قالدى.

# باقىنىڭ ئەقلى

باقى تاۋۇزلۇقتا خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم شۇنداق ئىجىلى تۇتتىكى، ھەتتا ئۇياتلىق يەرلىرىنىمۇ بىرنېمە بىلەن يېپىۋېلىشنى خالىمىدى.

گۇگۇم مەزگىلىدە تاۋۇزلۇقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى يولدا بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كىچىكلەر تاۋۇز يېگىلى كەپتۇ - دە، دەپ ئويلىدى باقى ۋە ئېرىق بويلاپ ئاستا مېڭىپ تاۋۇزلۇقنىڭ چېتىگە بېرىپ يېتىۋالدى. قىقاس - چۇقان بىلەن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كەلگەن بالىلار كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردىنلا توختاپ قېلىشتى. بالىلار دەسلەپ بوش تۇرغان كەپىگە قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قېلىشتى. كېيىن بىر - بىرىنى «سەن كىر، سەن كىر» دېيىشىپ تاۋۇزلۇققا قەدەم باستى. شۇ چاغدا ئېرىق ئىچىدىن قويۇق قارا ساقاللىق، تەمبەل كەلگەن يالىڭاچ بىر كىشى لۆڭگىدە چىقىپ كەلدى. بالىلار دەسلەپ باقىنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. كەينىدىنلا چىر - چىر تۇۋلىشىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. باقى بۇنى كۆرۈپ خېلى ئۇزۇنغىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بالىلار كەتكەندىن كېيىن باقى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇ بالىلار كەلگەندە ئورنىدىن قانداق تۇرۇشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ ئىشلارنى ئوڭايلا پۈتتۈردى. ئەمدى چوڭلارمۇ بۇ ئىشنى ئۇقسا تاۋۇزلۇققا ھەرگىز يولىمايتتى. باقى خېلىدىن كېيىن يىراقتىن بىرنەچچەيلەننىڭ ئۆزىگە ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئەمما ئۇ ئۇلارنى كۆرمىگەن بولۇپ ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك بولۇۋەردى.

-- باقى، نېمە سەتچىلىك بۇ، — باقى كەپە ئالدىدىكى چېچىلىپ ياتقان شاخ - شۇمبىلارنى تېرىۋاتاتتى. تۇساتتىن كەينىدىن ئاقساقالنىڭ نارازىلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، — كىشىلەر باقى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، تاۋۇزلۇقتا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ يۈرىدۇ دېسە نېمە گەپكىن دەپتىمەن.

باقى تەمتىرەپ قالدى. چىرايىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئاقساقالغا كەينىنى قىلىپ دوڭغىيىپ تۇرغان يالىڭاچ بەدىنى قاتۇرۇپ قويغاندەك خېلىغىچە ئۆرە بولالمىدى.

— ھوي راستلا ساراڭ بولدۇڭمۇ، گەپ قىلمايسەنغۇ؟

ئۇ ئۆلگۈدەك خىجىل بولۇپ كەتتى. ئاقساقالغا قانداق قارىشىنى، نېمە دېيىشىنى، بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.

— مەن. . . ئاقساقال. . .

— ماڭ، بېرىپ كىيىملىرىڭنى كىيىپ ئاندىن سۆزلە.

— يا. . . ق، ئاقساقال، بولمايدۇ.

— بولمايدىغان نېمىسى بار، نەچچە يىلدىن بېرى بىر ئۇبدان كىيىپ يۈرگەن كىيىملەرغۇ ئۇ، ماڭە!

— تاۋۇزلارنى. . .

باقى ئامالسىز كەپىگە كىرىپ كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيىشكە باشلىدى. ئاقساقال باقىغا نېرىدىن تاكى ئۇ تامبىلىنىڭ بېغىنى چىگىپ بولغۇچە قاراپ تۇردى.

— قېنى ئەمدى دېگىنە، كىيىملىرىڭنى نېمىشقا سېلىۋەتتىڭ، ساراڭ بولۇپ باقاي دېدىڭمۇ - يا؟!

— ياق، تاۋۇزلارنى ئورما كۈنىگىچە ئامان ساقلاي دەپ. . .

باقى ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئاقساقالغا ئېيتتى. ئاقساقال ئۇنىڭ ئويلاپ چىققان چارىسىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— خىجىل بولماستىن ھە، مۇشۇ ۋاقىتچە بىرەر قېرىندىشىمىزنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ساڭا ئوخشاش يالىڭاچ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ باقمايتىكەنمەن. بولدى، بېرىپ ئىشىڭنى قىل. ئەتىدىن باشلاپ بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ.

دېگەندەك ئەتىسىدىن باشلاپ تاۋۇزلۇققا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى چورتلا ئۈزۈلدى. دەسلەپ باقى بۇ ئىشتىن خۇشال بولدى. ھەر كۈنى كەچتە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن قىزىپ كېتىدىغان كەپە ئالدى بىردىنلا جىمىپ قېلىپ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى باقىنى خىيال باسىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدايتتى. بەزى چاغلاردا ئادەملەرنىڭ بۇرۇنقىدەك بۇ يەرگە كېلىشىنى تىلەپمۇ قالاتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىشلىر-

دىن خىجىل بولۇپ، قېرىنداشلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھوسۇل مەزگىلى يېتىپ كەلدى. بۇگۈن بۇ زېمىندىكى كىشىلەر ئاخىرقى ئورمىنى ئورۇپ ھوسۇل بۆلىدىغان كۈنى ئىدى. سەھەردىلا ئېگىزلىكنىڭ قاپ بېلىدىكى خامان ئۈچۈن راسلانغان كەڭرى سەيناغا بۇ زېمىندىكى 200 دەك ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك كىشىنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا خاماننىڭ يېنىغا يوغان ئىككى داش قازان ئېسىلدى. تازا سېمىز ئىككى توپاقنىڭ بېشى كېسىلىپ، قېنى ئېرىققا ئاققۇزۇلدى. گۆش داش قازانغا سېلىنىپ ئوت يېقىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئېتىزلىقتىكى تېخى تولۇق يىغىۋېلىنمىغان بۇغدايلارغا مېڭىشتى. قازان بېشىدا ئاقساقال بىلەن بىرنەچچە ئايال قالدى.

چۈشكە يېقىن باقى بىرەيلەننى باشلاپ كىشىلەر توپىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، تاۋۇزلۇققا بېرىپ تۈنۈگۈن كەچتە ئۈزۈپ تەييار قىلىپ قويغان تاۋۇزلارنى ئېلىپ كەلگىلى ماڭدى. ئۇ ئورما باشلانغان كۈندىن بۇيان ھەر كۈنى ئىككى قېتىم خامانغا تاۋۇز توشۇۋاتاتتى. بۈگۈن ئالدىنقى كۈنلەرگە قارىغاندا تاۋۇزنى جىقراق ئەكىلىش كېرەك ئىدى. باقى ئىككىيلەن تاۋۇزلارنى ئېلىپ كەلگەندە ھەممەيلەن خامان ئەتراپىغا يىغىلىپ بولغان، قازاندىكى گۆش پىشىپ مىلىقلاپ كەتكەنىدى.

ئاقساقال چوڭ - كىچىك ھەممەيلەنگە بىر قاچىدىن شورپا بۆلۈپ بىر پارچىدىن گۆش تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەممەيلەن مەززىلىك گۆشلەرنى چايناپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى ئاقساقالنىڭ كەينىدىكى كىچىك - كىچىك پارچىلانغان ئىككى كالىنىڭ تېرىسىدە قالغانىدى.

شۇنداق، ئۇلارنىڭ كۆزى شورپا دېگەنلەرگە تويۇپ كەتكەن. ھالبۇكى كالا تېرىسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى ئەتىۋارلىق نەرسە. كالا تېرىسىنى ئەيلەپ ئاياغقا چەم قىلىپ تىكىۋالسا بۇ زېمىنغا، بولۇپمۇ تاغ يوللىرىغا چىدىغۇدەك ياخشى ئاياغقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئاياغ ھەم ئىسسىق، ھەم يەڭگىل كېلىدۇ. بۇ زېمىندىكىلەر دائىم دېگۈدەك مال سويىدۇ. لېكىن كالىنى قويغا ئوخشاش ئۈنچىلىك كۆپ سويمايدۇ. شۇڭا بۈگۈن ئۇلار ئالدىدىكى گۆشلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئاقساقال ئاشۇ كالا تېرىسىدىن بىر پارچىلا بەرسە ھەممىگە كۇپايە قىلاتتى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاقساقال كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ كالا تېرىسىنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى. لېكىن تېرە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرگە يەتمەي قالدى. ئۇلار كالا تېرىسىنى بۆلىشىپ بولغاندىن كېيىن، خۇشال چاۋاك چېلىشىپ «بۇ يىل ئاشلىقىمىز يەنە ئوخشىدى» دەپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. كالا تېرىسى تەگمىدى دەپ بىرەرسىمۇ ئاقساقالدىن رەنجىپ قالمىدى. ئۇلار مۇشۇ كەمگىچە بىرەر نەرسىنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ باقمىغان، كىم قايسى نەرسىگە بەكرەك ئېھتىياجلىق بولسا ئاۋۋال ئۇنى شۇنىڭغا ئۆتۈنەتتى.

شۇ كۈنى ئۇلار تاغدىن ئېگىز دۆۋىلەنگەن بۇغدايلار ئارىسىدا تاكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكىچە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ بايرام قىلدى. ئاقساقال باشلىق بىرنەچچە قېرىمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مومايلىرى بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى.

خامانلارمۇ يىغىشتۇرۇلۇپ بولۇندى. كىشىلەر ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا بۇغدايلارنى بۆلۈشتى. ئاقساقال يەنە بىر قىسىم بۇغداينى تاغ باغرىدىكى ئامبارغا كىرگۈزۈۋەتتى. بەزى ئېھتىماللىق ئۈچۈن شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاقساقال مەمەتنى ئالدىغا چاقىرتتى. مەمەت 40 ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، مۇسكۇللىرى پارقىراپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك دارازا ئىدى. يول ماڭغاندا يەرگە گۈرس - گۈرس دەسسەپ كېتىۋېرەتتى. ئېتىز ئىشىدىن قولى بوشىغان ۋاقىتلاردا كۈنلىرى جىلغا ئۈستىدىكى تۈگمەندە ئۆتەتتى. ئۇ تۈگمەندە قوشنىسى توختىئاخۇن بىلەن بۇ زېمىندىكىلەرنىڭ بۇغدىيىنى ئۇن قىلىپ بېرەتتى.

— مەمەت ئەمدى توختەم بىلەن تۈگمەنگە بارغىن، — دېدى ئاقساقال ئۇنىڭغا گەپنى ئۇدۇللا ئېيتىپ، — قېرىنداشلار بۇغدايلىرىنى ئۇن قىلدۇۋالسۇن. قىشقا سوزۇلسا جاپاغا قالىمىز.

— مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ تۈگمەنگە چىقايمىكىن دەپ ئولتۇراتتىم، ئويلاپ باقسام ھەقىقەتەن

ئالدىراپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز، سۇ مۇز تۇتۇپ
كەتسە تۈگمەن ماڭمايدۇ.
مەمەت ئاقساقالنىڭ يېنىدىن چىقىپ توختەم
بىلەن تۈگمەندىكى ئىشلارنى كېلىشىۋالدى. ئۇلار
بۇرۇنقىدەكلا كۈندۈزى بىرلىكتە تۈگمەندە بولى-
دىغان، كېچىلىرى نۆۋەت بىلەن تۈگمەندە ياتىدى-
غان بولدى.
سەھەر، تاغ باغرىدىكى ئوت - چۆپلەر سال-
قىن شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى. مەمەت بىلەن
توختەم ئەتىگەندىلا ئاتلىرىنى جابدۇپ دۆڭگە ئات
سالدى. مەمەت تۈگمەننىڭ ئىشكىنى ئېچىپ
خېلىدىن بېرى قاراقسىز قالغان بۇ يەرنى توختەم
بىلەن پاكىز تازىلىدى. ئاندىن تۈگمەندىن بەش
قەدەم نېرىدىكى قىيا تاشلارنىڭ ئۇ بېقىنىدىكى
ئېقىنغا بېرىپ قاراپ باقتى. جەنۇبتىكى چوققى-
لاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇ يىغىلىپ بۇ زېمىننى
شەرق تەرەپتىن ئوراپ تۇرغان جىلغا ئىچىگە قا-
راپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. تۈگمەندىن ئېقىن بويى-
لاپ 20 نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلۇغ
سۇنىڭ جىلغىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا بارغىلى بولات-
تى. سۇ شۇ يەردە نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇق-
تىكى جىلغا ئىچىگە چوڭ بىر شارقىراتما ھاسىل
قىلىپ دەھشەت بىلەن قۇيۇلاتتى. مەمەت شارقى-
راتما تۆۋەنگە بارمىدى. ئەكسىچە تۈگمەننىڭ غەر-
بىدىكى قىيا تاشلارنىڭ تۆۋەنگە كېلىپ توختىدى.
بۇ قىيانىڭ تۆۋىمۇ زېمىننى ئوراپ تۇرغان تاغلار
بىلەن قارشىدىكى تاغلارنى غەرب تەرەپتىن ئايرىپ
تۇرىدىغان تىك ھەم نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇق-
تىكى كەڭ بىر جىلغا ئىدى. ئىلگىرى ئېقىندىكى
سۇ بۇ زېمىننى ئوراپ تۇرغان تاغلاردىن شەرق
ۋە غەرب تەرەپتىن تەبىئىي چوڭ توساق ھاسىل
قىلىپ باشقا تاغلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇشۇ
ئىككى جىلغىغا تەڭ بۆلۈنۈپ قۇيۇلاتتى. بۇ يەرگە
تۈگمەن قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ زېمىندىكىلەر
غەرب تەرەپتىكى جىلغىغا قۇيۇلىدىغان سۇنى بۇ-
لۇپ تۈگمەن يېنىدىن ئەگىلىپ ئېقىپ شەرقىي
جىلغىغا قۇيۇلىدىغان ئۇلۇغ ئېقىننى ھاسىل قىل-
دى. چاقپەلەك ئەنە شۇ شەرقىي جىلغىغا قۇيۇل-
دىغان سۇدىن ئايرىلىپ ئاقىدىغان بىر كىچىك
ئۆستەڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. ئۇلار تۈگمەننى
ماڭغۇزمىغاندا چاقپەلەكنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان
سۇنى يۇقىرىدىن يوغان تاش بىلەن بوغۇۋېتەتتى.
مەمەت بىلەن توختەم ئۆستەڭگە قۇيۇلىدىغان سۇ-
نى ئازراق ئېچىپ قويدى. ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ
زېمىندىكىلەر بۇغدايلارنى تۈگمەنگە توشۇغىلى
تۇردى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالدىراش
پەيتلىرى ئىدى.

## ئاقساقالنىڭ نەۋرىسى

سىرتقا چىقىپ كىرگىلى ئىككى كۈن بولغان
سۇلتانخوجا كەچقۇرۇن تاغدىن ئاتلىق چۈشۈپ
كېلىۋېتىپ ئاقساقالنىڭ نەۋرىسى دوستى پەرھاتقا
تاغ سىرتىدىن ئاجايىپ بىرنەرسىنى ئېلىپ كەل-
گەنلىكىنى ئېيتتى.
— قانداق نەرسىكەن ئۇ، — دېدى پەرھات
دەرھال ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، — سېنى ئۇ-
زۇن تىنغلىق پىچاقتىنمۇ بەكرەك قىزىقتۇرۇۋال-
غان؟
— ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگەن يايمىچىدىن
نېمىلىكىنى سورىسام، بۇ دېگەن كىتاب، ئوقۇ-
ساڭ جاھان ئىشلىرىنى چۈشىنىسەن، ئىلىمىڭ
كامال بولىدۇ دېگەنىدى. كىتابتىكى يىلان ئۆمى-
لەپ ماڭغان يولدەك يول - يول سىزىلغان ئەگرى
- بۈگرى سىزىقلارغا قاراپ ھېچنېمىنى چۈشىنەل-
مىدىم.
— جاھاندا تېخى شۇنداقمۇ نەرسە بارمىكەن،
يۈره كۆرۈپ باقايلى.
ئۇلار سۇلتانخوجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. پەر-
ھات سۇلتانخوجا ئەكەلگەن سامان قەغەزلىك كى-
تابنى كۆرۈپ خېلى ۋاراقلاپمۇ ھېچنېمىنى چۈ-
شىنەلمىدى.
— كىتاب دەيسەن، يۈزىگە رەڭ بىلەن قالاي-
مىقان جىجاپ قويغىنى نېمىسى، ھېچ بىلمىدىم
بۇنىڭ خاسىيىتىنى.
— مەنمۇ شۇنى ئۇقالمىدىم. لېكىن يايمى-
چىدىن سوراي دېسەم بەزى ئىشلارنى ئويلاپ ھەم
خىجىل بولۇپ سورىيالمىدىم. بۇ سىزىقلارنى
«خەت» دەيدىكەن.
— توختا، بۇۋام بىلەمدىكىن.
— ئاقساقالنىڭ بىلمەيدىغان نېمىسى يوق،
چوقۇم بىلىدۇ.
پەرھات كىتابنى كۆتۈرۈپ ئاقساقالنىڭ يې-
نىغا كىرگىنىدە، ئاقساقال ئەمدىلا مەسچىتتىن

پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ يېنىپ كىرگەنىدى.

— بوۋا بۇ نېمە؟

پەرھات قولىدىكى كىتابنى ئاقساقالغا كۆرسىتىپ سورىدى. ئاقساقال نەۋرىسىنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن خېلى ئۇزاق جىمىپ كەتتى. پەرھات بوۋىسىنىمۇ خىيالغا سېلىپ قويغان بۇ كىتابقا قاراپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە تېخىمۇ قىزىقتى. ئاقساقال خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— بۇ كىتاب، بالام.

— ئۇنداقتا بۇنىڭدا نېمىلەر دېيىلىپتۇ؟

— بۇلارنى مەنمۇ بىلمەيمەن، كىچىك چېغىمدا رەھمەتلىك چوڭ بوۋام بىلەن تاغ سىرتىغا چىقىپ مەنمۇ مۇشۇنداق بىر كىتابنى كۆرگەن. ئەپسۇس بىز بۇ يەردىكىلەر خەت بىلمەيمىز.

— چوڭ بوۋاممۇ بىلمەمدىكەنتۇق؟

— بىلمەيدىكەن، بۇنى تاغ سىرتىدىكى ئۆلىمالار بىلىدۇ. ئۆلىمالار پۈتۈنلەي مۇشۇنداق نەرسىلەر بىلەن كىشىلەرگە ئىلىمدىن تەلىم بېرىدىكەن. سەن بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟

— ئالدىنقى كۈنى سۇلتانخوجا تاغ سىرتىغا چىققاندا ئېلىپ كەلگەنىكەن.

ئاقساقال نەۋرىسىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. پەرھات ئاقساقال ئېلىپ قالغان كىتابقا قىيمىغان ھالدا ئۆيدىن چىقتى. ئاقساقال شۇ كېچىنى قولىدىكى كىتابقا قاراپ نەۋرىسى پەرھاتقا ئوخشاش كىرپىك قاقماي خىيال بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى.

— بوۋا، — دېدى ئەتىسى ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن پەرھات ئاقساقالنىڭ يېنىغا كىرىپ، — مەن ئۆلىمالارنى ئىزدەپ بۇ كىتابنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— بولمايدۇ!

ئاقساقالنىڭ قاپاقلىرى شۇ ھامان تۈرۈلدى.

— نېمىشقا؟

— بولمايدۇ دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ، — ئاقساقالنىڭ تېخى نۇرلىرى كەتمىگەن كۆزلىرى بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان نەۋرىسىگە مىختەك قادالغانىدى. ئۇ شۇنداق تىكىلىپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — سىرتتىكىلەر بۇ يەرنى بىلىپ قالسا بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تولىمۇ بوش چىقتى.

— مەن... مەن قەسەم قىلاي بوۋا، ئويلىشىپ بېقىڭ، مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا مۇساپىر دەيمەن.

— بۇ ئويلىشىپ باقىدىغان ئىش ئەمەس.

پەرھات بوۋىسىنىڭ بۇ ئىشقا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— بوپتۇ بارمىسام بارماي، كەچۈرۈڭ، سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم بوۋا، ئەمدى بۇ ئىشنى ھەرگىز تىلغا ئالمايمەن.

پەرھات ئاستا مېڭىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاقساقال نەۋرىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك بىر تىنىدى - دە، كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ كۆچلۈك قوللىرى تىترەۋاتاتتى. قەلبى قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئاچچىق ئەلەمگە تولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاقساقالنىڭ كېلىنى ئالاقزادە بولغان ھالدا ئاقساقالنىڭ يېنىغا كىرىپ پەرھاتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بىچارە ئانىنىڭ پەرھاتنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغانىدى.

— ياش بالا، ئوۋغا چىقىپ كەتكەندۇ؟

ئاقساقال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى چاندۇرماي ئانىغا تەسەللى بەردى.

— سىلىمۇ بىلىلا، ئۇ ئوۋغا چىقسا ماڭا ئېيتماي چىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز بارمايتتى.

— مەن دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدىتەي.

— دادىسى ئىككىيلەننى باشلاپ ئاتلىق چىقىپ كەتتى.

— ئەمىسە خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار چوقۇم تېپىپ كېلىدۇ.

ئاقساقال كېلىنىگە تەسەللى بەرگەچ تالاغا ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇ ياغاچ سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەھمەتلىك دادىسى بىلەن تاغ سىرتىغا چىقىپ كىتابنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى ئىشلار كەلدى.

شۇ ۋاقىتلاردا ئاقساقال نەۋرىسى پەرھاتتەك چاغلىرى ئىدى. ئۇمۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن دادىسىغا تەلەپ قويدى ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن

نۇرغۇن ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن دادىسى زادىلا قوشۇلمىدى. ئۇمۇ قاتتىق تەرسالىق قىلىپ تۇرىۋالدى. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە نەچچە ھەپتە قامىلىپ بۇ خىيالدىن ۋاز كېچىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. لېكىن نەۋرىسى پەرھات ئۇنىڭغا ئوخشاش يول تۇتمىدى.

— ئۇ چوقۇم ھەممىنى ئالدىن ئويلىشىۋالغان گەپ. ئۇ مەندىنمۇ ئەقىللىق ھەم غەيرەتلىك ئىكەن. ئۇ چوقۇم بۇ زېمىننى باشقىلارغا ئاشكارىلىمايدۇ.

## زېمىننىڭ نالىسى

پەرھات شۇ يوقاپ كەتكەنچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. سىرتقا چىققانلار ھەر خىل خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى - يۇ، لېكىن زادىلا پەرھاتنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلمىدى.

بىر كۈنى سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەر باي - غوجاملار توغرۇلۇق يېڭى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، سىرتتىكى باي - غوجاملار ئىككى خىلغا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. «باي ئاكا» دېيىلىدىغانلىرى يەنىلا بۇرۇنقى باي - غوجاملار ئىكەن، «غوجام» دېيىلىدىغانلىرى ئوخشاش بىر خىل فورما كىيگەن، قوللىرىغا قامچا ياكى «مىلتىق» دېيىشىدىغان كۆسەيگە ئوخشاش بىرنېمىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەر ئىكەن. بۇ ئوخشاش فورما كىيگەن غوجاملارنىڭ تەلەتى بەك يامان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن ئۆلگۈدەك قورقۇشىدىكەن. سىرتقا چىقىپ كىرگەنلەر يەنە مىلتىق توغرۇلۇق ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى ئاجايىپ قىزىقارلىق ھەم سۈرلۈك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئىككى ئېتىنى شۇ غوجاملار تارتىۋالغانىدى.

— ھەي، سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسلىشىپتۇ - دە، — دېدى ئاقساقال سىرتقا چىققانلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىر خۇرسىنىپ، — نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارمۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز - دە!

شۇ كۈنلەردە بۇ زېمىنغا قىرو پەسلى يېتىپ كەلدى. زېمىندىكى ھەممەيلەن چۈمۈلىلەردەك تىنجىپ، خاتىرجەم يەنە بىر باھارنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ قىشنى ئىلگىرىكىدەك بىخارامان ئۆتكۈزگەنمۇ بولار ئىدى. لېكىن كىشىلەر ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان تۇيۇقسىز بىر ۋەقەدىن كېيىن بۇ زېمىندىكى خاتىرجەملىك بۇزۇلۇپ، تاغلار ئۆز قوچىقىدا پەپىلەپ تۇرغان بوۋاقنىڭ قىقاسى پەلەككە يەتتى.

باقى ساۋۇتنىڭ ئۆيىدىن ناھايىتى كەچ يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن نەۋرىسى ساۋۇتنىڭ ئۆيىدە ئۇخلاپ قالغاچقا، ئۇ بالىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ قاتار سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەرنى ياقىلاپ مېڭىپ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ كېچە ئۇيقۇ ئۇنىڭغا ھارام بولدى. ئۇ ياش چاغلىرىدا خان چېرىكلىرىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش كىيىم كىيىپ يۈرەتتى. بۇ قېتىم ساۋۇتلار سىرتقا چىقىپ ئاشۇ خان چېرىكلىرىنى كۆرگەنلىكى ئېنىق. لېكىن ئىلگىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بۇ چېرىكلەرنىڭ ھازىر كوچا - كوچىلاردا مىغىلداپ يۈرۈشكىنى نېمىسى؟ چوقۇم سىرتتا بىر ئىش يۈز بەردى. خۇدايىم ئۇلارنىڭ قارا قولىدىن بۇ زېمىننى ئامان قىلغايسەن.

سەھەرگە يېقىن ئۈگدەك بېسىپ قالغان باقى بامداتقا قوپالماي قالغىلى تاس قالدى. ئۇ ئىۋرىقتىكى ھېلىلا ئىللىتىلغان سۇنى ئېلىپ تاھارەت ئالغىلى سىرتقا چىقىۋىدى، تۇگمەن جايلاشقان دۆڭنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تۆپىلىكتىن «پاڭ - پۇڭ!» قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. كەينىدىنلا تۆپىلىك ئۈستىدە لاۋۇلداپ يانغان مەشئەل كۆرۈندى. ئوت يورۇقى قالايمىقان ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى بىلەن تەڭ بۇ زېمىننى يۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەجدىھادەك تۆپىلىكنى يانباغىرلاپ ئاستا - ئاستا بۇ يەرگە قاراپ سىلجىپ كېلىۋاتاتتى. باقى ئىۋرىقنى يەرگە تاشلىدى - دە، ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە چاپتى. ئۇ ئاقساقالنى چاقىرىپ چىققىنىدا ھەممە ئۆيلەردىكى جىن چىراغلار پىلىلداپ يېنىپ، ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلىپ كىشىلەر بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىشقا باشلىغانىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

كالتە جۇۋىنى يېپىنچاقلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرگەن ساۋۇت ئاقساقال بىلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقان باقىدىن سورىدى.

— بىر توپ كىشىلەر بۇ يەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، كۆرمىدىڭمۇ؟

— كۆردۈم، بىراق ئۇلار كىم زادى؟

بۇ چاغدا مەشئەل كۆتەرگەنلەرمۇ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ قالغانىدى. ئوت يورۇقىدا ئۇلار ئەمدى بۇ زېمىندىكىلەرگە ئېنىق كۆرۈنۈشكە بالىدى.

— ھېلىقى ئوخشاش كىيىملىك غوجاملاركەن!

ساۋۇت تويۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ئاقساقالنىڭ كەينىدىن شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋازى بىردىنلا بېسىقتى. ئوخشاش فورمىلىق غوجاملارمۇ ئوق ئېتىشتىن توختىدى. ئاقساقال ساۋۇتقا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئوخشاش فورمىلىق غوجاملار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار 30 چە ئادەم بولۇپ، مىلتىقلىرىنى بۇ زېمىندىكىلەرگە تەكشى تەڭلەپ تۇراتتى. باقى بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىلگىرى كۆرگەن خان چېرىكلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئاقساقالغا بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئاقساقالنىڭ چىرايىغا قاراپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلىرىنى يۇتۇۋەتتى. زېمىندىكى 100 گە يېقىن ئەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىپ بولدى.

— سىلەر كىم؟

ئاقساقالنىڭ ئاۋازى بۇ تىمتاس سەھەردە جاراڭلاپ كەتتى. ھېلىقىلار ئارىسىدا ئۆزئارا كۇسۇرلاشقان، يۆتەلگەن، كەينىدىنلا ئۈنلۈك سۆزلەشكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. لېكىن بۇ زېمىندىكىلەر ئۇلارنىڭ بىر ئېغىزمۇ گېپىنى چۈشىنەلمىدى. خېلىدىن كېيىن ھېلىقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىككىيلەن بىرھازا كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن بىرسى ئاقساقالدىن سورىدى:

— قورقماڭلار، بىز ھۆكۈمەت ئارمىيىسى، سىلەر كىم، بۇ تاغ ئارىسىدا نېمە قىلىسىلەر؟

ئاقساقال چىراي - تۇرقى ھېلىقىلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ كىشىگە قاراپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى.

— ھۆكۈمەت ئارمىيىسى، ھۆكۈمەت ئارمىيىسى نېمە قىلىدىغان ئادەم؟

— مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز بوۋاي.

— سىز ماڭا جاۋاب بېرىڭ. بۇيەرگە نېمە دەپ كەلدىڭلار؟

— ئوغرىلارنى تۇتقىلى، سىلەر مۇشۇ يەرلىكمۇ؟

— ئوغرى؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ئوغرى يوق، سىلەر خاتا كېلىپ قاپسىلەر.

ھېلىقى ئىككىيلەن يەنە كالدىرلىشىپ كەتتى. ئەتىگەندىن بېرى بۇ زېمىندىكىلەرگە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ھېلىقى ئاۋاق، سۆرۈن تەلەت فورمىلىق غوجامنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئۆڭۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاقساقالغا نېمىدۇر بىرنېمە دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ چىڭقىلىپ دېگەن گەپلىرىدىن ئاقساقال يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى.

— بۇ يەردە سىلەردىن باشقا يەنە ئادەملەر بارمۇ؟— سۆرۈن تەلەتنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى كىشى يەنە ئاقساقالدىن سورىدى.

— ئۆيدە خوتۇن - باللار بار.

— ھەممىڭلار ئاۋۇ كەڭ مەيدانغا يىغىلىڭلار. ئۆيدە بىرمۇ ئادەمنىڭ قېلىشىغا رۇخسەت يوق. بىز بۇ يەرنى ئاختۇرىمىز.

— ئۇنداق قىلىشقا ھەددىڭلار يوق!

تۇيۇقسىز توپنىڭ ئارىسىدىن گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاقساقال كەينىگە قارىمايلا بۇنىڭ تۈگمەن ھەيدەيدىغان مەمەتنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ شۇنداق دەپ ۋارقىراپ گۈرس - گۈرس دەسسىگىنىچە توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاقساقالغا ياندىشىپ تۇردى. باياتىن بېرى قورال تۇتقان فورمىلىق غوجاملار ئۆزلىرى ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئۆسكەن ئېگىز بويى، ئۇستىخانلىق گەۋدىسى ۋە تولغان مۇسكۇللىرىغا قاراپ سەل تەپ تارتىپ قېلىشقانىدى. مانا ئەمدى بوي تۇرقى بۇلاردىن تېخىمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، دېۋىدەك يوغان مەمەت قاپاقلىرىنى ئەتىگەنكى ھاۋادەكلا ئۈششۈتۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا لوڭڭىدىلا پەيدا بولۇۋىدى، ھېلىقىلار گويا ئۆزلىرىنى تېخىمۇ يىگىلەپ، كىچىكلەپ كەتكەندەك ھېس قىلىشىپ قالدى. مەمەتنىڭ ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا توساتتىن چىقىپ كېلىشى ئۇلارنى ھەقىقەتەن ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى. بىرنەچچە مىلتىق شاراق - شۇرۇق قىلىپ تەڭلا ئۇنىڭغا تەڭلەندى. ئاقساقال مەمەتنىڭ قو-

لىنى تۇتۇپ سىقىپ قويدى.

— نېمە ئىش بولسا ماڭا دەڭلار.

— بولمايدۇ، دەرھال يىغىلىڭلار. بۇ باشلىقنىڭ بۇيرۇقى.

ئاقساقالنىڭ كەينىدە تۇرغان كىشىلەر توپى تەۋرەپ كەتتى. كەينىدىنلا كىمدۇر بىرلىرى ۋارقىراشقا باشلىدى.

— قانداق دېگەن زوراۋانلىق بۇ!

— يوقىلىش!

ھېلىقىلار ئالدىغا قارا كەلكۈن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك بۇ مەنزىرە ۋە شاۋقۇن - سۈرەننى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قېلىشتى. توپنىڭ ئالدىدا تىلماچ بىلەن بىللە تۇرغان «غوجام» لارنىڭ باشلىقى ئالدىراشچىلىقتا يان قورالىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. ئاقساقال قولىنى كۆتۈرۈپ كەينىدە تۇرغان كىشىلەرنى تىنچ بولۇشقا ئىشارە قىلدى.

— سىلەر بۇ يەردىن كېتىڭلار.

— دەرھال يىغىلىڭلار. بۇ بۇيرۇق، بىز ئاختۇرىمىز.

— بۇ يەردە ئوغرى يوق، بىكار ئاۋارە بولىسىلەر.

— ئۇ ناكەس قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇشۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەنمىز. ياخشىسى گەپ ئاڭلاپ يىغىلىڭلار. بولمىسا ھەممىڭلارنى ئېتىپ تاشلايمىز.

ئاقساقالنىڭ كەينىدە تۇرغان كىشىلەر توپى يەنە تەۋرەپ كەتتى. ھېلىقىلارنىڭ باشلىقى يان قورالىنى شارتلا قىلىپ ئاقساقالنىڭ چېكىسىگە توغرىلاپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى.

— دەرھال يىغىلىڭلار. بولمىسا ئاۋۋال سېنى ئاتىمەن.

ئاقساقال ئۇنىڭ گەپلىرى تۇگە - تۇگمەي ئالدىغا تۆگىدەك بىر چامدىدى.

— قېنى ئاتە، سىلەرنىڭ بۇ زېمىنغا قارا ئايىغىڭلار بىلەن كىرىپ كىشىلىرىمىزنى خارلىشىڭلارغا رۇخسەت يوق!

— قېنى، ئاۋۋال مېنى ئاتە!

ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان مەمەت بىر تاقلاپلا ئالدىغا چىقتى - دە، ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ باشلىق تەڭلەپ تۇرغان قورالنىڭ ئاغزىنى ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە توغرىلىدى. توپ ئىچى ئاچچىق ۋارقىراش ۋە زەردىلىك تىللار بىلەن ئالدىغا سىلجىپ كەتتى. «پاڭ! » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مەمەت كەينىگە بىر قەدەم سەنتۈرۈلدى. باشلىق ئاتقان ئوق ئۇنىڭ مەيدىسىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. كەينىدىنلا «تا. . . تات! » لاپ ئېتىلغان ئوقلار ئىچىدە ئالدى بىلەن مەمەت، كەينىدىن فورمىلىق غوجاملارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ چىققان بىرنەچچەيلەن يەرگە ئېغىر يىقىلىپ، بىر ئاز جان تالاشتى - دە، جىمىپ قالدى. زېمىندىكىلەر تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن ھاڭ - تاڭ بولۇپلا قالدى. باقى باشلىق بىرنەچچەيلەن توپنىڭ ئالدىدا قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەرگە ئېڭىشتى. كەينىدىنلا كىشىلەر توپى قورقۇنچلۇق بىر چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قوپقاندەك ھەممەيلەن ھېلىقىلارغا قاراپ ئېتىلدى.

تا. . . تا. . . تات! يەنە بىرنەچچەيلەننىڭ ئېغىر گەۋدىسى كېسىلگەن قارىغايدەك يەرگە غۇلاپ چۈشتى. ئاقساقال ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ زېمىندىكىلەرنى دەرھال توختىتىۋالدى.

— توختاڭلار! — دېدى ئاقساقال زېمىندىكىلەرگە ئىندا قىلىپ، — ئۆزىمىزنى ھارام ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيلى.

غەزەپ بىلەن تەۋرەپ تۇرغان كىشىلەر توختاپ قالدى. ئۇن نەچچە كىشى يەردە ياتقان جەسەتلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. قالغانلار ئاقساقالنىڭ تېززەك بىرنېمە دېيىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇشتى.

قۇياش شەرقىي تاغلارنىڭ چوققىلىرىنى قىزارتىپ ئاستا - ئاستا زېمىننى قىزدۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەر توپى ھېلىھەم ئاچچىق تىترەپ ئاقساقالغا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارغا ھايات ۋە مامات — بىگۇناھ يەرگە غۇلاپ چۈشكەن ئاشۇ قېرىنداشلىرى ۋە ئانا زېمىننىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن پەقەت بىرلا ئۇقۇمغا يەنى ئالدىدىكى بۇ بىر توپ يات زوراۋانلارنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىشقا مۇجەسسەملىنىپ قارا كۈچلىرى تومۇرلىرىدا لەڭ ئۇرۇشقا باشلىدى.

— بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلمىدىغان گەپ ئىدى، — دېدى تىلماچ خېلىدىن كېيىن كۆرەڭلىك بىلەن توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— سىلەر بىزنى نېمە قىلىل دېمەكچى؟ — ئاقساقالنىڭ نەزەرى يەنىلا يەردىكى جەسەتلەردە ئىدى.

— ھەممىڭلار ئەنە ئاۋۇ مەيدانغا يىغىلىڭلار. ئۆيدە بىرمۇ ئادەمنىڭ قېلىشىغا رۇخسەت يوق.

ئاقساقال ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىلماچقا غەزەپلىك تىكىلدى. ئۇ شۇ تەرىزدە خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن زېمىندىكىلەرگە يىغىم مەزگىلىدە خامان قىلىنغان جايغا يىغىلىشنى ئېيتتى.

زېمىندىكى ئەر - ئايال، قېرى - چۆرىلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا يىغىلدى. ھېلىقىلار ئۆيلەرنى خېلى ۋاقىتقىچە ئاختۇرۇپ تىنتىپ چىقتى. لېكىن قۇرۇق ئاۋارە بولۇشتى. فورمىلىقلار ئەمدى بۇ يەرگە خېلىلا كۆنۈۋېلىشقانىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغان قورساقلىرىنىمۇ چىڭقالغۇدەك تويدۇرۇۋېلىشتى.

— ھەجەپ بەلەن جايكەن بۇ، — دېدى فورمىلىقلارنىڭ باشلىقى ياپپېشىل تاغلار ۋە مۇنبەت زېمىندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي ئاقساقالغا، — بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭلارغا نەچچىلىك بولدى؟

— بىز ئەزەلدىن مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن.

— ئۇنداقتا ياخشى، بۇ يەرگە راستلا بىز دېگەن قاچقۇنلار كېلىپ باقمىدىمۇ؟

— ياق، بۇ يەرگە يات كىشىلەردىن تۇنجى بولۇپ سىلەرنىڭ قارا ئايىغىڭلار تەگدى.

— سەن ئەتە ئەتىگەندە بىزگە يول باشلاپ بۇ تاغلاردىن چىقىرىپ قوي. يەنە ئاۋۇ ئاتلىرىڭمۇ بىزگە كېرەك.

— بولمايدۇ، ئۆزۈڭلار چىقىپ كېتىڭلار، ئاتلار بىزگىمۇ كېرەك.

— سېنىڭ باش تارتىدىغانغا ھەددىڭ ئەمەس!

كېچە ئاقساقال ھېلىقىلارنىڭ ئارىسىدا تۈنەپ چىقتى، كېچىسى قول سېلىشنى ئويلىغان زېمىندىكى ئەرلەر ئاقساقالغا بىرمۇ خەۋەر يەتكۈزەلمىدى. ئەتىسى ئۇلار نەسرەپ بۇ نىيىتىدىن يېنىشتى. ئىككى قاراۋۇل نۆۋەت بىلەن ئاقساقالنى نازارەت قىلىشۋاتاتتى. ئەتىگەندە ئاقساقال ئۇلارنى بۇ زېمىندىن چىقىرىپ قويۇشقا يەنىلا قوشۇلمىدى. ئاقساقالنىڭلا ئەمەس، بۇ زېمىندىكى ھەممەيلەننىڭ ئۇلارنى بۇ زېمىندىن چىقىرىپ قويۇش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار بۇ بىر توپ قانخورلارنىڭ تاغ ئارىسىدا ئېزىقىپ يۈرۈپ ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى.

— ئەگەر بىزنى بۇ يەردىن چىقىرىپ قويىدىغان ئادەم بولمىسا مەن بۇنى ئېتىپ تاشلايمەن. ئاندىن ھەممىڭلارنى. . .

«غوجام» لارنىڭ باشلىقى سەت چىرقىراپ كەتتى. زېمىندىكى كىشىلەر توپى يەنىلا ئاقساقالغا قارىغىنىچە ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇشاتتى. «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاقساقالنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ يەنە تېزلا ئەسلىگە قايتتى. كىشىلەر توپى قىقاس - سۈرەن سېلىشىپ تەۋرەپ كەتتى. «غوجام» لارنىڭ باشلىقى ئاتقان ئوق ئاقساقالنىڭ پۇتىغا تەگكەنىدى.

— بىزنى تاغدىن چىقىرىپ قويۇشمىساڭ ئۇنى مۇشۇنداق كۆزۈڭلارچىلا قىيناپ ئۆلتۈرىمەن.

— توختا!

توپ ئىچىدىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ باقى ئىدى. ھەممەيلەننىڭ نەزەرى ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ چوڭ - چوڭ چامداپ «غوجام» لارنىڭ باشلىقى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مەن سىلەرنى بۇ تاغدىن چىقىرىپ قوياي، تاغ يولىنى ئۇلارغا قارىغاندا مەن ئوبدان بىلىمەن.

— باقى. . . !

ئاقساقال ۋارقىراۋەتتى. كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئۇنى ھاقارەتلىگەن، ئەيىبلىگەن سادالار ياڭرىدى.

— بېشىڭنى سىلاپ قېرىنداشىمىز دېگەن مېھرىبانلىقىمىزغا ئاخىرى قايتۇرغان جاۋابىڭ مۇشۇ بولدىمۇ!

باقى ئاۋۋال ئاقساقالغا، ئاندىن زېمىندىكىلەرگە قاراپ قويدى.

— يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن «غوجام» لارنىڭ باشلىقىغا قاراپ.

باشلىق ئۇنىڭ تەلىپىگە بېشىنى لىڭشىتتى. باقى كەينىگە يېنىپ كىشىلەر توپى ئارىسىغا كەلدى. ئۇنى باشلىقنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئىككى

فورمىلىق «غوجام» قوراللىرىنى چىڭ سىقىمداشىپ قوغداپ كەلدى. باقى ئۇدۇل سۇلتانخوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سۇلتانخوجىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك يەنە بىر نەچچە ياش ۋە توختەم تۇراتتى. باقى ئاۋۋال سۇلتانخوجىغا قارىدى، ئاندىن نەزەرىنى توختەمگە يۆتكەپ دېدى:

— مەن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال سىلەردىن بىر ئىشنى ئۆتۈنىمەن.

— باقى ئاكا، ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

سۇلتانخوجىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ ھېلىمۇ باقىنى بۇ يولدىن توسىماقچى ئىدى.

— ئۇلار قېرىنداشلىرىمىزدىن نەچچىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدىغۇ؟

— سىلەر گېپىمنى ئاڭلاڭلار، — دېدى باقى كۆزلىرىنى ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا تىكىپ، — كۈن قىبلە تەرەپتىكى جىلغىغا تىك چۈشكەندە، تۈگمەننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېقىنغا بېرىپ شۇ جىلغا تەرەپنى توسۇپ تۇرغان قىيا تاشلارنى ئېلىۋېتىڭلار. ئامال قىلىپ يەنە ئېقىننىڭ تۈگمەن بويلاپ ماڭىدىغان قىسمىنى توسىۋېتىڭلار. سۇ ئاشۇ جىلغىغا پۈتۈنلەي چۈشسۇن.

— باقى ئاكا، — سۇلتانخوجا بىردىنلا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، — ئۇنداق قىلماڭ، ئۆلۈپ كېتىسىز.

— مەمەت بىلەن باشقا قېرىنداشلىرىمىز ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئەمدى ئاتامدەك كۆيۈنگەن ئاقساقالنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن. بولدى، شۇنداق بولسۇن. مەن دېگەندەك قىلىڭلار.

باقى گېپىنى كەسكىنلىك بىلەن شۇ يەردە ئۈزدى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. توختەم كۆزىگە ياش ئېلىپ «باقى» دەپ نىدا قىلغىنىدا، ئۇ ئاللىقاچان غوجاملارنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغانىدى.

باقى ھېلىقىلارنى باشلاپ غەرب تەرەپتىكى دۆڭلۈككە قاراپ مېڭىپ كەتتى. زېمىندىكىلەر كۆزىنى بىخارامان كېتىپ بارغان باقىدىن ئۈزەلمەي قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى كىچىكلەپ كۆرۈنۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا پەقەت باقىلا كۆرۈنەتتى ھەم يىراقلاشقانسېرى يوغىناپ بىر گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. گىگانت ئادەم دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاخىرى كۆزدىن غايىب بولدى.

زېمىندىكىلەر خېلىغىچە مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاقساقال تېخىچىلا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تۇراتتى. توختەم بىر نەچچەيلەن بىلەن ئاقساقالنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغۇچە باقىنىڭ مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرىگە قىلغان سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

— باقى ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى، — دېدى ئاقساقال ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمىپ كەتتى.

سۇلتانخوجا ئاقساقالنىڭ يېنىدىن چىقىپ كىشىلەر بىلەن بىللە تۈگمەن يېنىغا يېتىپ باردى. ئۇلار غەرب تەرەپتىكى سوزۇلۇپ ياتقان جىلغا بويىغا كېلىپ پەستە بىرەر سادا بار-يوقلۇقىنى خېلى تىڭشاپ باقتى. لېكىن جىلغا ئىچى جىمجىت ئىدى.

كۈن جىلغا ئىچىگە تىك چۈشكەن چاغدا ئاندىن جىلغا ئىچىدىن ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كەلدى، — دېدى توپ ئىچىدىن كىمدۇر بىرەيلەن ئاستا شىۋىرلاپ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— باقى دېگەندەك بولسۇن، — دېدى توختەم كەسكىن قىلىپ، — ئەمدى شۇنداق قىلمايمۇ ئامالىمىز يوق.

ئۇلار بىردىنلا جىمىپ قالدى. جىلغا ئىچىدىن كېلىۋاتقان سادا بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە بىرئاز ساقلاشتى-دە، ئۇن-تىنسىزلا ئېقىننىڭ جىلغا تەرىپىدىكى تاشلىرىنى ئاللىبۇرۇن ئاراشلارغا تىقىپ قويغان ياغاچلار بىلەن قومۇرۇپ تاشلاشتى. گۈلدۈرلەپ دومىلاپ چۈشكەن قورام تاشلار بىلەن ئېقىندىكى ئۇلۇغ سۇ جىلغا ئىچىگە قاراپ ھەيۋەت بىلەن ئېتىلدى.

— ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولغاي باقى، — دېدى خېلىدىن كېيىن كىشىلەر توپى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

بۇنداق ئۇلۇغ سۇدىن بىرەر جاننىڭ ئامان قېلىشىغا ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى.

## قاچقۇن

ئاقساقالنىڭ پۇتىغا تەگكەن ئوق پاقالچىقىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. كىشىلەر ئاقساقالنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، موماي ئۇنىڭ پۇتىدىكى جاراھەتنى تاغ سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇپ تېڭىپ قويدى. ئاقساقال بۇ قېتىم ئورنىدىن تۇرالمايدىغاندەك قىلاتتى.

شۇ كۈنى تۈگمەن بېشىغا چىقىپ كەتكەنلەر كەچقۇرۇن يېنىپ كېلىپ ئاقساقالنىڭ يېنىدا خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇردى. كېچىچە زېمىندىكى ئۆيلەرنىڭ جىنچىراغلىرى پىلىلداپ يېنىپ تۇردى - يۇ، لېكىن كىشىلەر ئېغىر مۇسىبەت بىلەن جىمىپ قېلىشقانىدى.

كېچىچە ئۇيقۇسىراپ تۇرۇشقان كىشىلەر سەھەردە تۆت ئادەمنىڭ يەنە بۇ زېمىنغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا ئاقساقالغا يەتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم زېمىندىكى ئەرلەر غەزەپلەنگەن ھالدا ئوۋ مىلتىقى، پالتا دېگەندەك قوراللارنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشتى. ئۇلار بۇ يېڭى كەلگۈندىلەرنى ئۆلتۈرۈپ جايلاپ ئىككى كۈندىن بېرى يىغىلىپ قالغان دەردلىرىنى بىراقلا چىقارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ھېلىقىلارنىڭ ئارىسىدىن پەرھاتنى تونۇپ قېلىشتى. پەرھاتنىڭ بۇ زېمىندىن يوقاپ كەتكىنىگە بىر نەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يەنە ئۈچەيلەننىڭ قولىدا قورال بار ئىدى. پەرھاتمۇ «غوجام» لارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ كەتتىمۇ؟ كىشىلەر پەرھاتنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىكى قورال. . . كىشىلەر ھەيران قالغان ھەم تېڭىرقىغان ھالدا بۇ تۆتەيلەننى ئاقساقالنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. پەرھات تېڭىقلىق ھالەتتە ياتقان بوۋىسىنى كۆرۈپلا يىغلاپ تاشلىدى.

زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەرھاتنىڭ يېنىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مازارلىرىنى كۆزگە ئىلماي، زېمىننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنى ئاسىي قاتارىدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا لەنەت ياغدۇرۇشتى. ئۇنىڭغا كىشىلەر ئەل ئۆمرىدە قوللىنىپ باقمىغان بىرەر جازا قوللانماقچى بولۇشتى. لېكىن ئۇلار پەرھاتنىڭ «غوجام» لارنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكىنى، بەلكى غوجاملارغا قارشى تۇرىدىغان، ئۇلارنى يوقىتىدىغان كىشىلەر تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىككى كۈن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلار دەرھال يادىغا يېتىپ پەرھاتنى كەچۈرۈۋەتتى. پەرھاتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە سىرتتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇقۇپ ئۇلارغىمۇ باشقىدىن جان كىردى.

پەرھات بۇ زېمىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىتابقا يېزىلغان خەتلەرنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن خېلى مەزگىللەرگىچە سىرتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىن ئۇلىما ئىزدەپ يۈردى. لېكىن سىرتقى دۇنيا ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ناھەقچىلىق، ئادالەتسىزلىك ھەممىلا يەردە ئۇنىڭغا ئۇچراپ تۇردى. ئۇ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا چىدىيالماي پارتلاپمۇ كەتتى. سىرتقى دۇنيا ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى كۆتەرمىدى. بازاردىكى تىلەمچىنى ئۇرۇپ قويغان باھانە بىلەن پەرھاتتىن ھارغىچە تاياق يېگەن غوجىدارنىڭ بالىسى چوماقچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ تۈرمىسىگە سولاپ قويدى. كېيىن ئۇنى بۇ يەردىن شۇ يۇرتتىكى كىشىلەر «ئەپەندىم» دەپ ئاتايدىغان بىر سالاپەتلىك كىشى ياندۇرۇپ چىقىرىۋالدى. ئەپەندىم ئۇنىڭ يۇرتقا مۇساپىر ئىكەنلىكىنى، ئىلىم تەشنالىقىدا يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالدى. ئارىدىن بىرەر يىلچە ئۆتۈپ ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قوزغالدى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسى قەبىھلەشىپ قوزغىلاڭچىلار تېخى يېتىپ كەلمىگەن بۇ يۇرتتا گۇمانلىق سانالغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشنى باشلىۋەتتى. بۇ تۇتقۇن قىلىشتا ئەپەندىم ۋە ئوبدانلا ساۋاتى چىقىپ كۆزى ئېچىلىپ قالغان پەرھاتمۇ بىللە تۈرمىگە تاشلاندى.

ئەپەندىم 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۆزىنى ناھايىتى پاكىز تۇتۇپ يۈرىدىغان كىشى ئىدى. پەرھات ئىككىسى يەنە بىر قانچە كىشى بىلەن كامىردا بىللە ياتتى. تېمەن، سالاپەتلىك بۇ كىشىنى كېچە - كۈندۈز ئېلىپ بېرىلغان سوراق، تەن جازاسى خېلىلا خورىتىپ قويدى. پەرھات بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىدى. كامىردىكىلەر بىلەن ئەپەندىمنى ئېلىپ قېچىشنى پىلانلىغان كۈنى، سىرتتا «تا. . . تات»

لاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ۋە ئۇلارغا زۇلۇم سېلىپ يۈرگەن مەلئۇنلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالەسى، داد - پەريادى ئىچىدە ئۇلار ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ھەقىقەتەنمۇ ئىنقىلابچىلار بىلەن ئەپەندىمنىڭ خېلىلا يېقىن تونۇشلۇقى بارئىدى. پەرھات ئەركىنلىككە ئېرىشىپ ئەپەندىمنىڭ گېپى بىلەن ئىنقىلابچىلارغا قېتىلدى. ئەپەندىم ئۇنىڭغا دېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ شۇنداق قىلماقچى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تولۇق قوراللانغان بۇ مۇنتىزىم قوشۇنغا ئەگىشىپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتى. ئېزىلگەن، خارلانغانلارنى بىر - بىرلەپ ھۆرلۈككە چىقاردى. پەرھاتنىڭ باتۇر ۋە چاققانلىقى ئۇنى تېزلا قوشۇن ئىچىگە تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چارلىغۇچى ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، دائىم قوشۇندىن ئاۋۋال تاغ - داۋانلار ئارىلاپ يۈرىدىغان بولدى. لېكىن ئۇ ئۇرۇش كۈنلىرىدىمۇ يەنىلا ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويمىدى. بۇنىڭدىن نەچچە كۈن ئاۋۋال پەرھاتلارنىڭ قوشۇنى تاغلار ئارىسىدىكى بۇ زېمىنغا ئەڭ يېقىن يۇرتنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەندى. كېچىسى پەرھات توت ئادەمنى باشلاپ چارلاشقا چىقتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار تاغ باغرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى. قارشى تەرەپنىڭ كۈچى كۆپ ھەم ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاچقا بەش رازۋېتچىك ھېچ ئامال قىلالماي قالدى. شۇ پەيتتە تاغ ئارىسىدا يۈرۈپ چوڭ بولغان پەرھات ئادەملىرىگە تاغ تەرەپتىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. ئۇلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىققىچە بىرەيلەنگە ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. پەرھات قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ تاغ ئارىسىدا بىرەر كۈندەك دالدىلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن كەينىدىن قوغلاپ كەلگەنلەرنىڭ شەپىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى پەملەپ ئاندىن بۇ زېمىنغا كەلگەنىدى. ئۇ بۇ زېمىننى ۋە زېمىندىكىلەرنى تولىمۇ سېغىنغانىدى. لېكىن چاڭقىغان يۈرىكى بۇ زېمىنغا كېلىپلا يەنە بىرمۇنچە ئاچچىق ۋە غەزەپ يۇتۇۋالدى. ئۇ بۇ زېمىندىكى قېرىنداشلىرىدىن 13 ئادەمنى ھېلىقىلارنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنىنى ئاڭلاپ زادىلا تۇرالماي قالدى.

زېمىندىكىلەر ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭمۇ قانلىرى قايناپ تۇراتتى. سىرتتا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇلارنى ھاياجانغا سېلىپ قويدى. پەرھاتنىڭ ھاياجان بىلەن قىلغان سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كاللىسىنى خېلىلا ئېچىپ قويدى.

— ئەمدى يەنە كېتەمسەن؟ — ئاقساقال پەرھاتتىن سورىدى. ئۇ نەۋرىسىدىن راستىنلا خۇشال بولۇپ قالغانىدى.

— بىرئازدىن كېيىن يەنە يولغا چىقمىسام بولمايدۇ. قىسىمدىكىلەر ماڭا قاراپ قالدى. زىممەمدە ئېغىر ۋەزىپە بار.

— مەنمۇ سەن بىلەن بىللە باراي، — دېدى سۇلتانخوجا توپنىڭ ئارىسىدىن دەس تۇرۇپ، — باقى ئاكامنىڭ، مەمەت ئاكامنىڭ ۋە شۇ ناھەقلەرنىڭ قولىدا بىگۇناھ ئۆلگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمنىڭ قان قىساسى ئۈچۈن مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەت.

— مەنمۇ بىللە باراي!

— مەنمۇ بىللە كېتەي!

توساتتىن كىشىلەر توپى تەۋرەپ كەتتى. پەرھاتقا ئەگىشىپ بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلغانلار كەينى - كەينىدىن ئورنىدىن تۇرغىلى تۇردى. ئاقساقال بۇ يىگىتلەرگە قاراپ چاناقلىرىدىن مۆلدۈرلەپ چىقىشقا باشلىغان ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

— توختاڭلار، ھەممىڭلار مەن بىلەن كەتسەڭلار بولماس، بوۋام بىرنېمە دېسۇن.

— بېرىڭلار باللىرىم، ھەممىڭلار بېرىڭلار. بۇ يەرگە ئاتاڭلار بىلەن بىز يېتىشىمىز.

ئاقساقال ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي زېمىندىكىلەر ئالدىدا تۇنجى قېتىم ئېسەدەپ يىغلاپ تاشلىدى.

پەرھات زېمىندىكىلەردىن 20 نەچچە قاۋۇل ياشنى ئېلىپ ئاتلاندى. زېمىندا ئايالLAR، چوڭلار ۋە باللاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ياشلار پەرھاتنىڭ زورى ۋە نەسىھىتى بىلەن قېلىپ قالدى. ئاقساقال ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ھەر بىر يىگىتكە بىردىن ئات بېرىشنى زېمىندىكىلەرگە تاپىلىدى. زېمىندىكىلەر بۇ بىر توپ ئەزىمەت باللىرىنى توپىلىككىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

## يەتتە ئاتام يېزىسى

تاغدىكى گىياھلار نەچچە قېتىم كۆكىرىپ،

نەچچە قېتىم قۇرۇدى. زىمىندىكىلەر شۇ بىر توپ ياشنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن تۇرمۇشنى ئىلگىرىكىدەك ئۆتكۈزۈۋەردى. پەقەت تاغ باغرىدىكى قەبرىستانلىقتا ئون نەچچە يېڭى قەبرە كۆپىيىپ قالدى. «سىرتتىكى جاھان تىنچىشقا باشلاپتۇ» دېگەن ئوي ئۇلارنىڭ كاللىسىغا بارغانسېرى ئورۇنلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سىرت بىلەن بولغان ئالاقە يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. چوڭلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنىلا سىرتقا چىقىشقا يول قويدى. ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن يەنىلا مۇشۇنداق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

ئاقساقالغا شۇ قېتىم ئوق تېگىپ ساقايغاندىن كېيىن بىر پۇتىنى سەل سۆرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. يېشى 80 لەردىن ھالقىغان بۇ بوۋاينىڭ تېمەن قەددى شۇنىڭدىن كېيىن ئازراق ئېگىلىپ قالدى. لېكىن ئۇ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ يۈرەتتى. كۆزلىرىنىڭ نۇرى تېخى ئۆچمىگەن، ئېتىز بېشىغا چىقىپ يەنىلا كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇ بەزىدە نەۋرىسى پەرھات ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەن بالىلارنى ئەسلەپ قالاتتى.

تاغ باغرىدىكى چۆپلەر كۆكىرىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاقساقال ئەتىگەندە زىمىندىكى چوڭلاردىن بىرنەچچىسىنى ئۆيىگە چاقىرتتى. ئۇ بۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئورنىغا بۇ زىمىندىكىلەرگە باش بولىدىغان يەنە بىر ئاقساقال سايلاش تەكلىپىنى بېرىپتۇ، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى زادىلا لايىق تاپمىدى، ئاقساقال يەنىلا ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاقساقال تېخى ھايات تۇرۇپ ئورنىغا باشقا بىر ئادەمنى سايلاش، بۇ بۇرۇنقىلار بېكىتكەن قائىدىنى بۇزغانلىق ئىدى. ئاقساقالنىڭ دېگەنلىرىدىن زىمىندىكىلەرمۇ خەۋەر تاپتى. ئۇلارمۇ بۇ پىكىرنى لايىق تېپىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقساقالنىڭ بۇ پىكرى جايىدىلا قالدى.

زىمىندىكىلەرنىڭ ھەرقېتىملىق ئىبادىتىدە سىرتقا چىقىپ كەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرى ئىجاۋەت بولدىمۇ، شۇ كۈنلەردە سىرتقا چىقىپ كەتكەن ياشلار بىراقلا يېنىپ كەلدى. ئۇلار يەنە ناتونۇش بىرنەچچە كىشىنىمۇ بىللە ئالغاچ كەلگەنىدى.

ئاقساقالغا كىشىلەر ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا ئۇ ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ چاپتى. ئۇ پەرھاتلار بىلەن تاغ باغرىدا ئۇچراشتى. كەلگەنلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن ئاقساقال بىردىنلا بالىلارنىڭ چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىكىدىن ئازلاپ قالغانلىقىنى سەزدى - يۇ، لېكىن ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىدى. زىمىندىكىلەرگە بۇ بالىلار بۇ يەردىن ماڭغان ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا قارداپ خېلىلا چوڭىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ ئۇلار ھەقىقەتەن قاۋۇل، تېمەن، چوڭ ئادەملەرگىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇ كۈنى ئاقساقال باشلىق كىشىلەر زىمىنغا ئۇلار بىلەن بىللە كېلەلمىگەنلەرنىڭ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتكەنىنى ئاڭلاپ چوڭ ھازا ئېچىلدى.

سىرتتا ئۇرۇش ئاياغلاشقان، خارلانغانلار ئۆز ئەركىنلىكىنى قولىغا ئالغانىدى. پەرھاتلار بۇ زىمىنغا قايتىپ كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن، بۇ زىمىنغا ناتونۇش بىرنەچچە كىشى ئاقساقال بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى. ئۇلار پەرھات كەلگەن كۈنىلا ئاقساقالغا ناھىيىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن رەھبەرلەر دەپ تونۇشتۇرۇلغانىدى. شۇ كۈنكى سۆھبەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ ئاقساقالغا دېگەن گەپلىرى كۆڭلىگە زادىلا ياقمىدى.

— بىر ئوبدان تۇرغان زىمىننى يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىمىز دېگەن قانداق گەپ ئۇ، — دېدى ئۇ بىر ئاز چېچىلىپ.

ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە بۇ يەردە ھېچقانداق چوڭ ئۆزگىرىش بولمايتتى. پەقەت بۇ يەرگە يېڭى نام قويۇلۇپ يېزا باشلىقى تەيىنلىنەتتى. سىرت بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يول كېڭەيتىلىپ ئېچىلاتتى. تاغ سىرتىدىكى دۇنيا تىنچلىنىپ ئېزىش، زۇلۇم، ناھەقچىلىق تۈگىدى. ئەمدى زىمىندىكىلەرنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسىز ياشاۋېرىشىنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىدى. ئۇلارمۇ سىرتقا بىمالال چىقىپ تاشقى دۇنيانى كۆرسە، يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلسا، سىرتتىكىلەرمۇ بۇ يەرگە كەلسە، ئۇلارغا مېھمان بولۇپ مۇڭداشسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئاقساقال ئۇلارنىڭ گەپلىرى-

نى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. ھەممىدىن بەك-
رەك نەۋرىسى پەرھاتنىڭ بۇ يەردە مەكتەپ قۇ-
رۇپ بالىلارنى ئىلىم بىلەن تەربىيىلەيمەن دېگەن
سۆزى ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيۇلدى. «مەكتەپ» دې-
گەن قانداق جاي ئۇ، ئىلىم ئۆگىنىمەن دەيدى-
غان. ئۆيدە تەۋەرۈك قۇرئاندىن بىر ئوبدان تەلىم
ئېلىۋاتقىنى يەتمىدىمىكىن - يا!

شۇ كۈنى ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان مەس-
لىھەت ئۇزاققا سوزۇلدى. دەتالاشمۇ بولدى. ئاق-
ساقال بۇ زېمىندا بىردىنلا يۈز بېرىۋاتقان ۋە
بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان يېڭى ئىشلارنى
ئويلاپ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتكۈزەلمىدى. ئاقسا-
قال ئاخىرى بۇ ئىشلارنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاق
مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىشنى بېكىتتى.

بۇ ئىشنى زېمىندىكىلەر ئۇزاققىچە تالاش -
تارتىش قىلىشتى. كۆپچىلىك بۇ ئىشتا ئاقساقال-
نىڭ قارار چىقىرىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇ
يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى
ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ناھىيىدىن كەلگەنلەر چۈ-
شەندۈرۈپ ئېغىزلىرى قورۇپ كېتىشتى. سىرتقا
چىقىپ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كىرگەن يىگىتلەرمۇ
نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ سۆزلەپ
ناھىيىدىن كەلگەنلەر تەرەپتە تۇردى. كېيىن زې-
مىندىكىلەرنى ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئېرىتتىمۇ ياكى
قىزىقتۇرۇپ قالدىمۇ تەۋەككۇل دەپ ئۇلارنىڭ
كەينىگە ئەگىشىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. كۈن
قىبلە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ تاغ چوققىسىغا باش قوي-
غان چاغدا ئاقساقال ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىگە قو-
شۇلۇۋەتتى ھەم يېزا باشلىقىغا باشقا بىرەيلەننى
سايلاشنى ئېيتتى. ناھىيىدىن كەلگەنلەر ئۇنىڭ
ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ تەكلىپكە
قوشۇلدى. لېكىن زېمىندىكىلەر بىردەكلا بۇنىڭغا
يەنە قوشۇلمىدى. تالاش - تارتىش يەنە باشلاندى.
ئاخىرى ئاقساقالنىڭ جاھىللىقى ۋە ناھىيىدىن
كەلگەنلەرنىڭ قوللىشى بىلەن سۇلتانخوجا يېزا
باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. پەرھات مەكتەپ قۇرۇپ
بالىلارنى تەربىيىلەيمەن، دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇ-
نىڭغا ھېچكىممۇ گەپ يېگۈزەلمىدى.

شۇ كۈنى يېزا نامىمۇ بېكىتىلدى. ھەممەي-
لەن ئاقساقالنىڭ «يەتتە ئاتام» دەپ قويايلى دې-
گەن پىكرىگە بىردەك قوشۇلدى. شۇ كۈنى كېچە
ئاقساقالنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بىئارام بولۇپ
زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ نەۋرىسى پەرھاتنى چا-
قىرىپ كىرىپ بىردەم - يېرىمدەم مۇڭداشماقچى
بولدى - يۇ، لېكىن بۇ نىيىتىدىنمۇ دەرھال ياند-
ى.

ئەتىسى ناھىيىدىن كەلگەنلەر كەتتى. پەر-
ھات ۋە سۇلتانخوجىلارنىڭ سەپەرۋەرلىك قىلىشى
بىلەن بىر ھەپتە ئىچىدىلا «مەكتەپ» دەپ ئاتال-
غان يوغان بىر زال، كىچىك بىر يان ئۆي پۈتتى.
ئىككى كۈندىن كېيىن يىگىرمىدىن ئارتۇق بالا بۇ
يەرگە يىغىلدى.

بۇ زېمىننىڭ نامى ۋە تارىخى تاغ سىرتىدىكى
يېقىن - يىراق يەرلەرگە پۇركەتتى. شۇنىڭدىن
كېيىن ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەت-
لىك كىشىلەر بۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم كەلدى.
زېمىندىكىلەردىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر تاغ سىرتىغا
چىقىپ سىرتقى دۇنيانى كۆرۈپ كىردى.

* *

كىشىلەر تاغلارنى زېمىن كۆكسىدىن ئۆر-
كەشلەپ چىققان دولقۇن، دېيىشىدۇ. مەن بۇنى
بوۋاملار ياشىغان ئاشۇ ئالقانچىلىك زېمىننى ئو-
راپ تۇرغان تاغلارغا قارىتا ئېيتىلغانمىكىن دېگۈم
كېلىدۇ. . . مەن بۇ يەرگە ھەر يىلى دېگۈدەك
بوۋامنى يوقلىغاچ كېلەتتىم. ئۆزۈممۇ بۇ يەرگە
كېلىشكە قەۋەتلا ئامراق ئىدىم. . . تاغلار قاشا-
لاپ تۇرغان بۇ زېمىن قەدىمىي زېمىن ئىدى.
بوۋام ماڭا شۇنداق سۆزلەپ بەرگەن. بۇ يەردە
ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەجدادى بۇنىڭدىن نەچچە
يۈز يىل ئاۋۋالقى زامانلارغا تۇتىشاتتى. لېكىن
بۇ زېمىندىكى كىشىلەر ئەجدادلىرى توغرۇلۇق
ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇشقا باشلىغانىدى. . .

پەرھاتنىڭ زېمىندا قۇرغان مەكتىپىدە ئىش-
لار خېلىلا يۈرۈشۈپ قالدى. بالىلارمۇ ئۇنىڭ
نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن
ئەجرىگە يارىشا كىتابلارنى بىمالال ئوقۇپ، خەت-
لەرنى راۋان يازىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پەرھات
دائىم سىرتقا كىتاب ۋە باشقا ئوقۇشلۇقلارنى ئە-
كىلىش ئۈچۈن چىقىپ ئاتىنىڭ ئىككى يېنىغا نۇر-
غۇن كىتابلارنى ئارتىپ يېنىپ كىرەتتى. زېمىن-
دىكىلەرمۇ ئارىلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەت دەپ ئاتال-
غان ئۈچ ئېغىزلىق قاتار سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدى-
دىكى كەڭ مەيداندا ئېچىلىپ قالىدىغان يىغىنلار-
غا قاتنىشىپ يۈرۈپ سوتسىيالىزم، فېئودالىزم،

باي - پومېشچىك دېگەندەك بىرمۇنچە ئۇقۇملار بىلەن تونۇشۇپ نەزەر دائىرىسى خېلىلا كېڭىيىپ قالدى. سۇلتانخوجىمۇ ناھىيىدىن ئارىلاپ كېلىپ قالىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە كۆپچىلىككە بۇلارنى ئېرىنمەي سۆزلەيتتى.

— ھە، ئۇنداق بولسا بىز «سوتسىيالىزم» دېگەن دەۋردىكەنمىز - دە، — دەيتتى يىغىندىن قايتقان كۆپچىلىك ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، — «فېئوداليزم» دېگەن شۇ دەۋرنى ئىگىسى بېشىمىزغا سالمىسۇن جۇمۇ.

نەچچە باھار ئەنە شۇنداق تالاي يىغىن، يېڭى نەزەرىيىلەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن سۆزلەيدىغان ئېغىزمۇ ئەلۋەتتە كۆپ ئىدى. زېمىندىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى. تۇرمۇش رىتىمىمۇ بارغانسېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان پاراڭلىرىنىڭ تېمىسىمۇ بارغانسېرى يېڭىلىنىپ، جاھاننىڭ ھەر - ھەر يەرلىرىگە تۇتىشاتتى. ئۇلار دۆلەت دېگەن نېمە، دۆلەت رەئىسى كىم، ئۆلكىنىڭچۇ دېگەنلەرنى بىلدى. پەرھاتنىڭ ئوقۇتۇۋاتقان باللىرىمۇ خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى.

ئاقساقال بىر پۈتىنى سۆرىگىنىچە ئارىلاپ - ئارىلاپ تالاغا چىقىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ كۆپىنچە ئۆيدە بولاتتى. دىلىدىكى بىئاراملىق تېخىچىلا يوقىمىغانىدى. قايسى كۈنى ئۇ ئۇخلاۋېتىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشىدە دادىسى ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ بىرمۇنچە تەنبىھ بەرگەنىدى. لېكىن ئۇ بۇ چۈشنى ھېچكىمگىمۇ تىنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىيال ئۇنى تېخىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. زېمىندىكىلەر يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلاتتى. چوڭلار بەزىدە ئۇنىڭ يېنىغا مۇڭداشقىلى كىرىپ قالاتتى. ياشلار قانداقتۇر بىر ئىشلارغا بەكلا ئالدىراش كۆرۈنەتتى. بولۇپمۇ يېزا باشلىقى بولغان سۇلتانخوجا شۇنداق ئىدى. ھەپتىدە بىر دېگۈدەك ناھىيىگە قاترايتتى.

بىر كۈنى سۇلتانخوجا ناھىيىگە كىرىپ كېتىپ يوچۇنلا ئۈچ كىشىنى باشلاپ كەلدى. شۇ كۈنى ئاقساقال پەرھاتنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ باللارنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئۈچەيلەننى كۆرۈپ يۈرىكى بىرنېمىنى تۇيغاندەك قاتتىق ئېغىپ، نەپەسى قىيىنلاشقاندەك بولدى. لېكىن دەرھال ئۆزىنى تۇتىۋالدى. سۇلتانخوجا ئاقساقالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئۈچەيلەننى تونۇشتۇردى.

— بۇ ياق يولداش جاڭ پروفېسسور بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئاۋۋال ياشانغان بىرەيلەننى تونۇشتۇرۇپ، — بۇ يېنىدىكى ياش يولداش ئۇنىڭ ياردەمچىسى. بۇ ناھىيىدىن ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن تەرجىمان ئېغىمەت. ئۇلار بۇ قېتىم بىزنىڭ بۇ تاغلاردىن كان مەھسۇلاتلىرى بارمۇ - يوق؟ شۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرەج تارتىپ، ئۇزۇن يول بېسىپ ئىچكىرىدىن كەپتۇ.

ئاقساقال ئۇلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ گەپمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا ئەنسىز سوقۇپ تۇراتتى. سۇلتانخوجا ئۈچەيلەننى باشلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاقساقالنىڭ زېمىندىكى بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالغىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى سۇلتانخوجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جاڭ پروفېسسورلارغا يول باشلاش ۋە بەزى ئىشلاردا ياردەملىشىش ئۈچۈن يەنە تۆت نەپەر ياش قېتىلىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈكنى ھازىرلاپ ئاتلارغا ئارتىۋېلىشقانىدى. سۇلتانخوجا ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى زېمىندىكىلەرگە، بۇ قات - قات تاغلارنىڭ سىرىنى ئېچىش، قوينىدىكى قېزىلما بايلىقلارنى تېپىپ چىقىپ دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش دەپ چۈشەندۈردى.

تاغلار ئارىسىدا بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى پىلانلاپ چىقىپ كەتكەن يەتتەيلەن ئۈچ كۈندىن كېيىنلا جاڭ پروفېسسورنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ سالپىيىپ يېنىپ كېلىشتى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان جاڭ پروفېسسورنىڭ ئوڭ قولى لاتا بىلەن تېڭىلغان، لاتىدىن قان سىرغىپ تۇراتتى. چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. سۇلتانخوجا ئۇلارنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئالدىغا چىقتى ھەم جاڭ پروفېسسورنى كۆرۈپ سەل ھودۇقۇپ قال-

دى.

— نېمە ئىش بولدى، — دەپ سورىدى ئۇ دەرھال ئۇلار بىلەن چىقىپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ بىرسىدىن.

— تۈنۈگۈن شەرقىي جىلغىنىڭ نېرىسىدىكى تاغ باغرىغا بېرىپ تەكشۈرگەنىدۇق. كەچتە ھاردۇق ئالىلى دەپ گۈلخان يېقىپ ئولتۇراتتۇق، جاڭ پروفېسسور ھاجەتكە بېرىپ كېلەي دەپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن جاڭ پروفېسسورنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. يۈگۈرۈپ بارساق بىر بۆرە ئۇنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. بىز يۈگۈرۈپ بېرىشىمىزغىلا بۆرە قېچىپ كەتتى. جاڭ پروفېسسورنى يۆلەپ قارىساق قولىنىڭ بېغىشىنى تالىۋېتىپتۇ. مەن ئۇ بۆرىنى ئالدىنقى كۈنى جىلغىدىن چىقىپلا يىراقتىن ئۇچراتقانىدىم. بۈگۈنمۇ ئۇ خېلى يەرگىچە بىزگە ئەگىشىپ كەلدى.

— بۇ قانداق گەپ، ئىلگىرى زادىلا بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغانىغۇ، — دېدى سۇلتانخوجا ياش يىگىتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەل ئەجەبلىنىپ. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىدۇر بىرنېمىنى تۇيغاندەك ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، — بولدى، جاڭ پروفېسسورنى دەرھال ناھىيىگە يۆتكەڭلار. سىلەر بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇپ بىللە بېرىڭلار.

نەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتانخوجا ئۆزى ناھىيىگە بېرىپ جاڭ پروفېسسورنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلدى. كېيىنكى قېتىم بارغىنىدا ئۇ جاڭ پروفېسسورنىڭ بىر قولىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدى.

جاڭ پروفېسسورنى بۆرىنىڭ تالاپ يارىلاندۇرغانلىق خەۋىرى زېمىندىكىلەر ئارىسىدا بىر مەزگىل پاراڭنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنى ئاقساقالمۇ ئاڭلىدى. لېكىن ئۇ ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن تەرجىمان نىغمەتنىڭ يېتەكلىشىدە يەنە بىر توپ كىشىلەر زېمىنغا كېلىشتى. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قورال تۇتقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ گېپىچە ئالدىنقى قېتىم جاڭ پروفېسسور كەلگەندە شەرقىي جىلغىنىڭ نېرىسىدىكى تاغ باغرىدىن ئېلىۋالغان بىر قىسىم ئۆرنەك تۇپىدا ئالتۇن تەركىبىنىڭ بارلىقى ئېنىقلىنىپتۇ. بۇ قېتىم كەلگەنلەر شۇ يەرنى ئۆزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ ئالتۇن زاپىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماقچى ئىكەن.

كەلگەنلەر زېمىندا بىر كېچىلا قونۇپ ئەتىسىلا تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۇلار زېمىندىكىلەردىن پەقەت بىرلا كىشىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالدى.

— يائاللا، نەچچە زاماندىن بېرى ئاشۇ ئالتۇنلارنى ساقلاپ يېتىپتىكەنمىز - دە، ئۇۋۇغا چىققاندا شۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۈستىدە گۈلخان يېقىپ تۈنىگەن، پادا ھەيدەپ قايتقانلىرىمىزدا ئاشۇ ئالتۇنلارنى يەردەك دەسسەپ ئۆتۈپمۇ كەتكەن بولغىيتتۇق - ھە! ؟

— نېمىدېگەن يامان ئادەملەر بۇ، ئاتام زاماندىن ئايىغىمىز ئاستىدا دەسسىلىپ يۈرگەن شۇ نېمىلەرنى بىز بىلمەي يۈرۈپتۇق. مانا ئۇلار كېلىپ بىرلا دەسسەپ تېپىۋالدى ئەمەسمۇ؟

— ئاقساقالنىڭ، ئاللانىڭ نەزەرى چۈشكەن خاسىيەتلىك زېمىن بۇ، دېگەن گەپلىرى ھەق گەپ جۇمۇ زادى.

تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ شەرقىي جىلغىنىڭ نېرىسىدىكى تاغدىن مول ئالتۇن زاپىسى بار كانىنى تېپىپ، تەشكىللىك ئالتۇن قازغۇچىلار شۇ تاغ باغرىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن زېمىندىكىلەر شۇنداق پاراڭلارنى قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلاردىن ئاتلىق بېرىپ ئالتۇن قازغۇچىلارنى كۆرۈپ كەلگەنلەرمۇ بولدى. لېكىن ئۇ يەردىكى تۈزۈم قاتتىق، قاراۋۇل بەك كۈچلۈك بولغاچقا كانىنى كۆرەلمەي ناھايىتى خۇرسىنىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ زېمىندىكىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغان تاغلار قوينى بىردىنلا ئادەملەر بىلەن جانلىنىپ كەتتى. كەينى - كەينىدىن ئۈلۈشۈپ تۈركۈملەپ كېلىۋاتقان گېئولوگ، تەكشۈرگۈچىلەرنى زېمىندىكىلەرمۇ ساناپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇلار پەقەت تاغلارنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاۋاتقانلىقىنى، ناھىيىگە تۇتىشىدىغان يولنىڭ كېڭەيتىلىپ ياسىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش شۇ تاغلار باغرىدا نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياپيېشىل قەدىمىي قارىغايلارنىڭ كەينى - كەينىدىن ئېغىر يىقىلىپ توشۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشەتتى. يېقىنقى ۋاقىتتىن بېرى زېمىندىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىش بولغىنى —

فەرىھى جىلغىنىڭ نېرىسىدىن تېپىلغان كۆمۈر
كانىدىكى كۆمۈرنىڭ ئۇلارنىڭ ئوچاقلىرىغا قالاۋات-
قان ئوتۇنلارنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقى ئىدى.

## ئاقساقالنىڭ نەسىھىتى

— بولمايدۇ، — دەپ كەسكىنلا ئېيتتى تۇگ-
مەننى ئۆتكۈزۈۋالغان تۇرسۇن يېزىلىق ھۆكۈمەت
ئالدىدىكى يىغىلىشتا كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ، —
يۇقىرى يېزىنى تاغ سىرتىغا كۆچۈرۈش كېرەك،
دېسىلا بىر ئوبدان زېمىنىمىزنى تاشلاپ قويۇپ
كۆچىدىغان گەپمىكەن.

— مەنمۇ كۆچۈشكە قوشۇلمايمەن، — دېدى
40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابدۇل سۇلتان-
خوجىغا زەردە قىلىپ. ئۇ ئاقساقالغا قوشنا ئول-
تۇراتتى، — سۇلتانخوجا، سېنىڭ كاللاڭ نەگە
كەتتى زادى؟ بىز بۇ يەردە ئاتا - بوۋىمىزدىن
تارتىپ جېنىمىزنى جان ئېتىپ، تۇرمۇشىمىزنى
پاراۋان قىلىپ كەلگەن. ئەمدىكى كۈنگە كەلگەندە
بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا يەرگە كۆچىمىزمۇ؟ ئۇنداق
قىلساق ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا قانداق يۈز
كېلىمىز، مېھرىمىز بۇ يەردە تۇرۇپ، باشقا
يۇرتلارغا قانداق كۆنىمىز؟ ئاقساقال قېنى سىز
بىرنېمە دەپ بېقىڭچۇ؟!

يېشى 90 لەرگە يېقىنلاشقان ئاقساقال بۇ
زېمىن يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ تۇنجى قېتىم
يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى يىغىلىشقا قاتنىشى-
ۋاتاتتى. بۇ يىغىلىش ئۇ قاتناشمىسا بولمايدىغان
ئالاھىدە بىر يىغىلىش ئىدى. سۇلتانخوجا بۈگۈن
ئەتىگەن زېمىندىكىلەرنى بۇ يەرگە يىغىپ ئۇلار
ئەزەلدىن ئويلاپ يەتمىگە بىر ئىشنى ئېيتتۇقدى،
كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ
كەتتى. سۇلتانخوجىنىڭ گېپىگە قارىغاندا يۇقى-
رى بۇ زېمىندىكى 40 ياشتىن تۆۋەن ياشلارنى تاغ
سىرتىدىكى يېڭى ئېچىلغان يەرگە كۆچۈشنى بې-
كىتىپتۇ. ئۇ يەرگە بارغاندا ھۆكۈمەت ھەممە تە-
رەپتىن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىكەن. يەر، ئۆي
قاتارلىقلارنى، باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى
ئۇلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدى-
كەن. ئەگەر ئۇلاردىن باشقىلارمۇ كۆچۈپ بېرىشقا
قوشۇلسا ئۇلارغىمۇ ياشلارغا ئوخشاش مۇئامىلە
قىلىنىدىكەن. لېكىن زېمىندىكىلەر بۇنىڭغا بىر-
دەك قەتئىي قوشۇلمىدى. قوشۇلمىدىلا ئەمەس،
ئاكتىپلىق قىلىپ سۇلتانخوجىنىڭ سۆزىگە يان
باسقان بىرنەچچە ياشنىڭ دەككىسىنى بېرىپ زۇ-
ۋانىنى يىققۇزدى. سۇلتانخوجا ئاۋۋالقى سۆزلىرى-
دىن بىرئاز بوشىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما
يەنىلا ئۇلارغا گەپ يېگۈزمەن دەپ تىرىشىۋاتات-
تى.

— ئون يىل ئاۋۋال بۇ يەرنى يېزا قىلىپ
ئۆزگەرتىمىز دېگەن چاغدىلا مۇشۇ گەپلەرنى قىل-
سا بولمامدۇ. يېزا بولۇپ ئۆزگەرگەننىڭ پايدىسى
مۇشۇ بولدىمۇ ئاخىرى...

كىشىلەر توپى ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى
شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن سۇلتانخوجا بۇ
كىشىنى ئېنىق كۆرەلمىدى. كىشىلەر توپى ئال-
دىدا تۇرغان ئاقساقال كەينىگە قاراپ قويدى. ئۇ
ئەمدى ئۆزىنىڭ گەپ قىلمىسا بولمايدىغان يەرگە
كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— سۇلتانخوجا، — دېدى ئۇ سۇلتانخوجىغا
نەسىھەت قىلغاندەك بوش ئاۋازدا. كىشىلەرنىڭ
ھەممىسى ئاقساقالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىردىنلا
جىممىدى، — سەن دېگەن قېرىنداشلىرىمىزغا
سەركە بولىدىغان ئادەم. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈ-
شىنىشىڭ كېرەك. ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ ھەممە
ئىشنى قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىن، قې-
رىنداشلارنى كۆچەيلى دېسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى
زادى قانچىلىك شادلىق تېپىپ كېتەر. بولدى
بەس، قېرىنداشلارنى زورلىما، بۇ يىغىنىڭنىمۇ
مۇشۇ يەرگىچە ئاچقىن. يېپىق قازان يېپىق پېتى-
لا قالسۇن، بۇ ئىشنى ئەمدى تىلغا ئالما...

ئاقساقال سەل ھاياجانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ
يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دەيدىغاندەك قىلاتتى. لې-
كىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئاندىن بىر
پۈتىنى سۆرىگىنىچە ئەڭ ئاۋۋال توپتىن ئايرىل-
دى. پەرھات يۈگۈرۈپ كېلىپ بوۋىسىنى قول-
تۇقلىغاچ سۇلتانخوجىغا ۋارقىرىدى:

— سەن ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىسەن سۇلتان،
مۇشۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، بىزنىمۇ
نابۇت قىلىسەن. كاللاڭنى سىلكىپ ئوبدانراق
ئويلىنىپ كۆر!

ئەمدى ئاقساقالنىڭ كەينىدىن كىشىلەرمۇ
بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىگە تارقاشقا باشلىدى. خېلى-
دىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدا سۇلتانخو-

جا بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان بىر-
نەچچەيلەنلا قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە سۇلتانخوجا زادىلا ئۇخلى-
يالمىدى. كەچلىك غىزادىن كېيىن پەرھات بى-
لەن بىرنەچچە دوستى سۇلتانخوجىنىڭ ئۆيىگە
كىرىپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ چىقىپ
كەتكەنىدى. سۇلتانخوجىغا ئۇ قەدىناس دوستلى-
رىنىڭ گەپلىرى خېلىلا ئۆتتى. ئۇ بۇ ئىشلار
توغرۇلۇق ناھىيىگە بارغان چاغدا تامامەن پىكىر
بېرەلەيتتى. لېكىن ناھىيىدىكى بىر قىسىم رەھ-
بەرلەر بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ «ئامال قىلىپ
يېزىدىكىلەرنى قايىل قىلارسىز» دەپ دولىسىغا
يېنىك قاققاندا كاللىسى ئاپئاقلا بولۇپ قالغان-
دى.

ئەتىسىدىن باشلاپ سۇلتانخوجا بۇ ئىشلارنى
قايتا تىلغا ئالمىدى. ناھىيىگە بېرىپ كەلگەندىمۇ
گويا ئۇ يەردىمۇ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بىرەر مۇزا-
كىرە بولمىغاندەك جىممىدە بولۇپ كەتتى. لې-
كىن زېمىندىكىلەر شۇ كۈندىن باشلاپ سۇلتانخو-
جىغا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ
كۆڭلىمۇ نېمىدۇر بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغان-
دەك ئازارچىلىق ھېس قىلاتتى.

زېمىندىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەرھالدا ئىزىغا
چۈشتى. ئەمدى ناھىيىگە تۇتىشىدىغان يول تولۇق
پۈتۈپ رەسمى قاتناش باشلانغانىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن زېمىندىكىلەر ئەل ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمى-
غان يۈك ياكى ئادەم باسقان ماشىنىلارنى ئارىلاپ
كۆرىدىغان بولۇشتى. لېكىن ئاقساقالغا بۇلارنى
كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى
بارغانسېرى ناچارلىشىپ ئۆيدىن تالاغا چىقالمى-
دى. زېمىندا شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نەچچە قېتىم
بوغداي پىشىپ ھوسۇل يىغىلدى. ئاخىرى ئاقسا-
قال ئۆزى ياتقان يوغان ياغاچ سۇپىدىن قوپالمى-
دى. زېمىندىكىلەر ئۇنى بىردەممۇ يالغۇز تاشلى-
مايتتى. نۆۋەت بىلەن كىرىپ ئاقساقالنىڭ گېپى-
نى جىممىدە ئاڭلاپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ
تېنىگە سالامەتلىك تىلىشەتتى. ئاقساقال ئۆزىنىڭ
ھالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىۋاتقانلىقى بى-
لەن ھېسابلاشماي دائىم پەرھاتتىن مەكتەپتە ئو-
قۇۋاتقان بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى.
ئۇ بىر كۈنى تۇيۇقسىز يېنىدىكىلەرگە سۇلتانخو-
جىنى يېنىغا چاقىرىشنى ئېيتتى. سۇلتانخوجا يې-
نىغا كىرگەندە ئۇ ھەممەيلەننى چىقىرىۋېتىپ يې-
نىدا سۇلتانخوجا بىلەن پەرھاتنىلا ئېلىپ قالدى.
كىشىلەر چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن سۇلتانخو-
جا ئېھتىيات بىلەن ئاقساقالنىڭ ئايىغى تەرىپىگە
كېلىپ ئولتۇردى. ئاقساقال يېنىدا تۇرغان بۇ
ئىككىيلەنگە نۇرى بارغانسېرى ئۆچۈشكە باشلى-
غان، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنى تىكىپ خېلىدىن
كېيىن تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا سۆزگە كىرىشتى:

— بالام، مېنىڭ يەيدىغان رىسقىم تۈگەپ
قالدى. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ساڭا ئىككى ئېغىز
گېپىمنى قىلىۋالاي. قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈ-
ۋاتىسەن. زەبەردەس يوغان ئادەم بولغىنى بىلەن
ئۇلار بىر توپ قويغا ئوخشاش مۆمىن، ئاقكۆ-
ڭۈل. سەن ھازىر ئۇلارنىڭ سەركىسى بالام. بۇ-
نى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما. ئۇلارنى نەگە
باشلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ كەينىڭدىن ئەگىشىپ
كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا باسقان قەدەملىرىڭنى ئويلاپ
باسقىن. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلا، ھەممە ئىشتا
ئالدى بىلەن شۇلارنى، شۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرىنى ئويلا، قېرىنداشلار خارلىنىپ قالمى-
سۇن! . . .

ئاقساقالنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى خىرقىراپ
ئاخىرى پەسلەپ كەتتى. پەرھاتنىڭ كۆزلىرىدىن
تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ بوۋىسىنىڭ قو-
لىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئاقساقال بىرئاز دەمىنى
ئېلىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى:

— پەرھات، ئىككىڭلار كىچىكىڭلاردىن بىل-
لە ئويناپ چوڭ بولغان ياخشى دوست. بىرەر
ئىشتا تېڭىرقاپ قالساڭ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەت-
لەشكىن. مەسلىھەت بىلەن پۈتكەن ئىشنىڭ ئا-
خىرى ياخشى نەتىجە تاپىدۇ. . .

ئاقساقالنىڭ ئاۋازى بىردىنلا جىمىپ كەت-
تى. بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي تىنىماي لىڭشى-
تىپ ئولتۇرغان سۇلتانخوجا بىر ئىشنى تۇيغان-
دەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاقساقالغا قارى-
دى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش لىغىرلاپ تۇرات-
تى. ئاقساقال كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. پەرھات
ئاستا ئاقساقالنى چاقىرىشقا باشلىدى.

— بوۋا، نېمە بولدىڭىز؟ كۆزىڭىزنى ئېچى-
ڭا!

ئاقساقال خېلىدىن كېيىن كۆزلىرىنى پاللى-
دە ئېچىپ بېشىدا تۇرغان بۇ ئىككىيلەنگە بىردەم

قارىدى - دە، ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپلا كۆزى يۇمۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككىيلەنگە يەنە دەيدىغان گەپلىرى باردەك قىلاتتى. ئاقساقال شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆزىنى ئاچمىدى، گەپمۇ قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئېڭىكى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— بوۋا، جېنىم بوۋا! . . .

پەرھاتنىڭ يىغىسى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. سۇلتانخوجا سىرتتىكىلەرنى چاقىرىش ئۈچۈن دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەتتى. . .

ئەتىسى ئاقساقالنىڭ مېيىتى پېشىن بىلەن يەرلىككە قويۇلدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇزۇنغىچە زېمىننى ئېغىر مۇسىبەت قاپلىدى. زېمىندىكىلەرگە ئاقساقالنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. سۇلتانخوجىمۇ جىمىپلا كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاقساقال ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالاتتى. سەھەردە كۆرگەن بۇ چۈشلىرىدە ئاقساقال ئۇنىڭغا يەنىلا شۇ گەپلەرنى قىلاتتى:

— . . . قېرىنداشلار خارلىنىپ قالمىسۇن! . . .

## ئاپەت

زېمىندا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى. تاغ سىرتىغا بېرىپ كېلىشكە ئىلگىرىكىدەك ئۇزۇن ۋاقىتمۇ كەتمەيدىغان بولدى. زېمىنغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان مېھمانلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. زېمىندىكىلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىلاندى. ئۆزگەرمىگىنى پەقەت بىرلا نەرسە ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئىلگىرىكىدەك يەرگە كوللېكتىپ ئىشلەيتتى. ھوسۇلنى كوللېكتىپ سۇلتانخوجىنىڭ باشچىلىقىدا جان سانىغا قاراپ بۆلۈشەتتى. كېلەر يىلقى ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ئايرىم ساقلىناتتى.

پەرھاتنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرىدىن بىرنەچچە تۇركۇمى ئىلگىرى - كېيىن ئۈچۈم بولۇپ ناھىيىدىكى ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كەتتى. ئۇ دائىم ناھىيىگە كىرگىنىدە ئۇ بالىلارنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئالىم بولۇپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. بالىلارمۇ پەرھات مۇئەللىمگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. دەرسلەرنىمۇ ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇۋاتاتتى. پەرھاتنىڭ بۇ بالىلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى چوڭ ئىدى. لېكىن بىر كۈنى بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زېمىنغا قايتىپ كەلدى. پەرھاتلا ئەمەس، زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا ھەيران قالدى.

— ئوقۇماي نېمىگە يېنىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى پەرھات بالىلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى زادىلا باسالماي.

— ناھىيىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى قىلىۋاتىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇش توختاپ ھەممە ئادەم شۇ ئىنقىلابقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ بالىلاردىن پەقەت شۇ گەپلەرنىلا ئۇقالىدى. ئەتىسى ناھىيىگە كىرىپ كەتكەن سۇلتانخوجا ھەممە ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ يېنىپ كەلدى. زېمىندىكىلەر ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تىت - تىت بولۇشقانىدى. لېكىن ئۇ قايتىپ كېلىپ زېمىندىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ تەشۋىشنى بىراقلا يوقاتتى.

— ھەقىقەتەن سىرتتا مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولۇۋېتىپتۇ. لېكىن قېرىنداشلار، خاتىرجەم بولۇڭلار. بۇ ھەرگىزمۇ ئىلگىرى بىز قىلغان قوراللىق ئىنقىلابقا ئوخشىمايدۇ، — دېدى سۇلتانخوجا ئۆزلۈكىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەرگە قاراپ ۋەزمىن ئاۋازدا، — بۇ ھەققانىي ئىنقىلاب بولۇپ كىشىلىرىمىز ئارىسىغا كىرىۋالغان بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بىر قىسىم سېپسىقلارنى، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ مال - دۇنيا يىغىۋالغان باي - پومېشچىكلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇلار ئۈستىدىن كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلاب. قېرىنداشلار مەن ئويلايمەن، بىزنىڭ بۇ يېزىمىزدا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ياكى باي - پومېشچىك ئاتالغان ئۇنداق كىشىلەر بولمىغاندىكىن، بىزنىڭ ئۇنداق ئىنقىلاب قىلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق بىر زۆرۈرىيىتى يوق. قېرىنداشلار، خاتىرجەم ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار.

زېمىندىكىلەر سۇلتانخوجىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تولۇق خاتىرجەم بولدى. كىشىلەر يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىن قايتىشىۋېتىپ «سىرتتىكىلەر بۇرۇن تازىلانماي كىشىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئۇ مەلئۇنلارنى قايتىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، جازالاپ ياخشى قىپتۇ» دېيىشتى.

بۇ باھار كۈنلىرى ئىدى. زېمىندىكىلەر شۇ
كۈنى سۇلتانخوجىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن خاتىرجەم ھالدا ئېتىز بېشىغا چىقىشقان-
دى. لېكىن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتانخو-
جا چىرايى بىر قىسىملا بولۇپ زېمىندىكىلەرگە
باشقا بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن بىز-
نىڭ يېزىدىمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرى-
شىمىز كېرەك ئىكەن. پات ئارىدا يۇقىرى يېزى-
مىزغا بىر قىسىم ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىنقىلابىي
پائالىيەتنى قانات يايدۇرىدىكەن.

لېكىن يېزىدىكىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەن-
سىرەپ كېتىشمىدى. ئۇلارچە بۇنىڭ ئەنسىرىگۈ-
دەك يېرى يوق، بۇ يەردە ئۇلار كۈرەش قىلغۇدەك
ئادەم ئەزەلدىن بولغان ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە
ئىككى كۈندىن كېيىن پېشىن مەزگىلىدە ماشىرەك
كىيىم كىيگەن، بېلىگە تاسما باغلاپ يەڭلىرىگە
قىزىل لاتىلارنى تىكىۋالغان 30 دىن ئارتۇق ئادەم
تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدا
سەپكە تىزىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ چىرايى تولىمۇ
سوغۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن
سۇلتانخوجا ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقىپ، بۇ بىر
توپ كىشىگە ئۇنى - بۇنى دەپ بۇيرۇق سوقۇۋاتقان
بىرەيلەننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز، قارشى
ئالىمىز، — ئۇ ھېلىقى كىشىگە قولىنى سوزۇۋې-
تىپ توساتتىن ئۇنى تونۇپ خۇشاللىقىدىن ۋارقى-
رىۋەتتى، — ھوي زۇنۇنغۇ سەن، بىز ئالدىنقى
يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە. . .

سۇلتانخوجىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئۇ كىشى-
نىڭ قاپاقلىرى جىددىي تۈرۈلۈپ قوپاللىق بىلەن
سۇلتانخوجىنى سىلكىۋەتتى.

— نېمە قىلىدىغان ئادەم سەن، ئىنقىلابىي
كادىرلارغا بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان. رى-
شىت، ئۇنىڭ نام - ئەمىلىنى سوراپ باق!

— خوپ!

— بىراق. . . — سۇلتانخوجىنىڭ سۆزى ئا-
خىرلاشماي ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ماشىرەك كىيىم-
لىك يەنە بىرەيلەن سۇلتانخوجىنى دەرھال چەتكە
تارتتى.

— سىز يېزا باشلىقىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— بۇياق بىزنىڭ باشلىقىمىز ماۋ ۋېيبىڭ
دۇيجاڭ بولىدۇ. ئەمدى ھەرگىز ئىلگىرىكى ئىس-
مىنى تىلغا ئالغۇچى بولماڭ. ئېسىڭىزدە چىڭ
تۇتۇڭ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىسمى ماۋ ۋېيبىڭ.
يۇقىرى بۇ يەرنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا ئۇنى
مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. مۇئامىلىدە سىلىق بو-
لۇڭ - ھە، ئىسمىڭىز؟

— سۇلتانخوجا.

— ياخشى، مەن سىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇ-
راي.

سۇلتانخوجىنى رىشىت ئاستا تارتقۇشلاپ ماۋ
ۋېيبىڭ دۇيجاڭنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. سۇلتانخوجا
كۆز ئالدىدا شۇنچىلىك تېز يۈز بەرگەن بۇ ئىش-
لارغا زادىلا ئەقلى يەتمەي گاڭگىراپلا قالدى. رى-
شىت باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، تىك تۇرۇپ
چاس بەرگەندىن كېيىن ئاپتوماتتەك سۆزلەشكە
باشلىدى:

— باۋگاۋ①، بۇياقنىڭ ئىسمى سۇلتانخوجا،
يېزا باشلىقى ئىكەن. بىزنى قارشى ئالغىلى ئالدى-
مىزغا چىقىپتۇ.

— ياخشى، — دېدى باشلىق، شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ يۈزىگە سەل - پەل كۈلكە يۈگۈرتۈپ
سۇلتانخوجىغا بۇرۇلدى، — ئىسمىم ماۋ ۋېيبىڭ،
يۇقىرى مېنى بۇ يېزىغا ئىنقىلابىي ئىشلارغا مەس-
ئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يېزى-
نىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا مەن مەسئۇل بولى-
مەن. نېمە، سىلەر خەۋەر تاپمىدىڭلارمۇ، بىزنى
قارشى ئالىدىغانغا بىرمۇ ئادەم چىقماپتىغۇ؟

— خەۋەر تاپقان، بىراق ئۇلار. . .

— نېمە، بۇ يەردىكىلەر بىزنى قارشى ئال-
مامدۇ؟

— يوغسۇ، يوغسۇ، قىزغىن قارشى ئالى-
مىز. شۇ سىلەرنىڭ بۈگۈن كېلىشىڭلاردىن خە-
ۋەرسىز قاپتۇق. قېنى، ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭ-
لىشايلى.

زېمىندىكىلەر شۇ كۈنىلا ئۇلارنىڭ كەلگەن-
لىكىدىن خەۋەر تېپىشتى. لېكىن سۇلتانخوجا
بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشخانىدا نېمىلەر توغرۇلۇق پا-
راڭلاشقانلىقىنى ئۇقالمىدى. پەقەت سۇلتانخوجى-

① باۋگاۋ — خەنزۇچە سۆز. ئۇيغۇرچە «دوكلات» دې-
گەن مەنىدە.

نىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن چىققاندا چىرايىنىڭ
تولىمۇ تاتىرىپ كەتكىنىنى، پېشانىسىدىن چى-
پىلداپ تەر چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇ كۈنى
ماشىرەڭ كىيىم كىيگەنلەر چوڭ ئىسكىلاتنى تاماق-
نى يەپ، قورساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن شۇ
يەردىلا ئارام ئېلىشتى. پەقەت ماۋ ۋېيبىڭ دۈي-
جاڭ بىلەن رىشىتلا سۇلتانخوجىنىڭ ئۆيىدە قون-
دى. بۇ ئىككىيلەن كېچىچە «ھاراقمۇ تېپىلماي-
دىغان قانداق جاي بۇ» دەپ سۇلتانخوجىدىن بىر-
مۇنچە ئاغرىنىشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئىسكىلات-
تىكى بىرنېمىلەرنى سىرتقا ئەچىقىپ تاشلاپ ئۆز-
لىرىگە كوللېكتىپ ياتاق ھازىرلاشتى. ئىسكىلات
بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قوشنا ئىدى. ماۋ ۋېي-
بىڭ دۈيجاڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنى ئىنقىلابىي قو-
ماندانلىق شتابى قىلىپ تاللىۋالدى ھەم ئۆزىنىڭ
مۇئاۋىن دۈيجاڭ رىشىتنىڭ ۋە دىجورنىنىڭ ئىش-
خانىلىرىنى بېكىتىپ بولۇپ قالغان ئىشخانىلار-
نىڭ ھەممىسىنى سوراقخانا، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى
قىلىپ بېكىتىۋەتتى. ئۇنىڭ گېپىچە بۇ ئۆيلەر
تېخى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن يې-
زىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەرگە ھەتتا سۇلتانخوجىنىمۇ
ئىش بېجىرىدىغان ئىشخانا قالماي ئىنقىلابنىڭ
جىددىي ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن شارائىت ياخشىلان-
غىچە بىر مەزگىل ئۆيىدە ئىش بېجىرىدىغان بول-
دى.

ئىنقىلابىي كادىرلار بۇ زېمىنغا كېلىپ ئو-
رۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە
قىلغان چوڭ ئىشى زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى
يىغىپ يىغىن ئېچىش بولدى. يىغىندا ئاۋۋال
رىشىت كەلگەن ئىنقىلابىي كادىرلارنى بىر - بىر-
لەپ تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ ماۋ ۋېيبىڭ دۈيجاڭنى
ئالاھىدە ھەم تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

— بۇياق يۇقىرىدىن يېزىغا ئىنقىلابىي ئىش-
لارغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن باش-
لىق ماۋ ۋېيبىڭ بولىدۇ. قېنى، قىزغىن قارشى
ئالايلى! سىلەر بىلىشكىلار كېرەككى، بىز بىر
ئۇلۇغ ئىنقىلاب دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز. باشلىقى-
مىز ئۆزى بۇ ئىنقىلابتا پىشقان بىر جەڭچى بو-
لۇپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ ئىسمىدىمۇ ئىنقىلابىي
مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. «ماۋ» — بۇ ئۇلۇغ داھىمىز
ماۋجۇشىدىكى «ماۋ» نى كۆرسىتىدۇ. «ۋېي» —
بۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا «قوغداش» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ. «بىڭ» — بۇ «جەڭچى» دېگەن مەنە-
نى بىلدۈرىدۇ. باشلىقىمىزنىڭ ئىسمىنى بىر-
لەشتۈرسەك مانا مۇنداق ئىنقىلابىي مەنىنى بىلدۈ-
رىدۇ، يەنى «ماۋجۇشىنى قوغدىغۇچى جەڭچى».
بۇ ھەقىقەتەن بىر ئىنقىلابىي مەنىگە ئىگە ئىسىم.
قېنى، يولداشلار قىزغىن قارشى ئالايلى.

لېكىن ئۇ كۈنى يىغىندىكى بۇ چۈشەندۈرۈش-
لەر زېمىندىكىلەرگە تولىمۇ بىمەنە، كۈلكىلىك
تۇيۇلدى. بۇ كىشىنىڭ ئەزان توۋلاپ قويغان
ئىسمى نېمىدۇر، دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇ كۈ-
نى رىشىت كىشىلەرنى تەرتىپكە چاقىرىپ، چاۋاك
چېلىشقا ئۈندەپ ناھايىتى ئاۋارە بولۇپ كەتتى.
ماۋ ۋېيبىڭ دۈيجاڭ ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى، ئەھ-
مىيىتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلابىي ئىشلار
توغرۇلۇق ئۇزاق سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ ئۆزى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى كەيپ-
ياتى زادىلا ئېچىلماي تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ قاپاق-
لىرى چۈشۈپلا كەتتى.

ئۇلار يىغىن ئاچقان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باش-
لاپ ئىنقىلابىي ئىشلارغا جىددىي كىرىشكەچكە
بىر ئاي ئىچىدىلا زېمىندا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر
بولدى. ماۋ ۋېيبىڭ دۈيجاڭنىڭ شۇ كۈنى يىغىن
ئاخىرىدا «بۇ يەردە نۇرغۇن مەسىلىلەر باردەك
قىلىدۇ» دېگىنىدەك، ئۇلار بۇ زېمىندا ئىنقىلا-
بىي ئىشلارغا زىت نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ
قىلىشقا باشلىدى. شۇلار قاتارىدا پەرھات چەت
ئەلگە باغلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا كاپىتالىزمچە تەش-
ۋىقات ئېلىپ بارغان ئېغىر جىنايەت بىلەن قولغا
ئېلىندى. ئىنقىلابىي كادىرلارنىڭ ئۇنى مەيدانغا
ئەچىقىپ پىپەن قىلغان كۈنىدىكى گەپلىرىگە قا-
رىغاندا ئۇ ئىلگىرى بۇ زېمىندىن ئايرىلىپ سىرتتا
نەچچە يىل كەينىدە يۈرۈپ تەلىم ئالغان كىشى
ئەسلى چەت ئەلدە ئوقۇپ چەت ئەل بىلەن قويۇق
مۇناسىۋىتى بار كىشى ئىكەن. ئۇ كىشى ئۆلگەن-
دىن كېيىن چەت ئەل بىلەن ئالاقىلىشىدىغان
ئىشلارنى ئۇ بىردىنبىر ئوقۇغۇچىسى بولغان پەر-
ھاتقا تاپشۇرغانمىش. پەرھات خەلقنىڭ كۆزىنى
بوياپ يالغاندىن ياخشىچاق بولۇپ ئىزچىل تۈردە
چەت ئەل بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەنمىش. زې-
مىندىكىلەر بۇ گەپلەرگە زادىلا ئىشەنمىدى. ئوت-
تۇرىدا بىر ئوقۇشماسلىق بار، دەپ ئىنقىلابىي
كادىرلارنى ئاۋارە قىلىۋەتتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا
پەرھاتنى تارتىپ چىقىپ پىپەن قىلىش زور يىغىن-
نى ئاچتى. بوينىغا يوغان تاختا ئېسىپ كوچىدا
سازايى قىلدى. چوڭلار ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان
تاختىدىكى خەتلەرنى باللارغا ئوقۇتۇپ ئۇنىڭ
«چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن خەت ئى-
كەنلىكىنى بىلىشتى. زېمىندىكىلەر بۇ ئىشلارغا

چىداپ تۇرالمىدى. ئىنقىلابىي كادىرلار پەرھاتنىڭ دۇمبىقىنى چالدىڭ ياكى شۇ تەرەپتە بولدۇڭ، دەپ سۇلتانخوجا ۋە بىرنەچچە كىشىنى تەڭلا قولغا ئالدى. ئارقىدىنلا يەنە تۈگمەن ھەيدەۋاتقان تۇرسۇن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق جىنايىتى بىلەن، پادىچى ئابدۇرۇسۇل فېئودالىزمنىڭ شايكىسى دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى. زېمىندىكىلەر بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالماي ئاخىرى بىر كۈنى چۈشتە قوللىرىغا كالتەك - توقماق ئېلىپ قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن «بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنى قويۇپ بېرىڭلار!» دەپ ئىسكىلات بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىنى قورشىۋېلىشتى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئىشخانىلارغا بېكىنىۋالغان ماۋ ۋېيبىڭ دۇيجاڭ باشلىق كىشىلەر تەمتىرەپ قېلىشتى. زېمىندىكىلەرنىڭ ھەيۋىسى، ئۇر - چاق سادالىرى بىلەن چۈشتىن كېيىن ئۇلار قولغا ئالغان كىشىلەرنى ئامالسىز قويۇپ بېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىندىكىلەر قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ تارقاشتى. ئۇلار يېڭىلا نەزەربەنتتىن چىققان بۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇلار بولۇشىغا تاياق يېگەندەك قىلاتتى.

لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىگەندى. شۇ كۈنى رىشىت زېمىندىن ئاتلىق چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلغانىدى. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا يەنە بىر توپ قوراللىق ئادەم ئۇنىڭ باشچىلىقىدا بۇ زېمىنغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى كۈنى قويۇپ بېرىلگەنلەر قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ ناھىيىگە يۆتكىۋېتىلدى. بۇلارغا قوشۇلۇپ ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن جىنايەت بىلەن يەنە بىرمۇنچە كىشى قولغا ئېلىندى. زېمىننى ئېغىر ۋەھىمە، مۇسىبەت، خار - زار قاپلىدى...

* *

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى بۇ زېمىنغا نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ ئاخىرى ئاياغلاشتى، — دېدى بوۋام ماڭا ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا ئېغىر خۇرسىنىپ، — لېكىن قېرىنداشلىرىمىز شۇ يىللىرى خارلىق، ئاچلىق، زارلىق ۋە ناھەقچىلىكلەر تۈپەيلىدىن توزغاقتەك توزۇپ، زور قەددى ئېغىر بېسىلىپ مىسكىنلىك ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتتى. لېكىن ھازىر كۆرۈۋاتىسەن، دەۋر ئوڭشالدى، بىراق قېرىنداشلىرىمىز بىر - بىرىنى ئالداشنى ئۆگىنىۋالدى. ھۇرۇنلىشىپ ئىلگىرىكى يىللاردىكى تىرىشچانلىقى ئازلاپ قالدى.

بوۋامنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىسى ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغاچقىمۇ خېلى مەزگىلگىچە بۇ ھېكايە كاللامغا كىرىۋېلىپ ماڭا زادىلا ئارام بەرمەي كەلدى. كېيىن مەن بۇ يەرگە كېلىپ بۇ زېمىندىن ئايرىلىپ كەتكىنىمگە 20 نەچچە يىل بولغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا سىرتقا توزۇغان كىشىلەر ئارىسىدىكى بىرەيلەننى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ دىۋانە ئىدى. مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئەتىسىلا ئۇمۇ بۇ يەرگە ئۈندى. ئۇنىڭ بۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، چىگىشلىشىپ كەتكەن، ئېگىز قەددى مۈكچەيگەن، پۇشقاقلىرى تىزىغىچە يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان كىلەڭسىز چىبەرقۇت ئىشتان، سېرىق لاتا خەيىنى قوڭالتاقلا سوڭىغا دەسسەپ كىيىۋالغان بۇ كىشىنى بوۋام بىرلا كۆرۈپ تونۇدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ زېمىندا نامى بار ئوۋچى ساۋۇت ئىكەن. شۇ قالايمىقانچىلىق يىللىرى ماۋ ۋېيبىڭ ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتۇ. «تۇۋۋا» دېدىم، دۇنيادا مۇنداقمۇ دىۋانە بولىدىكەن، زېمىندىكىلەر ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ نان، كىيىم بەرسە زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ كىرگەن ئۆيىدىن پەقەت بىر تىيىنلا سورايتتى. بوۋام ئۇنى كەچتە ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىدە قوندۇرۇۋالدى. لېكىن ئۇ كېچىچە ئۇھ تارتىپ جۆيلۈپلا چىقتى. مەن نېرىقى ئۆيدە يېتىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئاقساقالنى چاقىرىپ جۆيلۈگىنىنى، كېيىن يەنە «ئالتۇنلار يوققۇ» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. ئەتىسى ئۇ يەنە تۇتقىنىمىزغا قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بارغىنىدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سەن نېمىشقا بۇ يەردىكىلەردىن پەقەت بىر تىيىنلا ئالىسەن؟

— ئۇلار مەندىنمۇ نامرات.

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئورۇلۇپلا كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن مەستكە ئوخشاش دەلدەڭشىپ مېڭىشىغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم.

كېيىنكى يىللاردا مەن قايتا ئۇ زېمىنغا بېرىپ باقمىدىم. چۈنكى ئۇ يەردە ھۆكۈمەت قانداقتۇر بىر زاۋۇت قۇرماقچى بولغانىكەن. ئۇ يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاغ سىرتىغا كۆچۈرۈپتۇ. بىزمۇ بوۋامنى شەھەردىكى ئۆيىمىزگە ياندۇرۇپ ئەكىلىۋالدۇق.

# ئىشارەت ۋە باشقىلار

بوغدا ئابدۇللا

## ئىشارەت

ساڭا ئاي قىزىق كۆرۈنۈپتۇ - ھە،
ئېلىپ بەر دەپسەنغۇ ئىشارەت بىلەن.
نارىسىدە ئۇچۇن بۇ تىلەك ھەقلىق،
بىغۇبار كۆز يانار مۇھەببەت بىلەن.

يا توغاچ دېدىڭمۇ تەسەۋۋۇرۇڭدا،
سېنىڭچە قول سوزغان ھەر نەرسە ئاسان.
ساڭا كۆرۈنگەن دۇنيا جىلۋىدار،
سىلەرگە ئايلانسا دەيمەن جىمى جان.

## شىر

سەندە نە قوۋۇرغا - ئۇستىخان،
سەندە بىر تال موي، تامچە قان.
ئەسلىڭ مەرمەر ئەمەس، ئاددىي تاش،
ئوخشالغۇچىسەن، ئوخشاتقان.

تا ياسىغىچە سېنى ئويلىغان ئۇستا،
پۈتكۈزگىنىدە باستىمۇ تىترەك.
قىزىل يوپۇق ياپقىنى قىزىق تېخى،
ئۇدۇملىرى تالڭ كىملەرگە كېرەك.

ساڭا تاللاپ قويغان دوقمۇشنى،
ئۆتكەن - كەچكەنگە سىياقىڭ خىرىس.
ئىنسان ئۆزى بىر قورققاق تۇرۇپ،
ئۆزگىنى ھۈركۈتمەك ئىستىشى قالتىس.

## قاراپ باق

ناخشا سەندىن ئېيتالىدىڭمۇ،
سەھەر سەندىن كۆرەلىدىڭمۇ،
غۇنچە سەندىن سۆيەلىدىڭمۇ،
شەربەت سەندىن ئىچەلىدىڭمۇ؟!

## قىرغىز شائىرى

قىرغىز شائىرى جىمجىت يوللاردا،
گەپلىشىدۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى،
ئۆتۈپ قالساڭ يېنىدىن گاھى
كۈلكە ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ كۆزى.
بۇ ئۆزىگە خاسلا بىر ئادەت،
داۋام قىلىپ تۇرارمىش يېزى.
ئۆمۈر دېگەن ئوخشايدۇ چۈشكە،
شېئىرغا ئايلىنىپ بارىدۇ ئىزى،
ھەر قاپىيە، مىسراسىغا باق
گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ بوزى.
ئوي ئويلايمەن،
يازغىنىمىز پەقەت بىر كىتاب،
يۈرىكىمنى تېڭشاپ باقسام
تۇتاش ئىكەن يىلتىزى.

## تۇغۇلغان كۈن

جىمجىت ئۆتتى بۇ ئاخشام،
ياندۇرمىدى ھېچكىم شام.
رېستورانمۇ ئادەمسىز،
ۋىلىلدىماس شاراپ جام.

بۈگۈن كەلگەن بىر ئۇستاز،
يىللار بۇرۇن ئالەمگە.
زەررە - زەررە نۇر تۆكتى،
غۇنچە يەتتى تۈمەنگە.

ئايلاپ ـ يىللاپ لېكسىيە،
يېگەن بورى ئازمىدى.
ئەلە ئاخىرقى سائەتتە،
مۇنبەردىن ئۇ قېيمىدى.

# پۇشايمان

مەن دەيمەن سەن دەرەخ تىككەنمۇ،
سەن دەيسەن ئۇ قۇدۇق قازغانمۇ،
ئۇ دەيدۇ مېنى لاچىنغا كۆز چىقارغانمۇ،
قېنى كىم قۇمنى ئايلاندۇرغان گۆھەرگە،
قېنى كىم بىر تال شەبنەم بولۇپ چۈشكەن يەرگە.

تەمشەلگەن گەپ بوغۇزۇڭدا قالسا،
بىلەلمەي تۇلپار ئېغىلىڭدا قالسا،
باسالمىغان يول جاڭگالدا قالسا،
بېرەلمىگەن قول قوينۇڭدا قالسا.

ياشىدۇق دەيمىز غاپىلىلىق تولا،
ئادەممۇ بىز «مەن» دەپ يۈرسەكلا،
ئەقلىمىزگە پەرىكەت بەرسۇن،
ھەننىۋامىز تېخى بىر بالا.

# بۇگۇن ۋە ئەتە

ئاقىللار ئەتىنى ئويلايدۇ بىر ـ بىر،
بەزىلەر بۇگۇنگە تامامەن ئەسىر،
بەخت ۋە يا ھالاكەت
ئەتە دېمەك مۇقەررەر تەقدىر.
كۈلكە ھېچكىمدىن مىراس قالمىغان،
ھېچكىم يىغىنى سېتىپ ئالمىغان،
ئاۋۇنلىغ كەينىدا ماۋۇ بار،
شۇنداق چۆرگىلەپ تۇرىدۇ جاھان.

ئۇلارغىمۇ كېلىدۇ ئەتە،
بەلكى ساڭا كەلگەندىن بەتتەر،
يالغۇزلۇقتا كۆڭۈل شۇنداق ساپ،
ئۆزۈڭنىلغ دۇنياسى گۈزەل نەقەدەر.

# گۇناھكار كېلىن

قارغىشلاردىن پۈتۈلگەن تاش بۇ،
قات ـ قات تاغلار ئىچىدە تېخى،
(ھەممە خەقنىلغ ئىبرەت ئەينىكى)
بىر زامانلار بولمىش بىر يىغى،
قانچە ـ قانچە يىگىت ئات سېلىپ،
مەيدان ئارا ئېلىشقان يەك ـ يەك،
قىلىپ بولماس نومۇسنى قۇربان،
تاپالمىغان ياۋ بىرەر ئۆچەك.
ئەللەر كۆچكەن ئېگىز تاغ سايان،
تۆگىلەرگە بۆشۈكنى ئارتىپ،
قېرى ـ چاللار روھىدا غەزەپ،
يېڭىش ئۈچۈن ئىشەنچ ئۇلغايتىپ.
گۈزەتچىلىككە قالغان بىر كېلىن،
تاش ـ تاشلارنى دالدا قىلىشىپ
قەۋم كەتكەن بىر كەچ ئۇيقۇغا،
ئەتە ئۈچۈن كۆچ تەييارلىشىپ.
ۋاقىت ئۆتكەن ئاستا ۋە ئاستا،
شىلدىرلىغان گىياھلار پەقەت.
تاڭغا يېقىن بۆشۈك تەۋرىتىپ،
ئۇخلاپ قالغان كېلىن ئاقىۋەت.
قارا قۇيۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ،
قىرغىن قىلغان ياتلار دەھشەتلىك،
ئىسسىق قانلار ئاققان جىرادىن،
تاغلار ھەتتا تولغانغان دەردلىك.

شۇندىن كېيىن گۇناھكار كېلىن
كەتكەن ئىمىش تاشقا ئايلىنىپ.

# مۇقەددەس، سۆيىمەن ئەبەدىي سېنى

ماخمۇتجان ئىسلام

مۇقەددەس — جىگىرىم، ئانا يۇرت قىزى،
مەڭگۈلۈك سۆيگۈدە سۆيىمەن سېنى.

مەن تۈنجى ئۇچراتتىم سەھرادا سېنى،
يۇرت كاككۇك ئۈنىگە راسا تولغاندا.

نەۋ باھار گۈللىرى ياشنىتىپ دىلنى،
چېگدىلەر ھۆپپىدە پۇراق بولغاندا.
«ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ؟ — دېدىم ئۆزۈمگە، -
مەن كىرىپ قالدىممۇ ياكى جەننەتكە؟
سۇرەتمۇ؟ ھەيكەلمۇ؟ ئېزىتقۇمۇ يا،
قىز دېگەن بولامدۇ گۈزەل مۇنداقچە؟
ھەرقانداق بىر قابىل ھەيكالتىراشمۇ،
چىقالماس مۇنداقچە گۈزەللىكنى ياساپ.
بەلكىم ئۇ پەرىشتە، چۈشكەن زېمىنگە
زېرىككەچ ئەرشتە شاد - خۇرام ئويناپ. . . »
يۈرەكتە ھېسسىيات ياسىدى دولقۇن،
ئاقتى قان تومۇردا خۇددى قىياندەك.
تولغاندىم قوقاسقا چۈشكەن قىل كەبى،
تولغاندىم شورلۇقتا يۇرگەن يىلاندەك. . .

سەن ئەسىر قىلدىڭكى تامامەن مېنى،
مۇقەددەس، سۆيىمەن ئەبەدىي سېنى.

*        *

«يەنە بىر كۆرەيكى. . . » دېگەن ئۈمىدتە،
مۇقەددەس، زوق بىلەن قارىدىم ساڭا.
سەن سۆيگۈ ياغدۇرۇپ تەبەسسۇمىڭدىن،
مەن تەشنا جەننەت بوپ كۆرۈندۈڭ ماڭا.
گوياكى كۆيدۈرگەن بادەمدەك قارا
كۆزلىرىڭ چولپاندەك نۇراتتى چاقناپ.
نۇراتتى ئاھۇنىڭ كۆزىدەك، گۈلنىڭ
بەرگىدە چاقنىغان شەبنەمدەك ئويناپ.
كىرپىكىڭ قىياقتەك، ئويناق بولاقنى
قوغدىغان شەمشەرلىك قاراۋۇل گويا.
قاشلىرىڭ كۆڭۈلنى مەھلىياھ قىلغان
سۈيى مول، باغرى كەڭ بىر ئەگىم دەريا.
چېھرىڭدە جۇلالار قۇياش شولىسى،
ئۇ گويا گۆش گىردە قىزىرىپ پىشقان.
ئۇ گويا بىر ئانار، ھەر دانىسىدىن
گۈلگۈنرەڭ شىرنىلەر ئېتىلىپ تۇرغان.
ئېمىگە ئوخشتاي لېۋىڭنى سېنىڭ،
دېيىمكىن قىزارغان گىلاس، جىنەستە؟
ياق، نىگار، مەنبە ئۇ ئابىھاياتقا،
زەمزەممۇ باقىدۇ زوقتا - ھەۋەستە.
چاچلىرىڭ ھاياتقا پاسىۋان ئورمان،
مەجنۇنتال، سۇمبۇللار قالار ھەسرەتتە.
ھەر تېلى مەلئۇنلار كۆكسىگە خەنجەر،
ھەر تېلى ئاشىقلار ئۈچۈن گۈلدەستە. . .

مۇقەددەس، مۇقەددەس، جان پىدا جانان،
سەن ئەمەس پەرىشتە، ھەيكەل، يا سۇرەت.
سەن پەقەت مەن سۆيگەن ئانا يۇرت قىزى،
سەن پەرى، ئانا يۇرت ئېسىل بىر جەننەت.
ھۆسنىڭدە بار گۈلدەك يۇرتنىڭ سىماسى،
شۇڭلاشقا قامىتىڭ مۇزتاغ، تەڭرىتاغ.
قەلبىڭدە ئانا يۇرت ئىشقى بىر گۈلخان،
ئەل ئۈچۈن، ئاھ، باغرىڭ مىسلى گۈزەلباغ.
يۈرىكىڭ ھامانە دەريادەك ئويغاق،
سوقىدۇ يۇرت ئۈچۈن كۆپۈلدەپ ئويناق.
ئانا يۇرت مۇقەددەس، ئۇنىڭدا ئۆسكەن
ھەربىر تال گۈل - گىياھ، تاشمۇ مۇقەددەس.
ئانا يۇرت باغرىدا ئاققان بۇلاقلار،
دەريالار، ھەتتاكى ياشمۇ مۇقەددەس.
شۇڭلاشقا مۇقەددەس — ئانا يۇرت قىزى،
ئانا يۇرت ھەممىدە سەن ئوخشاش بىرلا نام.
ئانا يۇرت ئىشقىدا يانغان كۆڭلۈمنى
بەردىمكى، مۇقەددەس، ساڭا مەن تامام.

*        *

مۇقەددەس — جىگىرىم، ئانا يۇرت قىزى،
تەڭداشسىز ئىشقىڭدا باغلىدىڭ مېنى.
ئۆرتىنەر يۈرىكىم ھەرە چاققاندەك
ناۋادا، بىر دەقىق كۆرمىسەم سېنى.
سەن سۆيگۈ بابىدا ۋاپادار سەنەم،
سەن قەلبىم تۆرىدە مۆھتەرەم قۇياش.
سەن مېنىڭ جۇشقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكىم،
بەختىمدۇر سېنىلا «سۆيگۈم» دەپ ئاتاش.
سۆيگۈگە تۆرەلگەن ئىدىم جاھانغا،
قەلبىمگە سۆيگۈنى ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ.
سۆيمىگەن، سۆيمەسمەن سەندىن باشقىنى،
ئۆمرۈمنى سۆيگۈدە ياشناتتىڭ ئۆزۈڭ.
سېنىڭدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن مامات،
سەن بىلەن گۈللىنەر، ياشنار بۇ ھايات.
«ۋاپادار ئاشىقىم» دېسەڭلا مېنى،
مەن بەخت كۆكىدە قاقارمەن قانات.
سەن ئۈچۈن پىدادۇر ھەردەم ئەزىز جان،
ئىشەنگىن، سىناپ باق دائىما مېنى.
مۇقەددەس — جىگىرىم، ئانا يۇرت قىزى،
مەڭگۈلۈك سۆيگۈدە سۆيىمەن سېنى.

# ساقى

— ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ شۇنامىلىق غەزىلىگە مۇخەممەس

ئەسقەر ھۈسەيىن

خۇمار ئۆلتۈردى، شەپقەت قىل، سېنىڭدىن جان سوراي ساقى،
ۋۇجۇدۇم مىسلى چاڭقاق چۆل، مەيىڭدىن قاندۇراي ساقى،
قەدەھسىز ئۆتكىچە بىرئان، ساڭا مىڭ قۇل بولاي ساقى،
يېنىڭدا بىردەمى مېھمان بولۇپ بىر ئولتۇراي ساقى،
رەھىم ئەيلە، غەمىم لەشكەرلىرىدىن قۇتۇلاي ساقى.

كۆرۈڭ، يا بولدى ئوق قەددىم، ئېگىپ بەستىمنى چىركىنلىك،
قەدەھكە يەتمىدى ئىلكىم، كېسىپ دەستىمنى چىركىنلىك،
دەرىخا، قىلدى بەربات گۈل پۇراش قەستىمنى چىركىنلىك،
خاراموش ئەيلىدى ھەيھات، بوغۇپ نەپسىمنى چىركىنلىك،
ۋۇجۇدۇڭ بەھرىدىن ئەنبەر ھىدىنى بىر پۇراي ساقى.

ھەمىشە بىر بېشىمغا سالدى مىڭ سەۋدانى مەجنۇنلۇق،
بۇ مەجنۇنلۇقنى سورىساڭ لەيلىنىڭ ئىشقىدا مەھرۇملۇق،
بۇ مەھرۇملۇقتا ئال چېھرىمنى زەر رەڭ قىلدى سۇلغۇنلۇق،
قەدەھنىڭ بەرقىدىن يالقۇن چېچىپ يانغاندا بىر چوغلۇق،
يۈزۈم يالقۇنلىنىپ — پارلاپ، يېلىنجاپ چوغلىناي ساقى.

مەيىڭدىن بىنەسىپ كىمكى، ئەلەم دەشتىدە سەرسان شۇ،
نەسىپتۇر كىمكە بىر ئوتلام، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان شۇ،
تېگىشمەك قەترىسىگە جاننى خوپتۇر، چۈنكى جانان شۇ،
تېمىتقىن مەينى باغرىمغا، كۆيۈپ «پىژ» قىلسا ئارمان شۇ،
ھاياتنى تەن ئېلىپ بىردەم، كۈلۈپ بىر ئويغىناي ساقى.

ئەگەر مەي سۇنمىساڭ نامەرد توپىدا چانمىدىم ئەسلا،
ئەگەر مەست، ئەسلى تەبئىم بۇيرۇقىدىن يانمىدىم ئەسلا،
كۈلەيمەن مەستۇ - ھوشياركىم، كۈلۈشتىن قالمىدىم ئەسلا،
غەلەت ئېيتتىم كۈلەلمەيمەن، ياشاشقا قانمىدىم ئەسلا،
قۇچاقلاپ جاننى جانانەك بىھوش تولغىناي ساقى.

. . .

گويا مەردلىكتە ھاتەممەن①، قاچانكى مەيدە مەستا بولدۇم،
قاچان ھوشياركى مەن، قارۇن②كەبى ھىممەتتە پەس بولدۇم،
ئىچىپ جان قاقشىشىنى كۆرمىدىم، چۈنكى ئەلەس بولدۇم،
ۋۇجۇدۇم ئىلكىدە تۇتقۇن ئىدىم، ھەيرانۇ - ھەس بولدۇم،
بۇرۇن قانداقچە يۇردۇممەن، مۇشۇنداق ئويىنىماي ساقى.

تونى ھەم سەللىسىن ھەيىيام گۆرۈگە قويغىنى بارمۇ؟
ئېلىپ سۇنغان ساپال قولغا ناۋائى سورغىنى بارمۇ،
زەلىلى بىر تېتىپ «كەلتۇر» دېيان ئاھ ئۇرغىنى بارمۇ؟
كۆپۈكلەپ، جۇش ئۇرۇپ شائىر قېنىدەك تۇرغىنى بارمۇ؟
قۇيە! شۇنداق مەيىڭ بولسا ئىچىپ بىر يۇلقۇناي ساقى.

جاھاننى مىسلى جام ئەيلەپ، ئىچەيمەن، نەچچە تولدۇرساڭ،
ماڭا كەۋسەر نە ئارزۇ، مەي بىرلە غەمدىن قۇتۇلدۇرساڭ،
ھۆسەيىنگە نەھاجەت رەھنەما، ياندا ئۆزۈڭ تۇرساڭ،
مېنى شاد ئەيلىگەن قىلمىشلىرىڭدىن دوزىخى بولساڭ،
خۇداغا ئىلتىماس ئەيلەپ، بېھىشتىن قوغلىناي ساقى.

# بەخت كويى

## نۇر موللاق

يېلىسىرى ئاۋۇدى يول - يول سىزىقلار،
رەڭگىدىن بۇرۇنقى قىزىللىق ئۆچتى.
قۇندۇزدەك چېچىغا قوندى قىرۇلار،
شۇ زىبا قامەتتىن گۈزەللىك كۆچتى.

مەيلىغۇ، بۇنىڭغا ئەپسۇسلىغىم يوق،
كۇپايە مەن ئۇچۇن سۆيگۈ - ساداقەت.
كەتسىمۇ ئېچىلغان گۇلدەك ياشلىقى،
قەلبىمدە رەپىقەم سۆيۇملۇك ئەبەد.

چۇنكى زور ئىشەنچتە مېھرىنى باغلاپ،
ئۇ مېنى دىلىدىن ئۇمۇرلۇك سۆيگەن.
بولغاچقا ئەزەلدىن مۇھەببىتى پاك،
جېنىدەك ئېزىزلاپ ئاسرىغان، كۆيگەن.

ئۆتكۇزدى مەن بىلەن تالاي يىللارنى،
تۇرمۇشنىڭ يۇكىنى بىللە كۆتۈرۈپ.
نى ئېغىر ئىشلارغا كەلگەندىمۇ دۇچ،
باقمىدى چىرايىن بىر قېتىم تۇرۇپ.

ئۇ بىلەن كۆڭۈللۇك كۇنلىرىم ھەرچاغ،
يار ماڭا خۇشاللىق ئېچىپ كەلىڭ قويۇن.
سېزىمەن رەپىقەم بولمىسا بىر پەس،
ئۆي ئىچى چۆلدەرەپ ئۇچقاندەك قويۇن.

تەنھالىق دەردىنى تارتمىدىم پەقەت،
كەلگەچكە رەپىقەم بولۇپ چىن دەرمان.
يۇرىكىم قېتىدىن قەدىرلەپ ئۇنى،
مەڭگۇلۇك سۆيۇشتۇر مەندىكى ئارمان.

---

① ھاتەم — رىۋايەتلەردىكى سېخىلىق بىلەن شۆھرەت قازانغان شەخس.
② قارۇن — قەدىمكى مىسىر رىۋايەتلىرىدىكى مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۇكى، ھەمدە بېخىللىق ۋە خەسىسلىكى بىلەن داڭ چىقارغان كىشى.

بوۋاي ئۆزۈندىن بۇيان مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى. ئۇ ياتقان ياغاچ كارىۋات كۈن نۇرى تۇگۇل يورۇقمۇ چۈشمەيدىغان ئەڭ ئىچكىرى ئۆيگە قويۇلغانىدى. كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كارىۋاتنىڭ چىرىگەن پۇتلىرى ئېگىلىپ كېتىۋاتقاندەك، ھايالشمايلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

بوۋاينىڭ چاچ - ساقال ۋە بۇرۇتى، ھەتتا كىرپىكلىرى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى. قاردەك ئاقارغان، چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ ئۆسۈندىلەر ئۇنىڭ چىرايىنى يېپىۋېلىپ يۈز - كۆزىنىمۇ تۇزۇك پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

بوۋاي يوغىناپ ۋە ئۆزىراپ كېتىۋاتاتتى. كۆپتەك ئىششىغان قورساقلىرى تار كارىۋاتقا پاتماي قالغانىدى. «مۇشۇ قاراڭغۇ ئۆيدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟... مۇشۇنداقلا...» ئۇ ئىڭىر - ئىڭىر تىنىپ قوياتتى. «قانداق زامان بۇ؟!... زادى قانداق جاھان بۇ - ھە؟!...» ئەمما، ئۇنىڭ ئىڭىر تىنىشلىرىنى، قاتتىق توۋلاشلىرىنى ئۆزدىن باشقىلار ئاڭلىيالمايتتى.

قاچاندۇر بىر چاغلاردا، تاشقىرىقى ئۆيدىن — تولىمۇ يىراقتىن خوتۇنى، باللىرى ۋە نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ ئاۋازى غۇۋا ئاڭلانغاندەك بولدى.

— خەقلەر بوۋامنىڭ قورسىقىنى تاغاردەك ئىششىپ كېتىپتۇ، دەيدىغۇ. راستىما موما؟

— ئىششىق ئەمەس، كۆپۈك ئۇ، بالام. قورساق كۆپۈكى!

— نېمە كۆپۈككەن ئۇ، ئاپا؟ يوپيورۇق ئۆيدە، ئاچ - يالىڭاچ قويماي، پاكىز بېقىۋاتساق دادامنى؟ دادام ياتقان ئۆي ھەممىمىزنىڭكىدىن يورۇق، ئازادىغۇ تېخى؟!

— ئو... ھوي، بىلمەيسەن، بالام. بۇ ئۇنىڭ كېسىلى. ياش ۋاقتىدىمۇ «بۇ ئۆي نېمانداق قاراڭغۇ» دەپ مەن بىلەن ئۇرۇشاتتى. ھەدېسىلا جىلى بولۇپ، كىملەرنىدۇر تىللايتتى. ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنداق نارازى بولۇپ، قايناش بىلەنلا ئۆتتى.

— دادام ياش ۋاقتىدا تۇتقان ئۆي مۇشۇ شۇدۇ؟

— شۇ، بالام.

— ھە، مانا ئەمەسمۇ؟... بەزى ئادەملەرزە!...

بوۋاي بۇنداق سۆزلەرگە ئېرەن قىلمايتتى. ئۇلار بوۋاينى ئەزەلدىن چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەۋرە - چەۋرىلەر تۇگۇل باللارمۇ ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ قويمايتتى.

بوۋاينىڭ بەدىنى كۈنسايىن يوغىناپ ئۆزىراپ بېشى ۋە پۇتى كارىۋاتقا سىغماي قالغانىدى. كارىۋاتنىڭ قۇرت يەپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن شاللىرى پات - پات چاراسلايتتى.

موماي بىرنەچچە كۈندە بىر قېتىم كىرىپ بوۋاينىڭ ئېغىزىنى يېپىۋالغان ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئاستا قايرىيتتى - دە، ئۇنىڭ گەز باغلاپ ئاقىرىپ كەتكەن ئېغىزىغا ناننى ئۇشتاپ ئۇۋاقلاپ

• ئاbbas مۇنىياز



# ئۆجەتكى ئادەم

(ھېكايە)

سالاتتى، سۇ تېمىتاتتى. بىراق، بوۋاي بۇنى چايناپ يۇتىدىغاندەك قىلمايتتى. مومايمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. بەزىدە بوۋايغا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياتتى:

— سەۋرى قىلىسىلا دادىسى. جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق، دەپتىكەن. . .

مومايىنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا كارىۋات يەنە چاراسلاپ كېتەتتى. چاچ - ساقال بېسىپ كەتكەن بوۋاينىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ موماي ئۇنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. قوپال ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ قوغلاپ كەتكەن چاغلىرى، «تالاق قىلىۋېتىمەن!» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى يادىغا كېلىپ شۈركىنىپ كېتەتتى. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىدىغاندەك، ئۇزۇندىن بېرى قولى تەگمىگەن ھاسىسىنى ئېلىپ يەنە ئۆزىنى بولۇشىغا دۇمبالايدىغاندەك بىلىنەتتى. . .

— ماقۇل مەن چىقاي. . . مەن يەنە كىرىمەن. . .

قورقۇپ غال - غال تىترەپ تۇرغان موماي، شۇ سۆزنى قىلىپلا ئۆزىنى سىرتقا ئاتاتتى.

بوۋاي ياتقان ئۆيدىن چاراسلىغان ئاۋاز ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە موماي بوۋاينىڭ بەدەنلىرىمۇ چاراسلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— داداڭنىڭ تېنى چاراسلاۋېتىپتۇ بالام. غەزەپ تېشىغا تېپىپتۇ.

— پوق!

ئانىسىدىن تۇغۇلغانلىقىدىنمۇ گۇمان قىلىدىغان بالىلارغا بۇ گەپ قىلچىلىك تەسىر قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار بوۋاي ھەققىدىكى ھەرقانداق خەۋەرنى ئاڭلىماسلىققا ئەھدى قىلىشتى.

بوۋاي ئۆزىنى ئىككى دۇنيانىڭ پاسىلىدا تۇرۇۋاتقاندەك، پانىي ۋە باقىي ئالەمنى ئوخشاشلا كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. خىيالدەك كۆرۈنمەس، چۈشتەك ئۆتكۈنچى، جاندەك سىرلىق بىر ھالەتتە لەيلەپ ياشايتتى. ئۆزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمەيتتى. ئۇ خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرەتتى: غايەت يوغان، ئۇزۇن بىر بوۋاي، كارىۋات ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ كىچىك بىر قونداق، ئۇنىڭ شاللىرى ئېگىلىپ يەرگە چاپلىشاي دەپ قالغان. پۇتلىرى يادەك ئېگىلگەن، يۈزىنى ساقال - بۇرۇت باسقان. قولتۇق، مەيدە ۋە ئاللىقانداق بىر يەرلىرىدىكى تۈكلەر قاسماقلىشىپ تېرىدەك تاراقلاپ تۇرغان تامبال، كۆڭلەكلەرنى تېشىپ چىققان. كارىۋات ئەتراپىدىن چىدىغۇسىز بىر خىل سېسىق پۇراق تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئۆي قاراڭغۇ. ھەممىلا يەر قاراڭغۇ! . . .

ھويلىدىن، يىراق - يىراقتىن بىر تالاي كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، گۇدۇڭشۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. لېكىن بوۋاي بۇنداق ئاۋۇشلارنى چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چاراسلاپ يېرىلىۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتى. . .

پايانسىز يېشىل يايلاق، قۇياش پارقىراپ تۇرغۇدەك، زەرەخەتمىگە كەلگەن كىشىلەر ھەددى - ھېسابسىزمىش. كېلىۋاتقانلار يەنە بىرەر يىلدىمۇ قويرۇقى ئۈزۈلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپىمىش. ئاش - تاماق، نازۇ - نېمەتلەرنىڭ تۈرلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز بولۇپ، زەرەخەتمىدە ئىشلىمەيدىغان، ئۇ كۆرۈپمۇ باقمىغان تاماقلار تۇرغۇدەك. ئۇ، نام - شەرىپىنى تولا ئاڭلىغان، لېكىن دىدارلاشمىغان بىرسى ئېگىز بىر ھارۋىغا چىقىۋېلىپ سۆزلەۋاتقۇدەك:

— زەرەخەتمىنى زاراتگاھتا — تارچىلىقتا ئەمەس، ئۇچۇقچىلىقتا — مۇشۇنداق يايلاقتا قىلغۇلۇق. بۇ يەرگە ھەممە كېلەلەيدۇ. خالايىق، ھەممىڭلارنىڭ ھەققى بار. مانا يايلاق، مانا بۇلاق، ئەنە كۈن، ئەنە تۇپراق! . . . كۈلۈڭلار، قېنىڭلار! . . .

بوۋاي باشقا بىر يەردىمىش. كارىۋات چاراسلاپ تۇرغۇدەك. چاراسلاۋاتقان بوۋاي قىھ - قىھلاپ كۈلگۈدەك. . . غەلىتە پاسىل. قاراڭغۇ بىر تەرەپتە ئاسمان پەلەك ئوت. يەنە بىر تەرەپتىن غۇر - غۇر شامال خۇشبۇي پۇراقلارنى ئېلىپ كەلگۈدەك. بىردىنلا كۈچلۈك بىر سادا ياڭرىغۇدەك:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! بۇ يەردە ھەق ۋە باراۋەرلىك تارازىسى، ئۇ يەردە راھەت قوغلىشىپ كۆرەڭلەپ كەتكەنلەر مانا بۇ يەردە ئوتقا — قاراڭغۇغا مەھكۇم! ئۇ يەردە دەرد ۋە مۇشەققەتكە

بەند قىلىنىپ، قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقالمىغانلار،
مانا ئەمدى راھەتخانىغا — شاماللىق ئايدىڭغا نا-
ئىل! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! كۆرەڭ راھەتنىڭ
پۇشايمىنى، دەردۇ ـ ھەسرەتنىڭ تىلەك ـ ئارمى-
نى. كېچىنىڭ كۈندۈزى، كۈندۈزنىڭ كېچىسى
بار. بۇ يەردە ھەممىگە ھەممىنى تېپىتىمىز! . . .

بوۋاي بۇلارنىڭ چۈشى ياكى خىيالى ئىكەن-
لىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. ھېلى غىل ـ پاللا
كۆرگەن بۇ ئىش ئۇنىڭغا بىرنەرسىدىن بېشارەت
بېرىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ ئۇ، پانىيلىقنىڭ ئاخىرقى
پاسىلى بىلەن باقىيلىقنىڭ تۇنجى قىرىنى تەڭ
دەسسەپ تۇرۇۋاتقان ئەمەسمىدى؟

بوۋاينىڭ بەدەنلىرى ئاستى يەرگە چاپلىشىپ
قالاي دېگەن كارىۋات بىلەن قوشۇلۇپ قاتتىق چا-
راسلايتتى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن
تېشىپ چىققان قويۇق، ئاپئاق تۈكلەر بىر خىلدا
دىرىلدەپ تىترەيتتى. ئۇچىسىدا كىيىم بار ـ يوقلۇ-
قىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۆسكىلەڭ چاچلىرى
ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان بېشى ۋە بەكلا ئۇزد-
راپ كەتكەن تۈكلۈك پاچاقلىرى تېگى يەرگە تا-
قاشقان كارىۋاتنىڭ ئىككى بېشىدىكى تۇسىمىسىنى
سۇندۇرۇپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ
بەدەنلىرى ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا بىر چاراس-
لايتتى.

ئۇ چاراسلاش ئىچىدە بەدەنلىرىنىڭ ھەممىلا
يېرىنى قومۇشتەك ئۇزۇن تۈكلەر بېسىپ كەتكەن-
لىكىنى خىرە ـ شىرە سېزەتتى ۋە شۇئان كۆز
ئالدىغا بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن «قومۇش ئادەم»
رىۋايىتى كېلەتتى.

. . . ئادەم ئۆلمەسلىككە يارىتىلغانىكەن. . .
بەك ـ بەك ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى قوپالماي
يېتىپ، پۈتۈن بەدەنلىرىنى ئوت، قومۇشلار بې-
سىپ كەتكەن دادىسىنى ئالداپ ـ سىلاپ دەرياغا
تاشلىۋېتىپ كەلگەن يىگىتمۇ ئاخىرى «قومۇش
ئادەم» گە ئايلىنىپتۇ. ئۇ تولىمۇ ئاجىزلاپ كەت-
كەچكە، ئورنىدىن قوپۇش تۈگۈل ئۇيان ـ بۇياد-
غىمۇ ئۆرۈلەلمەي ياتىدىكەن. غىزانىمۇ ئۆزى يې-
يەلمەيدىكەن. يېگۈزۈپ قويسا «تويدۇم» دېيىش-
نى بىلمەيدىكەن. ئۇنى باللىرى ھاجەتكە ئېلىپ
چىقىدىكەن، ئۆرۈپ قويىدىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ،
يىللار ئۆتۈپتۇ. . . باللىرى ئۇنىڭغا ئاش ـ تاماق

بېرىشتىن، ئۆرۈپ قويۇشتىن، ھاجەتكە ئەپچد-
قىشتىن زېرىكىپتۇ. ئۇنتۇلغان بوۋاي ئۇزۇن
يىللارغىچە ئۆرۈلمەي يېتىۋېرىپ، پۈتۈن بەدەنلد-
رىنى ئوت، قومۇش تېشىپ چىقىپتۇ. ھەممىلا
يېرىنى قومۇش بېسىپ، ھەقىقىي بىر «قومۇش
ئادەم» گە ئايلىنىپ قاپتۇ. . .

بىر كۈنى باللار «قومۇش ئادەم» گە ئايلاد-
غان دادىسىنى ئەسكە ئېلىشىپتۇ. ئۇلار خېلى
ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپ گەپلىرىنى پىشۇرۇۋېلىش-
قاندىن كېيىن، چوڭ ئوغۇل دادىسىنى ھاپاش
قىلىپ دەريا تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئاجايىپ
سىپايىلىق بىلەن دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ. . .
دەرياغا يېقىن كەلگەندە، بوۋاي تۇيۇقسىزلا زۇۋاد-
غا كېلىپ:

— ئوغلۇم، مېنى ئاۋۇ باش تەرەپتىكى قاي-
نامغا تاشلىغىن، مەنمۇ دادامنى — سېنىڭ بو-
ۋاڭنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەن، — دەپتۇ.

بوۋاي شۈركىنىپ كەتتى. ئۆزىنىمۇ «قو-
مۇش ئادەم» گە ئوخشاتقۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ،
ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىغان. يېتىملىكتە چوڭ
بولغاچقا، «قومۇش ئادەم» گە ئايلانغان دادىسىند-
مۇ كۆرمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ مۇشۇنداقلا ئۆ-
لۈپ كېتەرمۇ؟ «قومۇش ئادەم» دەك قومۇش بې-
سىپ ئەمەس، يوڭ ئادەمدەك چۇپۇر بېسىپ؟ ! . . . تار-
چىلىقتا، مۇشۇ قاراڭغۇدا!

بىرھازادىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىدىن
«ۋىل»لىدە بىر خىيال كەچتى. «مۇشۇ پېتى
ئۆچەككە كىرىپ كەتكەن بولسام ـ ھە؟ » بۇ خد-
يال ئۇنى قايتا ئۈمىدلەندۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
ئېسى ـ يادى «ئۆچەك» كە كىرىشتىلا قالغانىدى.
ئەگەر شۇنداق بولسا مەڭگۈ ئۆلمەيتتى. ئۆچەككە
كىرىۋالاتتى، چىقاتتى، يەنە كىرەتتى. . .

بوۋاينىڭ يېنىغا ئۇزۇنغىچە يولىمىغان مو-
ماي بىر كۈنى بىرەيلەننى باشلاپ كىردى. ئۇ
ئىلگىرىكى چاغلاردا بوۋاينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ
چىقىپ كەتكەن تېۋىپ ئىدى. ئۇلار قاراڭغۇ ئۆيدە
سىلاشتۇرۇپ يورۇپ بوۋاينى تاپتى ۋە قورقۇپ
توۋلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئۇلارنىڭ قو-
لىغا ئۇرۇنغىنى غايەت زور ۋە ئۇزۇن چۇپۇر گەۋ-
دە ئىدى!

— دە. . . دەسلەپتە قورسىقى كۆپكەن.

مۇنداق. . .— قورقىنىدىن تەرلەپ كەتكەن مو-
ماي كېكەچلەپ تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن قور-
سىقىنى كۆرسەتتى.

— قا. . . قا. . . قاچان كۆپكەن؟— ئاران
شۇنداق دېيەلىدى تېۋىپ بوۋاينىڭ يېنىدىن قې-
چىپ تۇرۇپ.

— كاككۇك كەلگەن يىلى.

موماينىڭ سۆزلىرى تېۋىپنىڭ قولىقىغا
كىرمەيتتى. ئۇ بۇ ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كې-
تىشكە ئالدىرايتتى.

— نېمە يېگەن؟

— ئاچارچىلىق يىلىدا بوغۇز① يېگەن.

تېۋىپ بوۋاينىڭ قويۇق تۈك باسقان قولى-
نىڭ بىغىشىنى ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ كۆردى.
كۆزىنى يۇمۇپ تومۇرنىڭ سوقۇشىنى تىڭشىدى.
تېۋىپ بوۋاينىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋېتىپ بەدەنلىرى
غال - غال تىترىدى. ئىختىيارسىز هالدا قورقۇنچ
بېسىپ، چىشلىرى كاراسلىدى.

— بۇ زات ئۆ. . . ئۆچەككە كىرىپتۇ!

— ئۆچەك؟ . . . بۇ. . . بۇ قانداق گەپ؟

— خۇداغا ئامانەت! . . . ئۇنىڭ ئۆچەكتىن
قانداق شەكىلدە چىقىدىغانلىقىنى بىر خۇدا بىلى-
دۇ. . . خۇ. . . خۇدا بىلىدۇ! . . . بىز. . .
ھەممىمىز بەندە! . . .

ئېغىزىنى يوغان ئاچقىنىچە هاڭۋېقىپ قالغان
موماي شۇندىلا هازىر زىمىستان قىش پەسلى ئى-
كەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. راست، ئۆچەك دېگەنگە
قىشتا كىرىدۇ ئەمەسمۇ، يىلانمۇ، پاقىمۇ، هەرى-
مۇ. . . لېكىن بۇ ئادەم. . .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيدىن موماينىڭ قارى-
سىنمۇ يوقتى. ئەمدى بوۋاي ياتقان قاراڭغۇ ئۆيدىن
چاراسلىغان ئاۋازلا ئەمەس، پېشىپ كەتكەن كۆك-
چى قوغۇننىڭ يېرىلغىنىغا ئوخشاش «ۋارس -
ۋۇرس» قىلغان ئاۋازلارمۇ ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ
تۇراتتى.

بوۋاينىڭ غايەت زور چۇرۇك جىسمى ئۇگە - ئۇ-
گىلىرىدىن ئاجراپ، يېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ-
نىڭ بەزى جايلىرى تىلىم - تىلىم كېسىلگەن،
بەزى قىسمى باش پىيازنىڭ پوستىدەك سويۇل-
غان، ئايرىم يەرلىرى زەي تارتقان تامنىڭ سۇۋاق-
لىرىدەك ئۇۋۇلۇپ ئۇچۇپ چۈشكەنىدى.

بوۋاي ئېغىر تىناتتى. بىراق تىنىقىنى ئۆزى-
مۇ ئاڭلىيالمايتتى. «ئۆچەككە كىرسەم ئىدىم،—
دەيتتى ئۇ زېھنىنى يىغىشقا تىرىشىپ،— ئۇ چاغ-
دا قايتا جان كىرەتتى. تىلىكىمنى ئىشقا ئاشۇرات-
تىم. . .» شۇئان، ئۇنىڭ بەدەنلىرى ۋاراسلاپ،
چاراسلاپ تېخىمۇ يوغان يېرىلدى. ئەمدى ئۇ،
ئۆزىنى راستىنلا ئۆچەككە كىرگەندەك هېس قى-
لىۋاتاتتى. «مۇشۇ تېرە ۋە تۈكلىرىمنى تاشلاپلا
ياپياش بىر ئادەم بولۇپ چىقسام. . .» ئۇ، زە-
بەردەس يىگىت بولۇپ كېتىۋېتىپ ئۆز خىيالىدىن
ياندى، «بولمايدىكەن! . . . ئادەم بولۇپ نېمە
قىلالىدىم؟ . . . قېرى هالىتىمدە چىقسام، هېچ-
نېمىگە يارىمايمەن. ياشىرىپ چىقسام، قىزىق خۇ-
مارىم ئەگىشىپ چىقىدۇ. خوتۇن خەققە ئامراقلى-
قىمدىن تىلىكىمنى ساتقان ئادەممەن. ئۇنىڭدىن
باشقا. . . ئۇ ئاجىز، ئۇ يارامسىز! . . . يەنە نېمە-
دەپ؟ ! . . . ئادەم بولۇپ ئۆچەككە كىرمەيمەن،
ئۆچەككە كىرسەم ئادەم بولمايمەن! . . .»

بوۋاينىڭ بەدەنلىرى تېخىمۇ قاتتىق ۋاسىل-
داپ يېرىلماقتا ئىدى. ئۇ كۈچۈنۈۋاتاتتى. «ئۆ-
چەكتىن قوي بولۇپ چىقسامچۇ؟ . . .» ئۇ ئەزەل-
دىن قوي گۆشى يەپ كەلگىنى ئۈچۈنمىكىن،
بىرىنچى بولۇپ ئېسىگە قوي كەلدى.

موماي قاراڭغۇ ئۆيدىكى كۈچلۈك ۋارسىل-
داشنى، ئارقىدىنلا بىر قوينىڭ قاتتىق مەرىگىنى-
نى ئاڭلىدى. هايال ئۆتمەيلا قويدەك بىرنەرسى-
نىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدىن سىرتقا چېپىپ چىقىپ
كېتىۋاتقان تىۋىشىنى سەزدى. . . .

. . . ئەگمەچ مۈڭگۈزلۈك ئاق قوشقار ئۇ-
زۇندىن بۇيان نىشانلاپ كەلگەن سېمىز بىر ئادەم-
نى زەرب بىلەن ئۈستى. يىقىلغان ئادەم ئورنى-
دىن تۇرۇپلا يوغان بىر پىچاقنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ
ئالدىغا يۈگۈردى. قوشقار قاچمىسا بولمايتتى.
قاچتى. . . لېكىن، بىرھازادىن كېيىن ئادەملەر
ئۇنى قورشاپ تۇتۇۋېلىشتى.

— يەم - بوغۇز بېرىپ سەمرىتىپ قويسام،
مېنى ئۈسۈشنى ئۆگەندىڭمۇ هايۋان! تىقىلىپ
كەتتىڭ، ئەجىلىڭمۇ توشقان . . . كەل!

هېلىقى سېمىز ئادەم ۋالىلداپ تۇرغان پى-
چاقنى قوشقارنىڭ بوغۇزىغا تەڭلىدى. ئۇ، ئايەت

---

① بوغوز — گۇرۇچ تىرىپسى.

ئوقۇيدىغاندەك قىلمايتتى. «ئىم!... ھارام بولىدىغان بولدۇم... ئايەتنى ئۆزۈم ئوقاي... لائىلاھە ئىللەللاھ...»

شۇئان نەدىندۇر مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى كەلدى. مۈگدەپ ئولتۇرغان موماي بىر قويىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا مەرىگىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. تىنىمسىز ھاسىراۋاتقان بىرنەرسىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيگە گۈپۈلدەپ كىرىپ كېتىۋاتقان تىۋىشىنى خىرە - شىرە سەزدى.

ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىدىغان ئاۋازلار توختىمايتتى. بوۋاينىڭ سېسىق پۇراق تارقىتىپ تۇرىدىغان چۈپۈرلۈق قىسمى چۈۋۈلغان قاسراقتەك يېرىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئارىسىدىن قانداقتۇر بىرنەرسە تىرىلىپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى دەماللىققا پەرق قىلغىلى بولمايتتى. چۈرۈك تەن بىر خىلدا تىترەيتتى. پۈتۈن بەدەننىڭ تەكشى سىلكىنىپ تۇرۇشى يېڭى جاننىڭ تېزرەك تەندىن ئاجراپ چىقىشقا ئىنتىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

«قوي بولسامۇ تىلىكىم ئىشقا ئاشمىغۇدەك. ئۇنىڭدىن كالا ياخشى ئەمەسمۇ؟... ئۇزۇن مۈڭگۈزى بار، كۈچلۈك...»

ئەزان ئاۋازىغا ئۇلاپلا موماي بىر كالىنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى، ئارقىدىنلا كالىدەك پۇشۇلدايدىغان بىرنەرسىنىڭ بۇلۇڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىدى.

دەرغەزەپ بىلەن بارغان كالا ھېيلىگەر رەقىبىنىڭ بوغۇزىنى يەپلا قىساسىنى ئۇنتۇغان؛ ئالدىنىپ قوشقا قېتىلار چاغدا، غايىب بىر ئاۋازنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قېچىپ كەلگەنىدى.

«كالىمۇ بولمايدىكەن!... بولمايدىكەن!...»

ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ كالا گۆشىمۇ يەپ يۈرگىنى ئۈچۈن، قويدىن كېيىنلا شۇ يېقىملىق ياۋاش كالا ئېسىگە كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ، كالىمۇ، قويمۇ ئۆچەككە كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. «ۋاي دۆتلۈكۈم!...» دېدى ئۇ، ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك بولۇپ، «قايتا ئۆچەككە كىرەلەيدىغان جانلىق بولۇپ تىرىلسەم، يەنە نېمە بولماقچى؟ شۇڭا كۈنۈم مۈشۈكەن!... ئېشەك، توڭگۇزچۇ؟... ۋاي ئۆلەي، ئۇلار دېگەن ھارام!... ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوقمۇ، ئۆچەككە كىرەلەيدىغان؟...»

ئۇنىڭ ئاززاق شامال چىقسىلا ئۆچۈپ قالىدىغان جىنچىراغدەك پىلدىرلاپ قالغان زەئىپ روھى بەكلا خوراپ كەتتى. پۈۋۈلەپ قويسىلا تۇزۇپ كېتىدىغان بىر قوۋۇز ئىستەك تۇتۇق زېھنى يەنە خىرەلەشتى. يېرىلغان تەن كۈچلۈك سىلكىنىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

تىنىمسىز تىترەۋاتقان ئۇزۇن ۋە ئاپئاق تۈكلەر سىم چوتكىدەك تىكلىشىپ تۇراتتى. قويۇق تۈكلەر ئارىسىدىن بوشىنىش ئالدىدىكى ئانىنىڭ ئاۋازىدەك ئەلەملىك ۋە ئاغرىق كىشىنىڭ نالىسىدەك ئېچىنىشلىق بىر چىڭقىلىش، بىر خىل ئازابلىق ئىنجىق ئاڭلىناتتى. بوۋاي ئاداققى كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىۋاتقاندەك قىلاتتى. «نېمە بولۇشنى بىلمەيدىغان قانداق بەندە مەن؟ ھېلىمۇ ياشاپتىمەن... يەر يۇتۇپ كەتمەپتۇ مېنى!... ئۆچەككە كىرەلەيدىغان، چىقالايدىغان، ئۇچالايدىغان ھەم قاچالايدىغان جانلىق نېمىدۇر؟... پاشا، چىۋىن، ھەرە... توغرا، ھەرە! ئۇ، ھەرە بولىدۇ. كۈنىكىنى تاشلىۋەتسە كۆچىدىغان، لاي چاپلىسا ئۆلىدىغان سېرىق ھەرە ئەمەس، رەقىبىنى قاچۇرالايدىغان، چاققىنىنى ئۆلتۈرەلەيدىغان قارا ھەرە بولىدۇ!... ئۇ، ئۆچەككە كىرىدۇ، چاقىدۇ، قاچىدۇ. ئاھ، تىلىكىم!...»

چاراسلاش ئەۋجىگە چىقتى. ئويغۇچان موماي بۇ قېتىم ئاجايىپ يوغان بىر قارا ھەرىنىڭ قاتتىق غوڭۇلداپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

ئۆمۈر بويى يىغىپ كەلگەن زەھىرىنى كۆزلىگەن يېرىگە ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم سانجىۋەتكەن ھەرە تولىمۇ ئۇزاقتا كۆرۈنگەن نۇر توچكىسىغا — يىراق ئۇپۇققا قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى....

سىرتتىن، يىراق - يىراقتىن نۇرغۇن كىشىنىڭ چۈشىنىكسىز گۇدۇڭشىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاراڭغۇ ئۆيدىكى تېگى يەرگە چاپلىشىپ قالغان كارىۋات بىر خىلدا چاراسلايتتى..

## ۋەتەن ۋە بۇرچ



(ئەدەبىي ئاخبارات)

### چېن جې، جياۋ شۆەن

نىياز ئەمەت تەرجىمىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

### «سېگان قەبىلىسى» دىكى كىشىلەر

يول ياساپ، كۆۋرۈك سالىدىغان، ئۇ جايدىن بۇ جايغا يۆتكىلىپلا تۇرىدىغان كىشىلەر بۇرۇندىنلا «سېگان قەبىلىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ چېگرا رايوننىڭ يول بارلىكى جايلىرىدا ئۇلارنىڭ — تاشيول ياسىغۇچىلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بار. . .

1957 - يىلى باش باھار، زاما ماڭباۋدا تۇرۇشلۇق قىسىم ئېگىزلىكتە ياشايدىغان ئاپەتكە ئۇچرىغان 10 مىڭ كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاشلىق ياردەم قىلغاچقا، قىسىمنىڭ ئىككى ئايدىن بىرى ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالدى. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى خەلق ئىشچىلىرىنى تەشكىللەپ قىسىمغا جىددىي ئاشلىق يۆتكەشنى قارار قىلدى. كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىدىن بىر ھەپتە ئىچىدىلا 30 مىڭ تۇياق ئېشەك ۋە 3 مىڭ تۆگە يىغىلىپ، 19 ترانسپورت ئەترىتى تەشكىللىنىپ، ئالى رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىمغا ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ھەربىي لازىمەتلەر توشۇلدى.

بىر قېتىملىق ئاشلىق ۋە تەمىنات يۆتكەش ئۈچۈن ئالى رايونغا بارغان 3 مىڭ «چۆل كېمىسى» — تۆگىنىڭ 30 ى، 30 مىڭ ئېشەكنىڭ 3 مىڭىلا تىرىك قايتىپ كەلدى.

بۇنچىۋالا زور بەدەل تۆلەنگەن بولسىمۇ، ماڭباۋدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى ھەر بىر كوماندىر - جەڭچى ئاران كۈنگە تۆت سەردىن ئۇنغا ئېرىشتى. بۇنچىلىك ئوزۇقلۇق بىلەن بۇنداق جايدا جاننى ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى!

قىسىم ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى!

شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى ياسىماي بولمىدى. شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغىچە بولغان مۇساپە 1140 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ 1000 كىلومېتىرى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز ۋە تىك كەتكەن تاغلاردىن ۋە قار - مۇز يىل بويى ئېرىمەيدىغان، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان رايوندىن كېسىپ ئۆتەتتى.

دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز جايدا ياسىلىدىغان بۇ يولدا 1956 - يىلى ئىش باشلىنىپ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن پۈتۈن لىنىيىدە قاتناش باشلاندى. ئاددىي بولسىمۇ تاشيول بار بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىزاڭنىڭ ئالى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تۈپكى كاپالەتكە ئىگە بولدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. كوئېنلۇن باغرىدىكى تاشيولدا دائىم قاتنايدىغان شوپۇرلار شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ خەتەرلىك بۆلىكىنىڭ بالدۇرراق قايتىدىن ياسىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. 1994 - يىلى 8 - ئايدا، كوئېنلۇن باغرىدا نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان قاتناپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم شوپۇر جاڭ فا يەنە ماشىنا بىلەن كوئېنلۇنغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ كۈنى جاڭ ئۇستام ئانچە كۆچىمەيلا زاشى داۋىنىغا چىقىۋالدى. ماشىنا ئە-

گىلەمدىغان جايدا روھىي ھالىتى جىددىيلىشىپ
كەتكەن جاڭ ئۇستامنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت
ئاق سىرلانغان رىشاتكىسى بار بىر يېپيېڭى پولات
چىۋىقلىق سېمونت كۆۋرۈك نامايان بولدى. بۇ
بىر خىيالىي تۈيغۇ ئەمەستۇ ـ ھە؟

جاڭ ئۇستام ماشىنىسىنى تورمۇزلىدى ـ
دە، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قارىدى، دەر-
ھەقىقەت پولات چىۋىقلىق بېتوندىن سېلىنغان
مۇستەھكەم ۋە يېپيېڭى كۆۋرۈك كوئېنلۇن تېغى-
نىڭ چوققىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. جاڭ
ئۇستام كۆۋرۈككە يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، ئاق
سىرلانغان بېخەتەرلىك رىشاتكىسىنى سىلاپ كەت-
تى. كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى تاراملاپ تۆ-
كۈلۈشكە باشلىدى. بىرنەچچە يىل بۇرۇن، دەل
مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇستىسى لاۋ چېن بىلەن بۇ
يەرگە كەلگەنىدى. كونا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا
چېن ئۇستام ماشىنىنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ
بىر سۆك ـ بىر سۆكدىن سىلجىيتتى، ئۇستىسى-
نىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جاڭ فانىڭ كۆزلىرى
چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ماشىنا كۆۋرۈكنىڭ دەل
ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئۇلار ماشىنىنىڭ قىڭغى-
يىپ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى
تۇيدى. . . جاڭ فا ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن
قاڭقىپ چىقىپ ئېغىر يارىلاندى. چېن ئۇستام
بولسا ماشىنا بىلەن بىللە ئۇستىدە ئاپئاق بۇلۇتلار
لەيلەپ يۈرىدىغان بۇ قار دېڭىزىدا ئەبەدىي كۆز
يۇمدى. . . مانا بۈگۈن، جاڭ فا كەڭ ۋە تۈپتۈز
بۇ يېپيېڭى كۆۋرۈكنى كۆرۈپ قانداقمۇ ھاياجان-
لانمىسۇن!

دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بۇ كۆۋرۈكنى شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى-
نىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باشقارمىسى سالغان.
ئون نەچچە يىل مابەينىدە، بۇ باشقارما تەڭرىتې-
غىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپ-
تىكى كۆۋرۈكتىن 160 نەچچىنى سالغان.

مازا داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 5221 مېتىر
ئېگىز بولۇپ، ھاۋادىكى ئوكسىگېنىنىڭ مىقدارى
دېڭىز يۈزىدىكى ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ ئاران يې-
رىمىغا تەڭ، بۇنداق جايدا ئادەم مېڭىسى ۋە ئەزا-
لىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە شىكەستلىنىپ، بە-
دەننىڭ ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ
جاي «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون».

شىنجاڭ يول ـ كۆۋرۈك باش شىركىتىنىڭ
1 ـ باشقارمىسىدىكى كادىر ۋە ئىشچى ـ خىزمەت-
چىلەردىن ئېگىزلىكتە ئۇدا تۆت ـ بەش يىل ئىش-
لىگەنلىرى مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلار كۈنلەپ، ئاي-
لاپ، يىللاپ جاننى ئۇپرىتىدىغان بۇ ئېغىر ئەم-
گەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتماقتا. ئۇلارنىڭ
يىل بويى يەيدىغىنى پىرىسلانغان قۇرۇق كۆكتات،
تۇزلانغان سېرىق پۇرچاق. سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك
ئۆكسۈپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.
ئىككى ـ ئۈچ تال يېڭى كۆكتات پارچىسى سېلىن-
غان كۆكتات شورپىسى ئەڭ مەززىلىك تاماق سا-
نىلىدۇ.

مۇز داۋاندىكى ئىشچىلار چېدىرلىرىنىڭ
ھەممىسى توڭ تۇپراق ئۈستىگە تىكىلگەن بولۇپ،
چېدىر يىل بويى ئىللىمايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز
ئوت ئۆچمەيدۇ. چېدىر ئازراق ئىللىپ قالسىلا،
كىچىك ـ كىچىك كۆلچەكلەر ھاسىل بولىدۇ.
چېدىر ئىچى پۈتۈنلەي ئېرىقچە، كۆلچەكلەر بىلەن
تولۇپ كەتكەچكە، كارىۋات ئۈستىدىكى يوتقان ـ
كۆرپىلەر سىقسا سۇ تامچىلىغۇدەك دەرىجىدە نەم
تارتىپ كېتىدۇ.

يول ـ كۆۋرۈك باش شىركىتىنىڭ 1 ـ باش-
قارمىسىدىكى 3 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ۋە ئىشچى ـ
خىزمەتچى 50 ـ يىللاردىن تارتىپ كوئېنلۇن دا-
ۋانلىرىدا يول ياساپ كەلمەكتە. ئۇلار بۇ جەرياندا
نۇرغۇن قىشنى ئۆزىتىپ باھارنى كۈتۈۋالدى،
كوئېنلۇن تېغى، چۆللۈك، قۇملۇق، پامىر ئې-
گىزلىكى ئۇلارنىڭ ماكانى بولدى. شىنجاڭنى ئې-
چىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكۈچى، مۇ-
نەۋۋەر كوممۇنىست، كۆڭ فەنسېنچە ياخشى كا-
دىر يولداش ما يى قار ـ شىۋىرغانلىق ئېگىزلىكتە
18 يىل، خوتەندە 20 نەچچە يىل جاپالىق ۋە
بېجانىدىل ئىشلەپ، گۈزەل ياشلىق باھارىنى چېگ-
را رايونىنىڭ تاشيول ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

بوران ـ چاپقۇنلۇق نەچچە ئون يىل، بىر-
نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ياشلىق باھارى، بىرنەچچە
ئەۋلاد كىشىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە خۇشاللىقى
مانا مۇشۇنداق جاپالىق ۋە مۇشكۈل شارائىتتا ئۆت-
تى. ھەر بىر تارام يول بىر قەھرىمانلىق داستا-
نى، ھەر بىر يول ياسىغۇچى بىر پىدائىلار مار-
شى.

شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ ئويمانلىق ئارىسى-

دا تەڭرىتېغى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، بۇنداق جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش شىنجاڭدىكى يول ياسىغۇچىلارنى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان.

مايتاغ - كۇچا تاشيولىنىڭ ياسىلىشى جۇڭگونىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى بىر چوڭ مۆجىزە دەپ ئاتالغان. ئومۇمىي مۇساپىسى 526 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ تاشيولنىڭ تەڭ يېرىمى دېڭىز يۈزىدىن 2 مىڭ مېتىر ئېگىز بولغان سوغۇق ۋە ئېگىز رايوندىن ئۆتكەچكە، يولنىڭ ئىككى ياقىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى.

1974 - يىلى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر تەڭرىتېغىغا ئورۇنلىشىپ، ئون يىل جاپالىق كۈرەش قىلدى. كوماندىر - جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، ئىرادىسى، مېھىر - مۇھەببىتى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان 2 - تاشيولنى ياساپ پۈتتۈردى.

ياۋ خۇچېڭ بولسا لىي فېڭچە يانفىشى كادىر، پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ، 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

يەكشەنبە، شەرق سۇزۇلۇشكە باشلىغان چاغ. ياۋ خۇچېڭ ئويغىنىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، ئاشخانىدىن ئۈچ ھورنانىنى ئېلىپ، ئىككى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ئەگەشتۈرگىنىچە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە قاپسىلىپ قالغان ئىككى روتا ئۈچۈن قار ئىتتىرىپ يول ئېچىشقا ئاتلاندى.

چۈش مەزگىلىدە ۋاقىتلىق يولدا قاتناش باشلىناي دەپ قالغانىدى، تۇيۇقسىز 10 مىڭ كۇب مېتىر كەلگۈدەك توپلانما قار گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، شەپقەتسىز قار ياۋ خۇچېڭنى يۇتۇۋەتتى. كىشىلەر ئۇنى نەچچە ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قار دۆۋىسىدىن كولاپ چىقارغاندا، ئۇنىڭ تىنىقى توختىغان، پەقەت قول بېغىشىدىكى سائىتىلا چىكىلداپ مېڭىپ تۇراتتى، بۇ — 1978 - يىلى 9 - ئاپرېل ئىدى.

تەڭرىتېغىدا يول ياسىغۇچى جەڭچىلەر يول ياساشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. كۆپ يىلدىن بۇيان، بۇ جەڭگىۋار قىسىم 10 مىليون كۇب مېتىر قار - مۇزنى ئادالىدى، 10 مىڭ قېتىمدەك قار گۈمۈرۈلۈشنى باشتىن كەچۈردى، كوماندىر - جەڭچىلەردىن 16 كىشى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن قاردا ياش جېنىدىن ئايرىلدى، جۈملىدىن بىر قېتىملىق قار گۈمۈرۈلۈشتە يەتتە نەپەر جەڭچى قۇربان بولدى.

شىنجاڭدىكى 16 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرى ئۈچۈن يول - كۆۋرۈك سېلىش داۋامىدا قۇربان بولغان كوماندىر - جەڭچىلەرنى تا بۈگۈنگىچە ياد ئېتىپ كەلمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى يول ياساش جەريانىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان 126 نەپەر كوماندىر - جەڭچىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، تەڭرىتاغ تاشيولىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى مەنزىرىسى كۆركەم بولغان چورما يايلىقىدا ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى تىكلەپ، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ نامىنى ئاشۇ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارىسىغا ئويۇپ قويدى. تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان نىلقا ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە كىشىلەر ئەڭ ئۇستا ھەيكەلتىراش تەكلىپ قىلىپ، تەڭرىتاغ تاشيولىدىكى «ئەڭ خەتەرلىك جاي» دېگەن نامى بار يۇشمولگاي تونىلىغا يېقىن بولغان گۈل - گىياھلار ئارىسىدا ئۈچىسىغا يامغۇرلۇق چاپان، بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيگەن، قولتۇقىغا گاز ئۇشكە قىسقان ھالدا كۆكرىكىنى كېرىپ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ تۇرغان جەڭچىنىڭ گرانىت تاشتىن يونۇپ ياسالغان ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى.

ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تاشيولنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قان تومۇرىغا ئايلاندۇردى. بۇ چوڭ قان تومۇرنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۈمەن چاقىرىملىق تاشيول لىنىيىسىدىكى «مۇھاپىزەتچى»لەر ئېگىز تاغ، قۇملۇق، چۆل - جەزىرە، ئوتلاقلاردا تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، سوغۇق، قار - مۇز، كۆچمە قۇم، كەلكۈن، شورلۇق بىلەن قەيسىرانە ئېلىشىپ نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى شۇ ماۋشياڭ 50 - يىللاردا شىئەن قاتناش

مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يىراق چېگرا رايون — شىنجاڭغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىنى تاشيول قاتناش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. 1992 - يىلىنىڭ باشلىرىدا تاشيول باش ئۇچاستېكىسىنىڭ بۇ باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر ھەددىدىن زىيادە چارچاش سەۋەبىدىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپى بولغان تاشيول ئۈستىگە يىقىلدى. 56 ياشلىق بۇ كىشى يورۇق دۇنيا بىلەن بىمەزگىل خوشلاشتى. ئۇ كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك ئېچىنىش ۋە چەكسىز قايغۇ، سېغىنىشنى قالدۇرۇپ كەتتى.

«تاشيول مۇھاپىزەتچى»لىرىنىڭ تۆھپىلىرى كونا يىپەك يولىنىڭ كۆچۈشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغۇسى.

## غەربىي رايوندىكى ھەسەن - ھۈسەن بەش قىتئەگە تۇتاشتى

تارىخىي ھالقىش ۋە ئىلگىرىلەش نۇقتىسىدىن شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ھەر تەرەپلىمە كۆزەتسەك، مۇنۇلارنى ئوقۇيالا بايقىۋالالايمىز:

شىنجاڭدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيوللار يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ، شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ شانلىق مەنزىرىسىنى يورۇتماقتا!

شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى يېقىنقى ئون يىلدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى:

جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بۆلىكى، لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بۆلىكى ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛

قۇتۇبى - قاراماي قوشۇمچە تاشيولى، دۆلەت يولى 216 - لىنىيە بېيتۇن - داخۇاڭشەن تاشيولى، مارالبېشى - يەكەن تاشيولى ۋە قورغاس، باقتۇ، ئالاتاۋ ئېغىزى، تورغات، تاكشىكەن ئېغىزى تاشيولى ياسالدى؛

گەنگۇ جىلغىسى، لاۋفېڭكۇ چيابوزى يول بۆلىكى ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛

سان - ساناقسىز ئۆلكە، ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

خۇسۇسەن 1993 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاشيول قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىدا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا 700 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سالدى، بۇ پۇل «7 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكىدىن 180 مىليون يۈەن ئارتۇق، بۇ پۇل 28 تاشيول قۇرۇلۇش تۈرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، بۇ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىچىدە دۆلەتنىڭ، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق 9 تۈرى بار. بۇنىڭ ئۈچى سودا ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان تاشيوللار.

بۇ بىر يىلدا شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇش تارىخىدا مۇنداق تۆت «ئەڭ» بارلىققا كەلدى:

بىرىنچى، تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئەڭ كۆپ بولدى؛

ئىككىنچى، قۇرۇلۇش تۈرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۆت بۆلەك دۆلەت يولى، سودا ئېغىزىغا بارىدىغان ئۈچ تاشيول ۋە بىر ئۆلكە يولى بولۇپ جەمئىي سەككىز تۈر نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى؛

ئۈچىنچى، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن مۇساپە ئەڭ ئۇزۇن (1 مىڭ 900 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ) بولدى؛

تۆتىنچى، پۈتكەن تاشيوللارنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولدى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان دۆلەت يولى 312 - لىنىيىنىڭ قۇمۇل - لياۋدۇن بۆلىكى، سانجى - قۇتۇبى بۆلىكى، 314 - لىنىيىنىڭ سەي - ما بۆلىكى، 216 - لىنىيىنىڭ شىبېت - خوتۇرقاي بۆلىكى، شۇنىڭدەك ئىككى سودا ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان چىڭگىسخوزا - قورغاس، باينبۇلاق - چۆچەك تاشيولى قاتارلىق ئالتە تاشيول ئەلا سۈپەتلىك ئىنشائات بولۇپ باھالاندى.

يول ياسىغاندا كۆۋرۈك سېلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ مۇستەھكەم پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈكلىرىنىڭ سانى 1994 - يىلى 2406 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 59 مىڭ 595 مېتىرغا يەتتى. بۇ كۆۋرۈكلەر شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى. تارىم دەرياسى كۆۋرۈ-

كىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 600 مېتىر، مەكىت ناھىيىسىدىكى زەرەپشان دەرياسىغا سېلىنغان كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 935.73 مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئۇزۇن بۇ ئىككى كۆۋرۈك ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشاش، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرغان ھالدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

«تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا كۆۋرۈك سېلىپ، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا تۇتاشتۇرىمىز». بۇ شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتىنىڭ شوئارى. بۇ شىركەت 1994 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردە، چەت ئەللەردە بولۇپ بىر يىلدا 22 چوڭ كۆۋرۈك سالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى شاڭخەي - نىڭبو يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىغا سېلىنغان يەتتە كۆۋرۈك ۋە پاكىستاننىڭ شىمالىي تاغلىق رايونىغا سېلىنغان تۆت يەۋقۇلئاددە چوڭ كۆۋرۈك خەبەردارلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭنىڭ يول ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدىن سۆز ئېچىلسا، خوتەن، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى ۋىلايەتتە زىيارەت قىلغانلىكى ئادەم يول ياساشنىڭ گېپىنى چىقارسىلا، مەيلى ئۇ رەھبەر بولسۇن ياكى ئاددىي، ئامما بولسۇن چىرايى ئاجايىپ نۇرلىنىپ كېتىدۇ.

ئون يىل ئىچىدىلا خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە ۋە بىر شەھەردىكى 86 يېزا - بازارنىڭ 82 سىدە ئاسفالىت يول بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 1 مىڭ 530 كىلومېتىرگە يەتتى؛ 1 مىڭ 275 مەمۇرىي يېزىنىڭ 1 مىڭ 243 سىدە تارماق تاشيول بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 2 مىڭ 180 كىلومېتىردىن ئاشتى.

ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ھارۋا يولىدا قاتناپ كەلگەن خوتەن خەلقى ئىشىكتىن چىقىپلا ئاپتوبۇس - ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، يىراق جايلارغا بارالايدىغان بولدى، خوتەن خەلقى بۇنىڭدىن قانداقمۇ خۇشاللانماي، ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن!

خوتەن ۋىلايىتىدە تاشيوللارنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا يېزا - كەنتلەرگىچە تۇتاشتۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي تۆھپە خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللاغا مەنسۇپ.

دەل مۇشۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق «يولچى باشقارمىسى باشلىقى» يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قاتراپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن جاڭجاللىشىپ يۈرۈپ ئون يىل جەريانىدا زور بىر تۈركۈم «يولچى شۇجى»، «يولچى ھاكىم»، «يولچى يېزا باشلىقى» لارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 1994 - يىلى بۇ «يولچى باشقارما باشلىقى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشتى؛ 1995 - يىلى مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

## خوتەننىڭ تەجرىبىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر جاڭ باۋجۇننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىششىدىكى ئاچقۇچ ئۇلارنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىدا. «بېيىمىز دېيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن تاشيول ياسىشىمىز كېرەك» دېگەن بۇ شوئارنى ئېغىزدىلا توۋلىغان بىلەن ھېچ ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش كېرەك. خوتەننىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ناھىيە، يېزا تاشيوللىرىنى مۇشۇنداق ياخشى ياسىيالىشىدىكى سىر ئۇلارنىڭ تاشيولنىڭ بېيىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «تاشيول قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش، قوللاشنى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك» دەپ تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئالتاي چەت - ياقا ۋىلايەت بولۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي

قىلدۇرۇشتا تاشيولغا موھتاج ئىدى.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىتى يەنىلا:

«ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان جاينىڭ ئاكتىپلىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، قايسى جاي يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرەلىگەن بولسا، شۇ جاينىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەت تەييارلىقى ياخشى ئىشلەنگەن بولىدۇ، بۇنداق جايلاردا تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، تاشيول ياساش ۋە كۆۋرۈك سېلىش كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت.

ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىرنەچچە يىل ئىچىدە، كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم قىزىل خەتلىك ھۆججەت تارقاتتى. بۇ ھۆججەتلەردە «ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە تاشيول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، يول ئاسراش داۋىنى، قاتناش بېكىتى قاتارلىقلارنى سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چۆل، بىنام، تەبىئىي ئوتلاق ياكى كولانغان قۇم ـ شېغىل، تاش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەممە ھەق ـ خىراجەتلەر كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ۋە باشقا ھەقلەرنىڭ كېمەيتىشكە بولىدىغانلىرى كېمەيتىلىدۇ، كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدىغانلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

بۇ نېمىدېگەن دانا سىياسەت ـ ھە! «7 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ئالتاي ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ياسالغان، كېڭەيتىپ ياسالغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 680 كىلومېتىر، ئاسفالىت يول 710 كىلومېتىر، سېلىنغان كۆۋرۈك 412، ياسالغان ناھىيە، يېزا يولى 405 كىلومېتىر بولۇپ، شۇ يىلى بۇ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كانچىلىقتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خوتەن، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن باشقا، يەنە قۇمۇل، ئىلى، تارباغاتاي، بايىنغولىن، بۆرتالا، ئاقسۇ، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تاشيول ياساش پىلانلىرىنى تۈزۈپ، خەلقنىڭ قوللىرى ئارقىلىق بۇ پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆلكە يولى، دۆلەت يولىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا تۇتىشىدىغان غەربىي رايوننىڭ ھەسەن ـ ھۆسنىنى ھاسىل قىلدى.

يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولغان شىنجاڭ 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، يىلىغا 20 مىليون تونىنا ماددىي ئەشيا، 1 مىليون يولۇچى (قېتىم) ئىچكى ئۆلكىلەرگە ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن توشۇلدى. 2 مىليون تونىنا ماددىي ئەشيا، 1مىليون يولۇچى (قېتىم) چەت ئەلگە چىقىرىلدى ياكى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلدى، شۇنداقتىمۇ ھازىر بار بولغان تاشيوللار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىقتىسادىي ئاۋاقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى 2020 ـ يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، «بىر تۇتاش پىلانلاش، ھەرقايسى بۆلەكلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇش، قاتلامغا بۆلۈپ مەسئۇل بولۇش، بىرلىكتە تورلاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، شىنجاڭدىكى تاشيوللارنى «y» شەكلىنى ئاساسىي قاتناش شەكلى قىلغان، «ئۈچ ئۇزۇنسىغا، ئۈچ توغرىسىغا» بولۇشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قۇرۇلۇش دائىرىسىنى پىلانلاپ چىقتى.

ئۇزۇنسىغا سوزۇلىدىغان تاشيوللار:

1. ئالتاي ـ بېيتۇن ـ قارا تونىڭ ـ ۋۇسەيۋەن ـ فۇكاڭ ـ ئۈرۈمچى ـ بالغۇنتاي ـ كورلا ـ چاقىلىق لىنىيىسى بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 1 مىڭ 438 كىلومېتىر.

2. قىزىلتاغ ئېغىزى ـ ئالتاي ـ بۇرچىن ـ ئوتوبۇلاق ـ قاراماي ـ كۈيتۇن ـ چورما ـ بايىنبۇلاق ـ كۇچا ـ شايار ـ قاراقاش لىنىيىسى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 800 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

3. قاناس ئېغىزى ـ قابا ـ جېمىنەي ـ قوبۇقسار ـ دۆربىلجىن ـ چۆچەك ـ چاغانتوقاي ـ ئالاتاۋ ئېغىزى ـ بۆرتالا ـ ۋۇتەي ـ غۇلجا ـ چاپچال ـ موڭغۇلكۈرە ـ شات ـ مۇزداۋان ـ تۆگە بەيلىچ ـ قورغاس ـ ئۈچتۇرپان ـ ئاقچى ـ قارا جول ـ كونا گازارما ـ تۆپە ـ ئۇلۇغچات ـ ئېركىستان لىنىيىسى بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 2 مىڭ 019 كىلومېتىر.

توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۈچ لىنىيە

مۇنۇلار:

1. شىڭشىڭشىيا - قۇمۇل - تۇرپان - ئۈرۈمچى - شىخەنزە - كۈيتۇن - جىڭ - ۋۇتەي - چىڭسخوزا - قورغاس لىنىيىسى، ئومۇمىي مۇساپە 1 مىڭ 447 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2. پارچە ساغال - توخسۇن - كورلا - بۈگۈر - كۇچا - توقسۇ - ئاقسۇ - سەنپېن ئېغىزى - ئاتۇش - قەشقەر - خونجىراپ لىنىيىسى بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 1 مىڭ 700 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

3. ئەنئەنبا - چاقلىق - چەرچەن - نىيە - خوتەن - يەكەن - قاغىلىق - قەشقەر لىنىيىسى، ئومۇمىي مۇساپىسى 1 مىڭ 900 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. «ئۇزۇنىسىغا ئۈچ تاشيول، توغرىسىغا ئۈچ تاشيول» غول لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ھازىر بۇ لىنىيىنىڭ كۆپ قىسىم بۆلىكىدە ماشىنا قاتناۋاتىدۇ. بۇ لىنىيە تولۇق پۈتكەندە تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرىدىغان، تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرغان، شەرقتە ئىچكى ئۆلكىلەرگە، غەربتە قوشنا دۆلەتلەرگە بارغىلى بولىدىغان تاشيول تورى شەكىللىنىدۇ.

«ئۇزۇنىسىغا ئۈچ تاشيول، توغرىسىغا ئۈچ تاشيول»نىڭ غول لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا جەمئىي 100 مىليارد يۈەنگە يېقىن پۇل كېتىدۇ. بۇ غايەت زور قۇرۇلۇش ئۈچۈن دۆلەت ۋە قاتناش مىنىستىرلىكى پۇل ئاجراتقان بولسىمۇ، لېكىن مەبلەغ يەنىلا ناھايىتى كەمچىل. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ خىل سىياسەت ۋە تەدبىر تۈزۈپ چىقىپ، مەركەز بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ مەبلەغ چىقىرىش، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپ، شەخسلەر بىرلىكتە مەبلەغ سېلىش، ئۆزى مەبلەغ جۇغلاش بىلەن چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ساھە - تەرەپلەرنىڭ قاتناش ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىماقچى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە - رايونلار شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بۇ غول لىنىيە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشى ۋە مەبلەغ قوشۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ تاشيول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان تارماقلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول ياسىغاندا، يېڭىدىن سېلىنغان تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يەر - زېمىن ئېچىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، تۈر تۇرغۇزۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىجازەت بېرىلىدۇ.

بۇ يىل «9 - بەش يىللىق» پىلان يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدىن 15 يىلغىچە بولغان مەزگىل شىنجاڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىدىغان، زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان، قىياپىتى زور دەرىجىدە يېڭىلىنىدىغان مەزگىل، شۇنداقلا تاشيول قاتنىشى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى مەزگىل بولۇپ قالىدۇ.

خەلق تاشيول ۋە تاشيولچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىدىن چوڭقۇر مىننەتدار!

40 نەچچە يىل مابەينىدە شىنجاڭ تاشيول ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈردى!

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تاشيولغا تايىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى!

ھالبۇكى، شىنجاڭدا بار بولغان ھازىرقى تاشيوللار نۆۋەتتىكى ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا زادى ماسلىشالمايۋاتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تېخى تاماملانغىنى يوق.

شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى سىستېمىسىدا ئىشلەۋاتقان 80 مىڭ ھەرمىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى بىردەك مۇنداق ئەكس سادا قايتۇردى:

— بىز داۋاملىق تاشيول ياساپ، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز!

(خەنزۇچە «جۇڭگو غەربىي رايون ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىل 10 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

# شېئىرلار

## دىلمۇرات تەلئەت

پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى



دىلمۇرات تەلئەت 1963 - يىلى 22 - سېنتەبىر غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كېپەكيۈزى يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قۇمۇل توك ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. ھازىر قۇمۇل تۆمۈريول 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1983 - يىلىدىن باشلانغان. كىچىكىدىن خەنزۇچە ئوقۇغان بولغاچقا، ئەسەرلىرىنى خەنزۇچە يازغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرنال ۋە شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. «قۇملۇق» ناملىق شېئىرى «ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق خەنزۇچە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ يەنە رەسساملىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

دىلمۇرات تەلئەت يېقىندا يەنە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تۈگەتتى. خەنزۇچە «قۇملۇق روھى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

* * *

ئىشەنچىم كامىلكى، ئانا تەبىئەت بارلىق ئىلھاملارنىڭ مەنبەسى. گۈزەل تەبىئەت ماڭا سەممىي ۋە سۇزۇك خاراكتېر ئاتا قىلدى. مەن تەبىئەتتىن ئاپرىدە بولغان، يەنى مېنىڭ يىلتىزىم تەبىئەتتۇر. يىلتىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئويناق يوپۇرماقلىرىمنى چىقىرىشىم، ياپراقلىرىمنىڭ ئاددىيلىقىغا يىلتىزىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سىڭدۈرۈشۈم كېرەك. شۇ سەۋەبتىن، تۇغۇلۇشىمدىنلا تەبىئەت بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنمەن ھەم رەسىم سىزىشقا ئىشتىياق باغلىغانمەن. لېكىن ئاستا - ئاستا شۇنى ھېس قىلدىمكى، رەسىم سىزىش بىلەنلا ھەقىقىي چىن تۇيغۇلىرىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بولالمايدىكەنمەن. شۇڭا «رەسىمدە شېئىر بار، شېئىردا رەسىم» دېگەن ئەقلىيە سۆز بويىچە، بەزى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ۋە شۇلارنىڭ ئىلھامى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم.

مەن تاگور، بايرون، پۇشكىن قاتارلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ، ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى بەي، دۇفۇ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمەن. لېكىن ماڭا ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى يەنىلا ئۇيغۇر 12 مۇقام شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق ۋە ھەقىقىي تۇيغۇ.

شېئىر — رەڭدار شامال، پۇراقلىق يامغۇر، ھېسسىياتلىق روھ. شاماللارغا يېشىل ھايات ۋە زەڭگەر كۆك، شۇنداقلا رەڭگارەڭ دۇنيا مۇجەسسەملەشكەن. شېئىر كىشىلەرگە شادلىق ۋە ئازاب بىلەن تولغان ھاياتنىڭ بوران - چاپقۇن، قار - شىۋىرغانلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. روھسىز شېئىر بەئەينى قورقۇنچلۇق مۇردىدۇر. شېئىر دېمەك مېنىڭ ھاياتىم.

## تەكلىماكان

ئازابلىق ۋە لېكىن ياش تۆكمەس زېمىن،
ئۆچمىگەن ھاياتلىق سەندە ئەزەلدىن.
ياڭرايدۇ كولدۇرما كۆيۈك چۆللەردە
غۇۋا بىر ئەسلىمە بېرىپ قەدىمدىن.

شاماللار ئەۋجىدە بالقىيدۇ ئۆلۈم،
توغراقلار بەستىدە ئۈمىد ۋە كۆرۈم.
كۆزلىرى چەكچەيگەن لەكمىڭ ئۆلۈكلەر،
قارىسام ئۇلارغا غەش بولۇر كۆڭلۈم.

مۇڭلىنىپ ئاقىدۇ قەدىمىي تارىم،
تەشۋىشلىك لوپنۇرغا توۋلار بىتىنىم:

قورقما ناتونۇش، قوپال تۆرقىمدىن،
كۆچلۈك ئەل يۈرىكى مېنىڭ يۈرىكىم.

بۇ يەردىن كەچمىشتۇر بىپاك ئۆسەكلەر،
ھەم جەسۇر قەسەملەر، تالماس تىلەكلەر.
تۆگىلەر ئۈن - تىنسىز، كۆزىگە زورلار،
تادان سودىگەرلەر پايدىنى كۆزلەر.

قىزىل چاچ ئالۋاستى تۇرار غەربتە،
قامچىسى تارسىلداپ تېگەر شەرققە.
بەتلەنگەن ساناقسىز رەھىمسىز ياراغ
ئەركەكلىك ئۇرغىغان جەسۇر يۈرەككە.

قاراقچى كېمىدىن چىقىپ شەرقتە،
قىر - چاپقا باردى شەرقىي دىيار غەربىگە.
قانلىق تون كىيگەنچە پاتتى كەچكى كۈن،
تەڭرىتاغ قارانچۇق بۇ قانسىز تەنگە.

سوقماقتا ئىزغىرىن يالىڭاچ جىسمىڭ،
ۋە لېكىن ئەزەلدىن يوقتۇر كىيىمىڭ.
تۈن كېچە ئۆزىچە خوش بولۇپ كۈلەر
سۆيۈپ شۇ گىرىمسىز، توزانلىق مەڭزىڭ.



غىلىلدار قۇم كىرگەن كۆزۈڭ ئايدىڭدا،
ياش تۆكەر تىنىمسىز قەلىمىم بۇندا.
يۇلتۇزلار ئىشەنچلىك كۆرۈپ، كەلگەندەك
بولىدۇ مەن يازغان تەكلىماكانغا.

## كارىز

تۇرىدۇ
تەڭرىتاغنىڭ كۆكسىنى بېسىپ،
بەگەينى
دانە - دانە كەھرىۋالاردەك.
ئۆتكۈزۈلگەن
ئابى ھايات - كۆركەم مەشۇت يىپ،
تاقىغان
سەكراتتىكى چۆللەرگە بېزەك.



ئۇز رۇخسارىدىكى
تاتلىقىنا زىناق ئۇ گويا.
ئاستاغىنا سۆيۈپ قويۇشتىن
ئۇيالغان شۇ كىرورەن قىزى
چېھرىدىكى جىلۋىدار شولا،
سۇلۇ چاچلىرى
يەلپۈنىدۇ تالايۇ تالا،
مەڭگۇ ئۆچمەس خوشپۇراقلىرى
كەمسۆز ئاشۇ چۆل قەۋملىرىگە
شوخ ھاياجان قىلىدۇ ئاتا.

جەم بولۇشقان دوستلار بەزمىگە،
يۈرىكىدە چەكسىز ھاياجان،
قوللىرىدا كۈمۈش جام تۇتقان.
تەڭرىتاغنىڭ زەمزەملىرىدۇر
جام ئىچىدە ۋىلىلداپ تۇرغان.
باقار ئۇلار بۇزرۇكۋارىغا—
گۈلگە تولغان بوغدا ئاتىغا
چېچى تامام ئاپئاق ئاقارغان.

شامال ئۇچقۇر، بۇلۇتلار جەۋلان،
غەرب تامان قىيسايدى قۇياش،
ئېقىنلاردا سانسىز قايناملار
ئۇيۇقىچە بولغان بىر تۇتاش.
ياش يۈرەكلەردە
قەدىم ھېسلار ئاتەشكە ئوخشاش.

گاراڭ قەلبلەر
بولدى بىردىن زىرەك ھەمدە شاش.

سۈزۈك ئايدىڭ،
رەت - رەت كارىزلار،
يالتىرايدۇ يۇلتۇزلار كەبى.
قولىقىمغا پىچىرلار ئۇلار:
يىراقلاردا ئانا دىيارىم،
ئۇنتۇپ قالما، ئۇنتۇما مېنى. . .

## تۇر

يىمىرىلگەن دەردلىك ئەسلىمەڭ
شۇ كۆمۈكسىز سۆڭەكلەر ئارا.
سېنى قەدىم، گىرىمسەن يوللار
تاشلاپ كەتكەن چۆلنىڭ بويىغا.
ئۇرۇلماقتا ماتا يەكتىكىڭ
جۇت قۇترىغان دەشتى سەھراغا.

ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ ياندى،
جەڭ ئاتلىرى كىشنەپ ھارمىغان،
كۆك زېمىننىڭ كەچمىشىن باسقان،
ئاغا - ئىنى راسا ماسلاشقان.
ھۇن يۇرۇشى، تالان - تاراجلار
نالىلەرگە سەۋەبچى بولغان
ھەم ئەسىرلەر تۇر ماڭلىيىغا
مۆھۈر بولۇپ ئورنىشىپ قالغان
ئۈتتى تالاي - تالاي دەۋرلەر،
يوقالمىدى سادىق قەلبلەر،
ئېگىز كۆكتە قىلىپ نامايىش
ئۆكسىمىدى ئوت ۋە تۇتەكلەر.
نى كەچمىشلەر ئۈتتى بېشىدىن،



مەغرۇرلۇقى يېتىمدى لېكىن،
بولسىمۇ گەر قانچە ئەسىرلەر.

## كېچە

تۈن كېچە
ئەرۋاھلارنىڭ قۇترىغان چېغى.
بەتبەشىرە كۆرۈنەر شۇنچە
كۈن بولمىغاچ ئاينىڭ جامالى.
غەمكىن بولۇپ قالار چىراغلار
كۆرگىنىدە يۇلتۇزلۇق كۆكنى.
سەرپ قىلماق لازىم كېچىدە
بىر كۈندىكى جىمى ئۆلچىنى.
ئاتالمىش ئۇيقۇ
پەقەتلا بىر ئۇيقۇلۇق سەيلە
ياكى ئەركىن يۈرۈش بەئەينى.
گۆر مىسالى قاراڭغۇ كېچە،
شام نۇرلىرىغا
لىق تولغاندۇر ھەسرەت شارابى. . .

## قۇملۇق

قىرىغان قۇياشمەن،
مەندىن كۆيۈپ قالغىنى پەقەت
پايانى يوق قۇملۇقلا، خالاس.
تومۇز ۋە ئاياز،
كېچە ۋە كۈندۈز،
ئاسمان مېنى قىيناپ توختىماس.

باھاردا مەن يوق،
مەندە ھەم باھار،
بوران مېنى قىلدى قاتاڭغۇر
ھەمدە مىسكىن ئەلنى خارۇ - زار.

شېئىرلىرىمدا مەن بار،
بار مەندە ھەم شېئىرلىرىم تامام.
شېئىرىمدىن يېلىنجايدۇ ئوت،
ئوت ئىچىدىن بالقىيدۇ ناخشام.
تىلىكىم شۇ:
مەھشىرگە ئىنسانىيەتنىڭ
مىسرالىرىم مەڭگۈ كۆمۈلمەس.
قۇملۇق ئەسلا رىۋايەت ئەمەس!

# سۇ پۇتۇكلەر

## ئەزىزى

1

خەير - خوش ناخشام،
چۆمۈلۈپ كېتىمەن چاڭقاشلىرىڭغا —

ئاشىقلار كۆزىدە سۇزۇلگەن يالقۇن.
خەير - خوش ساقى
ياد ئېتەرسەن بەلكىم سەن مېنى،
بەرق ئۇرسا قۇلۇڭدا مەستلىك
قەدەھلەر ئەكسىدە گۇللىسە ئالۋۇن.

2

كىشىنىمەكتە سەرخۇش ئاۋازدا،
دەقىيانۇسنىڭ ياغاچ ئاتلىرى.
ئېرىمەكتە
گىرىمسەن رۇجەكلەردە،
گۇمبەزلەرنىڭ مۇناجاتلىرى.
غۇۋا چىراغلار
ئۆڭۈپ كەتكەن تەبەسسۇم بىلەن
كۆڭۈللەرنى ئوۋلايدۇ تىنماي.
كوچىلاردا يوچۇن خېنىملار،
تېنەپ يۈرەر ساراي تاپالماي.
ئەسنىمەكتە
ئۆمۈچۈك تورىغا ئېسىلغان سائەت.
دەررىخا
يالقۇنلارغا ئىنتىزار شاراب.
مەست بولغان قەدەملەر يۇتىدۇ ھەسرەت.

3

زاھىدلىق تونىنى كىيگەن تۇرنىلار
بىلمىدىم، باھارنى قايانغا باشلار؟
خۇشپۇراق قەبرىدىن ئۇنۇپ چىقسا گۇل،
يىغلارمۇ ياش تۆكۈپ چۆلدىكى تاشلار؟
سېزەرمۇ
چىمەنلەردىن ئۆرلىگەن كۈينى،
مۇز ئىلكىدە غەمكىن ئېچىرقاش؟
خادا تاش كۆيەرمۇ
ساھىل يۇتەرمۇ،
دېڭىزنىڭ تەكتىدىن ئۆرلىسە قۇياش؟

4

تەۋرىتىدۇ بۆشۈككە بۆلەپ،
ئاي نۇرىنى يالپۇز پەپىلەپ.
تۆكۈلىدۇ
دەرەخلەرنىڭ يېشىل چۇشلىرى،
شامالارغا نازلاپ، ئەركىلەپ.
سەجدە قىلار
يۇلتۇزلارغا ئەما مەلىكە،
تاڭلىرىغا ئاپئاق قۇت تىلەپ.
ئەي كېچە!
قارا رەڭلىك شەھۋەت چېچىكى،
بىر دەقىقە يوقالغان سېزىم.
ئۆرتىمەكتە ئۇچقۇنلىرىڭنى
سۇ ئۈستىدە ئۇيۇغان ئىزىم.

5

ئۆزىدەك ئويچان
ئۇزىدەك ھەسرەتلىك بىر قەدىم چۇشنى،
يامغۇردەك خورسىنىپ چۇشەيدۇ ئورمان.
بۇندا قۇشلار يوق
قۇشلار يوپۇرماققا ئايلانغان
خازان بولغان
ئىزسىز توزىغان. . .

6

ئولتۇرىمەن موخۇركا چېكىپ،
غەرق بولار
پۇرۇم - پۇرۇم ئىسلارغا ئاسمان.
يوقىلار كېلەچەك
يوقىلار ئۆتمۈش
قېنىمنىڭ ئەۋجىدە ھۆۋلىسا قىيان.

باشلاپ كەلدى پەرۋانە
نوتىنى ئازدۇرغان روھ كۈيلىرىنى،
كۆيۈۋاتقان قاناتلىرىدا.
ئاقارغان ۋاقىتقا ئوقۇپ مەرسىيە
ئويغاندى ھېسلىرىم، ئويغاندى ھوما.
تۇرغىنىم سۇ ئۆزرە ئوخچىغان يالقۇن
بۇ يەردە ئورمان يوق، قۇشلارمۇ ھەتتا.

7

غايىب بولدى
ئاي شولىسى بىھوش نىگاھتا،
يۇلتۇزلارغا ئايلاندى كۆز ياش.
بۇلۇتلار كۆيدى
پارە - پارە بولدى يادا تاش.

كېتىپ بارار پادىچى
ئۆركەشلىگەن ساھىللار ئارا.
سوزۇلماقتا شامالغا ئەپسۇن
يەلكەن يارا
خادا تاش يارا.

# مەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا

زاماندىن پاكزات



زاماندىن پاكزات 1971 ـ يىل غۇلجا ناھىيە چۇلۇقاي يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1988 ـ يىلى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر «تارىم غۇنچىلىرى» ، «ئىلى دەرياسى» ، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» ، «ئىلى گېزىتى» ، «تەڭرىتاغ» ، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ ئېلان قىلغان بالىلار شېئىرلىرىمۇ بالىلارنىڭ سۆيگۈسىنى قوزغاپ كەلمەكتە.

## يىڭناغۇچ قانىتى

يىڭناغۇچ، يىڭناغۇچ مېنىڭ دىلكەشىم،
كىر بۇ دەم قەلبىمگە ئۇچۇپ خىيالەن.
كۆيدۈرۈپ، ئۇجۇقتۇرۇپ ئاچچىق يارىنى،
ئەينەكتەك شۇ سۈزۈك قانىتىڭ بىلەن.

تەر باسقان ياستۇققا قويۇپ بېشىمنى،
كۆزۈمنى يۇمىمەن كۆرۈشكە سېنى.
سۇنىمەن دالىدەك ئالقانلىرىمنى،
ئاۋايلاپ، پەپىلەپ سۆيۈشكە سېنى.

ھېلىمۇ بارمىدۇ ئاشۇ چاتقاللىق،
مەن سېنى شۇ يەردە ئالغانتىم تۇتۇپ.
مېنىڭ بەك ساددا ۋە سەبىيلىكىمدىن،
گۈزەل ئوڭ قانىتىڭ كەتكەنتى سۇنۇپ.

ئېسىمدە ئاشۇ چاغ ئالقانلىرىمدا،
بىچارە بىر ھالدا تىترەپ تۇرغىنىڭ.
ئېسىمدە تومپايغان كۆزلىرىڭ بىلەن،
ئازابلىق ئۆكسۈشتە قاراپ قويغىنىڭ.

سېنىڭ شۇ قارىقىڭ ئەزگەن دىلىمنى،
(شۇ چاغدا مەن بۇنى بىلمەپتىكەنمەن) .

چاتقاللىق ئىچىگە قويۇۋېتىپ سېنى،
سۇنغان بىر قانىتىڭنى ئېپ كەتكەن ئىدىم.
سەبىيلىك، زوقلىنىش، قىزىقىش بىلەن،
قويغانتىم شۇ سۈزۈك قاناتنى ساقلاپ.

مانا ئۇ تىترىگەن بارماقلىرىمدا،
ئاپئاق شام نۇرىدا تۇرىدۇ چاقناپ.
كىم بىلەر بۇگۈنكى كۈندە مېنىمۇ،
كېتىشنى بىراۋنىڭ ئازابقا تاشلاپ.

ھېلىمۇ بارمۇ سەن مېنىڭ دىلكەشىم،
يۇمۇلاق كۆز، ئۇزۇنچاق، ئوماق يىڭناغۇچ.
تىلەيمەن تەڭرىدىن ساڭا ئوڭ قانات،
بۇ كەڭرى باغلاردا، چاتقاللاردا ئۇچ.



ئۆچ كەزگەن شۇ مېنىڭ كونا مەھەللەمنى،
قونۇپ باق مۆكچەيگەن تاملارغا ئاپئاق.
قونۇپ باق قىزىرىپ پىشقان شوخلىغا،
بالىلار شوخلىغا كېلىدۇ ئامراق.

ئۆچ كەزگەن شۇ يېشىل يايلاقلىرىمنى،
مەن قېمىز ئىچكەن شۇ ئۆيلەرنى يوقلا.
بەلكى بار ھېلىمۇ مەن ئاچقان بۇلاق،
ئېسىڭدە ساقلىغىن ھەممىنى پۇختا.

ئېچىلىپ كەتكەندۇ گۈللىرىم سانجاق،
ئويناشسۇن ئۇ يەردە كېپىنەكلەر شاد.
ئۆسكەندۇ ئۇ يەردە يېڭى قارىغايلار،
پۈركەنگەن تاغلىرى قارلارغا قات - قات.

ئامان بول دىلكەشىم ئۇماق جانىۋار،
چېچەن بول، شاخلاردا ئۆمۈچۈك تورىغا.
پەخەس بول تۇتۇلما دوراپۇرۇشقا،
ئۇ سېنى ئەيلەيدۇ قوشۇپ دورىسىغا.

سەن ئەگەر باش قويغان بولساڭ يەرئارا،
بىلىمەن، تۇپراققا ئايلاندىڭ پۈتۈن.
پىلدىرلاپ ياندۇ روھىڭ نۇر بولۇپ،
ھەتتاكى قەلبىمنى باسسىمۇ تۈتۈن.



تىلەيمەن تەڭرىدىن ساڭا بىر قانات،
ئۆچ تىنماي كۆك بويلاپ، تىنماي - تىنماي ئۆچ.
نېمە سەن؟
بىلمەيمەن ئۆزۈممۇ ئېنىق،
بەلكى سەن - روھىمسەن ئۇماق يىڭناغۇچ.

خاتىرە سەن مېنىڭ سەبىيلىكىمگە،
ئۆمرۈمنىڭ سىردىشى ئۇماق يىڭناغۇچ.



## مەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا

مەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا،
ئۆمىلەپ
غىچىرلىغان ئەقلىنىڭ ۋاقتى،
مېنىڭ بىلەن كەتتى قوشۇلۇپ.

مەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا،
ئۇچۇپ يۈرەتتىم كېپىنەك بولۇپ،
ھېسسىياتنىڭ ۋاقىت شەبنىمى،
باش - كۆزۈمگە كەتتى تۆكۈلۈپ.

مەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا،
يۈرەر ئىدىم مەغرۇر شاد كۈلۈپ.
ئۈرۈمچى ۋاقتى بىلەن ئۇچراشماقتىمەن،
بۈيۈكلىكىمگە قالدىم پۈكۈلۈپ.

## قاسراق

دەرەخنىڭ ئۇچىدا ناخشا ئېيتىمەن،
ئاپتاپتا زېرىككەن تۇمۇزغا بولۇپ.
جىلۋىلىك تۇمۇزنىڭ سۈكۈنىتىدا،
قۇتۇلغان ھېسسىيات ئۆتمەكتە كۆيۈپ.

قۇياشنىڭ ئالتۇنرەڭ نۇرلىرى تىترەپ،
توقاچلار لېۋىنى ئەيلىدى چاك - چاك.
بۇلبۇلنىڭ سەۋدايى ئاھاڭى پىشىپ،
ئايلاندى تۇخۇمغا يۇمۇلاق ھەم پاك.

تولىمۇ ئۇسسىدى تاشلار جىم يېتىپ،
تۇرماقتا ھەم ئۇلار ئۆزىگە پېتىپ.
ھەي ئۇلار ئۇچۇپمۇ كەتكەن بولاتتى،
تۇرمىسا بۇلاقلار ناخشىلار ئېيتىپ.

ئەي مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ تومۇز ئاپتىپى،
كۆيدۈرگىن سەن مېنى كۆيدۈر تۈمەن رەت.
تولىمۇ زېرىكتىم ئۆزۈم ئىچىدە،
چىقايمەن شاكالنى يىرتىپ سۆكۈي رەت.

ھاياتنىڭ بەندىلىك توپا - تۇزانى،
قونماقتا تەگرىدەك روھىمغا كېلىپ.
شۆلگىيىم ھاك قىلىپ قاتۇردى ئۇنى،
قالىمەن قاسراقتا يەنە قامىلىپ.

# ئىككى شېئىر

ئايگۈل مۇتىۋۇللا

## ئىزدەش

قەلبىمدىكى سوغۇق بىر تۇيغۇ
ئويۇماقتا جۇپ - جۇپ ئىزلاردا.
شىۋىرلايدۇ سېرىق غازاڭلار
كاج تەقدىرنىڭ ئالقانلىرىدا.

زارىقىشتا تۇرغان كۆز نۇرۇم
ئۇزاپ بارار غەرب تەرەپكە.
سىردىشايلى ئۇزاقتىن - ئۇزاق
كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ
ئاستا - ئاستا يوقاپ ئۆزۈمدىن
كەچلىك بازار يولىنى بويلاپ
ئاقتۇرىمەن كېچە باغرىنى
ئاھ بىمەنە سوغۇق شۇ سىما
ئۇۋىسىدىن چىقىدۇ ئۈركۈپ. . .



## تۇنۇگۈننى ئۇزىتىش

قار — ئۆتكۈرنىڭ جىمجىت ئاۋازى،
يېتىمغىلا قالار ئەسلىنىپ
ئۇزاپ كەتتى ئىككىنچى بىرسى.
پەلەمپەينى ساناپ زارلىنىپ،
ئاپئاق قارلار ئاۋۇتۇپ يولنى.
تۇنۇگۈننى ئۇزاتماقتا ئېھ!

# ئىككى شېئىر

- ئەسقەر يۇسۇپ

## قىسمەت

چۈشلىرىمدە ئېتىمەن باغاش
سېنى ھەر كەچ غەمكىن ساۋاقداش.
ئويغىنىمەن سەھەردە، لېكىن
ياستۇقۇم ھۆل، كۆزلىرىمدە ياش.

بولمىساقمۇ كۈندە بىر سىرداش
قولىقىمدا شۇنداق پىچىرلاش:
بەختسىزلىك باشقا بىر ئامەت
نېسىپ بولغان بەختكە ئوخشاش!

بولالمىدىڭ سەن ماڭا قولداش
بولالمىدىم مەن ساڭا يولداش.
ئىككى جايدىن كۆرۈپ تۇرىمىز
بىرلا يەردىن چىقىدۇ قۇياش. . .

## خاتىرە

كۆكلۈك كەبى قارىيىپ قۇياش،
پېشىنگەندە كېچىدىن ئورمان.
قارىچۇقىڭدا لىغىرلىغان ياش
ئەسلىرىمدە ياسىدى گۆلخان.

ئويقۇسىز تۈن، ئۇنتۇلغان دىلدار
تۈز يولدىمۇ ماڭغىن ئاۋايلاپ.
مەن بېرەمدىم كۆكلۈككە ئازار،
كەتمىگەندە مېنىلا تاشلاپ.

ۋەتىنىڭدە مەستخۇش ياتىدۇ،
قان دېڭىزى چۆكۈرگەن ئارال.
كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتىدۇ
ئۆمۈر بويى كۈلمىگەن ئايال.

# يادىمدا دۇنيادىن يىراق بىر ماكان

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

## 1

ھەممە نەرسە خۇددى تۇتۇندەك غايىب بولدى. پەقەت مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇشۇ دەقىقىسىلا بىزنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. يىراق ئۆتمۈش، چەكسىزلىككە سوزۇلغان ئۇزاق يول خۇددى كەلگۈسىدەك مەۋھۇم. بىز ھېچنېمىنى ئەسكە ئالالمايمىز، ھەتتا ئۆزىمىزنى، ئەپسانىگە ئايلانغان دۇنيانىڭ تۇنجى كۈنى بىزنى سەرسانلىقتا تىنەشكە مەھكۇم قىلدى.

تەنھالىق، غېرىبلىقتا ئۆزىمىزنى ئىزدىمەكتىمىز. بىراق بۇ ئۇنتۇلغان ھېكايەت، ھېچكىم ئاڭلاشقا ئەقىدە قىلغان ئەمەس. ھەممىمىز خامۇشلۇق ئىچىدە مەۋھۇم بىرنەرسىنى ئىزدەيمىز. بەلكىم بۇ «مەن» ، گويا گۆدەكنىڭ ئويۇنچۇقىدەك بۇزۇپ تاشلانغان. بەرباتلىق ھەممىنى ئۆزگەرتمەكتە. تالاي يول بەلگىلىرى غايىب بولغان. بىز كەتمەكنى ئىزدەيمىز پەقەت «مەن» ئىچرە.

يادىمدا دۇنيادىن يىراق بىر ماكان،
بارمىدۇ ئۇنىڭغا قايتىشقا ئىمكان.

يۈرەك شۇنچىلىك زەئىپ، گۈگۈم ھەممە يەرگە يېيىلغان. كۆل بويىدىكى ئەما قىزدەك مىسكىنلىكتە كۈي توقۇيمىز. كۈي خۇددى كېچىدەك قەلبىمىزگە يېيىلماقتا. ئۈمىد خۇددى ئايغا ئوخشايدۇ. يىراقتىن بىر قول يىلاندەك سوزۇلۇپ كەلمەكتە. بەلكىم ئۇ ئاشۇ يىراق دۇنياغا تۇتاشقاندۇر. بىراق ھەممە نەرسە ناتونۇش، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ خۇددى چالا سىزىلغان رەسىمدەك، بەلكىم بىر بالا سىزماقتا بىزنى، ئۇ سىزار تاكى ئاي يۈتكەنگە قەدەر.

## 2

بۇ قۇشلار توزىغان ماكان، ئەقىل گاھىدا ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالغان، جىمجىتلىق ھەممە يەرنى بۇلغىغان. بۇ يەردە موھتاج ئەمەس ھېچقايسىمىز، ھەتتا يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىمۇ يوقالغان. مەۋجۇدات خۇددى «مەن» دەك ئۇلۇغ يوقىلىش ئىچىدە ياشىماقتا. شۇڭا ئۆز - ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن، پەقەت يىراقتىكى ئۆزۈمنى. بەلكىم كۆلەڭگە يىراقتىكى مەندۇرمەن. ئۇ يېنىمدىلا تاپىنىمغا تۇتاشقان، لالما ئىتتەك مەڭگۈ ماڭا ئەگەشكەن. بەلكىم پاجىئە مۇشۇ يەردىن باشلانغان.

## 3

ئېتىقاد يوقالغان كۈنى ئۆلۈم بىزگە بىردىنبىر ھەمراھ بولغۇچىدۇر. كىمكى ئۆلۈۋېلىشنى خالىسا ئۇ كائىناتنىڭ ئىگىسىنى ئۇنتۇغۇچىدۇر. بىز ھەممىمىز ئۇنتۇغۇچىدۇرمىز. ھايات غازاڭدەك تۆكۈلمەكتە. نىشان ئەخلەتتەك تاشلىنىپ قالغان، بىز ئۆزىمىزنى ئەبەدىيلىككە پاكىزلاشقا ئىنتىلمەكتىمىز. ۋاقىت خۇددى بىزدەك پاكپاكىز شىلدىرلاپ ئاقماقتا. ھەتتا ئىشەنچمۇ پاكپاكىز ئېقىپ كەتتى. بەدخەج بايۋەچچىنىڭ قۇرۇق يانچۇقىدەك بىزنى مەۋجۇدىيەت مەسخىرە قىلماقتا.

يوقلۇق بىلەن پاكلانغان روھ يېڭى مەدەنىيەتتەك گۈزەل كۆرۈنىدۇ. بۇ تەھقىقكى بەزلەشنىڭ ھامىيىسى. ئۇ ۋۇجۇدىمىزغا ھاۋادەك سىڭمەكتە. بىز موھتاجلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمىز. چۈنكى موھتاجلىق نېرۋىمىزنى چىرىتكەن. بىز ھامان بىر دەستە گۈل ئاشۇ ھاۋادا ئۆسۈپ يېتىلگەن.

## 4

بەختلىك بولغۇم يوق. لېكىن ھامان بەخت ئىزدەيمەن. بەزىدە ئازاب شۇنچىلىك شېرىن، لې-

كىن ئازابتىن شۇنچىلىك بىزارمەن. كۆڭۈل گۈل تەشنىكىدەك سۇنۇق، روھ باياۋانىدىكى گىياھتەك سولغۇن، نەزەر ئايازدىكى تۇماندەك خىرە.

مەن داۋاملىق ساڭا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتىمەن. تەن غەمدىن مۇستەسنا، چەۋەندازدەك زەپەردەست، بىراق قورقۇنچ ئۆلۈمدەك يېقىن. ساڭا قول بەرگۈچى بار، سېنى سۆيگۈم بار ھەتتا ھالاك بولساڭمۇ. بىز يېقىنلاشماقتىمىز. سەزگۈلەر تارتىشماقتا. ئۈمىد توي كۈنىدىكى قىزدەك چىرايلىق، مۇراد قىزلىقتەك لەززىز. بىراق مەن ئەبەدىلئەبەد سەندىن يىراقتا. گەرچە سەن پەرىشتىدەك ۋۇجۇدۇمنى سىيلاپ تۇرساڭمۇ.

تەن چىرىمەكتە. كۆلەڭگۈ كېچىدەك ئۇزارماقتا. ھايات قەبرى قىزدەك تېتىقسىز، زۇلۇمەدەك قورقۇنچلۇق. بىراق ئۇ ياشاشقا مەنە بەرگەن. مەن شۇ يەردىن بەخت ئىزدەيمەن. بىراق بەختلىك بولغۇم يوق.

5

ئازاب ئۇ قەلبىمدە ئۈنگەن گۈل ـ گىياھ. مەن ئۇنى پەپىلەپ سۆيۈپ ئۆستۈرگەن.

گۈل توزىغاچقىلا قەدىرلىك، سولغاچقىلا گۈزەل. بىراق بەرباتلىق مەڭگۈلۈك. غازاڭ گۈلدەك ئېچىلمايدۇ. باھار يېڭى نەرسىلەرگە خۇشتار. بەرباتلىق يەنىلا ئەڭ يېقىن نەرسە. ئۇ يېقىنلاشقانچە گۈزەللىك تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولىدۇ. قىسمەت دائىرىسىنى تەڭرىگىچە كېڭەيتىدۇ. چۈنكى بۇ پانى دۇنيا ھەممىگە بۇ قىسمەتنى مەھكۇم قىلغان.

مەن نېمىشقا ساڭا ئىنتىلىمەن ئازاب؟ نېمىشقا سېنىلا سۆيىمەن مىسكىنلىك؟ چۈنكى سەن مېنى چىغ قالپاق توقۇغاندەك ئاۋايلاپ توقۇپ چىقتىڭ. مەن سەن بولغاچقىلا مەۋجۇت، سېنىڭ مەۋجۇدىيىتىڭ مېنى گۈلدەك ئېچىلدۇردى، مەن شۇڭلاشقا سېنى قەلبىمدە پەپىلەپ ئۆستۈرىمەن. بىراق مەن بىچارە، سەن بولغاچقىلا تەنھا، روھىم بىماردەك چۈشكۈن.

گۈل توزۇيدۇ، گىياھ سولىدۇ. مەن شۇڭلاشقا سېنى سۆيۈشكە ئىنتىلىمەن.

6

مەن سېنىلا سۆيەتتىم پەرىشتەم. بىراق سەن يىلاندەك زەھەرلىك. ساڭىلا چوقۇناتتىم ئىلاھە، بىراق سەن زۇلۇمدەك قەھرلىك. مەن تۇماندەك غەمكىن، بۇلۇتتەك مىسكىن. پەقەت كۆك ئاسمانلا مېنىڭ سىرداشىم. زېمىن سەنلا ماڭا قوينىڭدىن ماكان بەردىڭ. باغرىڭغا يېشىمنى تۆكىمەن، دەردىمنى تۆكىمەن.

سېنى قەدىرلەيمەن ھاۋا پەقەت ئانا بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا. ساڭا ئېچىنىمەن ئادەم، سېنىڭ ئازغىنىڭ ئۈچۈنلا. بەلكىم سېنى ئازدۇرغان شەيتان ئەمەستۇر، ھاۋا سېنى ئالدىغاندۇر.

مەن ئۆزۈمنى سۆيگۈچى شەيتانغا ئالدانغۇم بار. پەقەت شەيتانغا، لېكىن ھاۋا، سەن مېنى ئالدىما.

## ئىككى نەسر

**ئەنۋەر تاشتۆمۈر**

## ئاق كەپتەر

باغلىرىمدا تاشقىنلاپ ئولتۇرۇپ ساڭا ئاتاپ يازغان ئۇزاق يىللارنىڭ شانلىق خاتىرىلىرىنى يوتتۇرۇپ قويغاندەك قىلىمەن، قۇرغاق چۆل شامالىرىدا كۆكلىمىگەن ئىستەكلىرىمدە پەقەت سېنىڭ ناتىۋان ئوبرازىڭلا ساقلىنىپ قالدى.

قېرىغان دەۋر مانانلىرى ساڭا ئويچان تىكىلگەن كۆزلىرىمگە رەڭسىز تور پەردىلەرنى ئېسىپ، بۇ سىرلىق جۇدالىقنىڭ تەنتەنىسىگە تورلۇپ تولغىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، ھەمىشە سېنى
قوللىرىم بىلەن سىيلاپ ئەركىلىتىش تەقەززا-
لىقىدا ئۆرتىنىمەن. تىنجىماس ئىچكى ئوتلى-
رىمنىڭ گۈرۈلدەشلىرىدىن ھەمىشە سېنىڭ پار-
لاق ياۋا پەرۋازىڭنى خىيال قىلىپ سىلكىنى-
مەن. . .

ئېھ، قەپەسىمدىكى ئاق كەپتەر!

ۋاقىتنىڭ خۇپىيانە تىللىرى قۇلاقلىرىمىز-
غا ئاللىنېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئۆتۈپ كەتتى.
بىز بىر - بىرىمىزنىڭ سولغۇن چىرايىغا تەڭ-
قىسلىقتا غايىبانە ھالدا قارىشىپ ئولتۇرۇپ،
ئارىمىزدا مەۋھۇم زاھىر بولۇۋاتقان ھىجران
كۈيلىرىگە ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كەتتۇق.

مانا، سېنىڭ كۈچلۈك ئاسمىنىڭ، مېنىڭ
بىپايان دالام بۇ كۈيلەر ئىچىگە قانداقمۇ سىغ-
سۇن! ؟

ئېھ، قەپەسىمدىكى ئاق كەپتەر، مەن سې-
نى يۈرىكىمدىكى ھىجران كۈيىنىڭ يىپ - بو-
غۇچلىرىدىن يېشىپ، كۆككە — سەن پەرۋاز
قىلالايدىغان بىپايان ئوچۇقچىلىققا قويۇپ بې-
رەي، زامانلارنىڭ خەتەرلىك قىيالىرىدىن، قان-
لارنىڭ دەھشەتلىك قىيانلىرىدىن ھالقىپ مەز-
مۇت تاۋلانغان قاناتلىرىڭ بىلەن ئۇچۇپ كەت!
سېنىڭ سامادىكى پەرۋازىڭدىن مەھبۇس روھىم-
نىڭ چوقان - سۈرەنلىرى، يىراقتىكى خۇشناۋا
ئۈنلىرىڭدىن يېتىم ئىستىكىمنىڭ دولقۇنلۇق
ناخشىسى ئاڭلانسۇن!

سەن بىر چاغلار ئىشقى ئوتلىرىدا يېنىپ
ئاق پەرىشتەڭنى تاپقاندا ئۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپ-
لەرگە كېلىپ قالساڭ، ئۆزۈڭ ماڭا تونۇش بول-
غان قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە توختاپ ئۆت.
ئۇ يەردە مېنىڭ موھتاجىڭدا جان تەسەددۇق ئەي-
لىگەنلەر قاتارىدا قۇرۇق قاقشال خادا تىكىلگەن
كىچىككىنە قەبرەم، قەبرەم ئۈستىدە كۆزى ئو-
چۇق قالغان روھىم قاسراقلىرى بار. سەن قەب-
رەمنى توققۇز قېتىم ئايلىنىپ پەرۋاز قىل،
خادامغا ئېسىلغان توققۇز تۇلۇمغا قونۇپ توققۇز
قېتىم ئۈنلەپ بەر. روھىم ئۇندىن ئۆز چوقانى-
نى، ئۆز ناخشىسىنى ئاڭلاپ ساڭا ئوخشاش قا-
ناتلانسۇن، ساڭا ئوخشاش خۇشال تەبەسسۇم ئەي-
لىسۇن!

. . . ئاق كەپتەر يىراقلارغا ئۇچۇپ كەت-
تى. ئۇنىڭ ياۋا پەرۋازىدىن تارىغان بىر شادىيانە
كۈي يۈرىكىمگە ئىختىيارسىز ئېقىپ كىردى.
ئەسلىگە قايتىشقا ئوخشايدىغان ھاياتىي تۇيغۇ ئى-
چىدە ئۆزگىرىش ياساپ ئاللىبۇرۇن دالىلاردا
قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئاق كەپتەر يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى،
كۆك سەتھىدە يەنە بىر ئاق قۇياش پارلىدى!

قەدىمىي شەھەر ئادەم دېڭىزىدا سۈپسۈزۈك
چايقالماقتا، بالىلارنىڭ يېڭى ئەپسانىسى ساليوت
گۈللىرىدەك ھەريان چېچىلىپ پورەك ئاچماقتا.

ئاق كەپتەر يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ-
نىڭ قۇياش نۇرىدا يارقىن تاۋلانغان ئاپئاق پەيلى-
رى تىمتاس گۈگۈم قوينىدا ھىجران كۈيىگە
بۆلەنگەن دالىلارغا يۇلتۇز بولۇپ تۆكۈلمەكتە
ئىدى. . .

ئاق كەپتەر، سەن ئاقلىقىمنىڭ يارقىن
سىماسى، مەۋھۇم كۈيلىرىمنىڭ نۇر - جۇلاسى،
ھايات تىنىقلىرىمنىڭ رىتىم مېلودىيىسى!

مانا، مەن ساڭا ئايلانغان كەپتەر، سەن
ماڭا ئايلىنىدىغان مۇقەددەس روھ پەرىشتىسى.

پەرۋاز قىلماقتىمەن، دالىلاردا، ئۇ ھەم ئۇ
ئارىلىقلىرىدىكى پىنھانە تىنىق بوشلۇقلاردا. . .

# كۆڭۈل قۇشۇم

## 1

ئەي كۆڭۈل قۇشۇم، پىنھانە غارىڭدا زا-
ھىدلارنىڭ ھېكمەتلىرىگە مەھلىيا بولۇپ ئولتۇ-
رۇۋەرمە.

كېچىدىن بېرى پىغانلىق ناۋا قىلغان بۇل-
بۇلنىڭ ئۈنى ساڭا يېشىل ئورماننىڭ يېشىل
ساماسىدىن دېرەكلەر يەتكۈزدى. غارلىرىڭدىن
چىقىپ چىغىر يول بويىدىكى ئارچا دەرەخلىرى
يېنىغا كېلىپ تۇرغىن. ئۇ يەردىكى بوشلۇق ۋە
سۈكۈت سېنىڭ قارىڭ بىلەن ناخشاڭغا ھېلىغىچە
ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ. قۇم دۆڭلىرىدىكى
ئېغىر ھارغىنلىق خىيالسىمان شاخلاپ كەتكەن
ئورمان يوللىرىدا چېچىلىپ يېتىپتۇ، قۇشلار
يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئەپچىللىكىنە ئۇۋا ياساپ پا-
ناھلىنىپتۇ، توزىغان گۈل - چېچەكلەر ھەممە

يەردە ئوي چاچقۇسىدەك ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. . .

سەن سېھىرلەنگەن زەرەھەل قەپەسنىڭ نىمجان مەھبۇسى ئەمەس!

سەن، مەپتۇنكار ئالۋۇن باغلىرىنىڭ كويىچى تۇتقۇنىمۇ ئەمەس!

پىنھانە غارىڭدىن قۇياشتەك پارلاپ چىق ۋە ياكى بۈركۈتتەك قەيسەر قانات قېقىپ چىق، كۆڭۈل قۇشۇم! يېشىل ئورمانىنىڭ يېشىل ساماسى ھېلىغىچە سېنىڭ پارلاق پەرۋازىڭغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

2

ئەي كۆڭۈل قۇشۇم، كىچىككىنە ھۇجراڭدا ئۆتنە بېرىلگەن ھەم ئۆتنە ئېلىنغان بىھۇدە ھىجرانلار بىلەن قاناتلىرىڭنى بوغۇچلاپ يېتىۋەرمە.

ئەييارلارنىڭ قەدىمى ئىشىك ئالدىڭغا كېلىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن تەسىرلىك قىسسىلەرنى سۆزلىگەن، لىرىك شېئىر - قەسىدىلەر بىلەن ياش تۆككەن چاغلاردىمۇ، بۇ ۋەقەلەرنى ئۆزۈڭ بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق يوچۇن تارىخ بىل! زەڭگەر چۈشلىرىڭ چۇۋۇلغان كوچا دوقمۇشلىرىدا مەن - مەنلا دەيدىغان، ئۆز نەپسى - قارنى ئۈچۈن ئۆيۈلۈشنىڭ ئورنىغا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەيدىغان ئالا - يېشىل ئادەملەر يۈرىدۇ.

رەڭدار ئۆڭلەردىكى قېنىق بوياقلار تەكتىگە نەزەر سال كۆڭۈل قۇشۇم، ئۇ تەبىئەتنىڭ ۋۇجۇدتىكى ئەسلى مەنىسىدىن ناھايىتى يىراق. ئۇ ئۆڭلەردە سەن بىلىشنى كۈتمەيدىغان ھەم بىلىشنى خالىمايدىغان دەھشەتلەر گويا پەردە كەينىدىكى سۇيىقەستچىدەك ئۆزىنى يوشۇرۇۋالغان.

. . . يارا ئېغىزىدىن ھېلىغىچە قان تېمىپ تۇرىدۇ، داغلار يۇلتۇزلار ئەكسىدە قارىيىپ بارىدۇ، قاڭسىق پۇراق كۆلكە چوڭقۇرلۇقىدىن دىماغنى ئېچىشتۇرغۇچى چاڭ - توزان مىسالى ئۆرلەپ تۇرىدۇ. . .

ئاھ كۆڭۈل قۇشۇم، سەن بىپايان خىيال ئېكىنزارىنىڭ ئازغۇن ئەركىسى ئەمەس!

سەن بەختىيار ئۇۋچىنىڭ بەختسىز ئولجىسىمۇ ئەمەس!

مانا، ئورماندىكى سولغۇن ئىستەكلەرنىڭ سولغۇن چېچىنى يامغۇرلۇق گۈگۈمنى ئىشارە قىلدى. مەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يۇيۇنۇپمۇ، يەنە يامغۇرلۇق كېچىدىكى قايناملاردا چۆمۈلۈشكە تەييار تۇرۇپتىمەن!

3

ئەي كۆڭۈل قۇشۇم، تۈنۈگۈنلەرنىڭ قۇلۇپلانغان ئۆيلىرى ئالدىدا ئەرۋاھتەك ئەگىپ يۈرۈۋەرمە.

بۈگۈننىڭ خاتىرە بەتلىرى ئاللىبۇرۇن ئېچىلدى، ئۇنىڭغا ھەم ئەتىنىڭ تەۋەللۇت سىرلىرى سەۋەبلىك يوسۇندا پۈتۈلمەكتە.

ۋاقىت چوڭقۇرلۇقىدىن ئىلاھىنىڭ سىماسى پارلايدۇ. قۇلۇپلانغان ئۆيلەرنىڭ غۇۋا دېرىزىلىرىدىن ئېھتىمال شۇ مۇقەددەس سىماھنىڭ نۇرلۇق - تۇمەن نەرسىلەردىكى روشەن ئىزناسىنى كۆرگەنسەن!

قايتىپ كەل، سېنى ھىجران كويىغا بۆلەپ شادلىق نېسۋەڭدىن ئايرىغان ئازابلىق ئەپسانە قايتا تەكرارلانمىسۇن!

مەن سېنى چاقىرغان سەھەر مېنىڭ ماتەم كويىم چېلىنغان دەملەر بولۇپ قالمىسۇن!

ماكانسىز روھ سەرساندۇر. گۈگۈملاردىن ھالقىپ كېتىدىغان تاشقىنلىق ۋاقىت يوللىرى مانا ھېلىغىچە سېنىڭ رەڭدار ھەرىكەتلىرىڭگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ!

سەن ھاياتلىق جەزىرىسىدىكى بىر ھارغىن يولۇچى ئەمەس!

سەن ئەرۋاھلار روھىغا سەدىقە قىلىنغان مۇناجات پىرىخونىمۇ ئەمەس!

تار، تىنجىق ھۇجراڭدىن كەڭرى ساماغا ئۇچۇپ چىق كۆڭۈل قۇشۇم! ئۇندا سەيياھ شاماللار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز كۆيلىرىڭنىڭ تىلسىمىنى يەشكىن، ئۆز ھۆرلۈكىڭنىڭ مەنىسىنى تاپقىن، ئۆز شادلىقلىرىڭنىڭ مەڭگۈلۈك رىتىم - مېلودىيىسىنى ياراتقىن! سەن پەقەت ئۆزۈڭگە، ئۆزۈڭگە ئوخشايدىغان نەرسىلەر بىخ سۈرگەن يېپيېڭى دۇنياغا، قان - دىل يىپلىرى بىلەن چىگىلگەن مۇقەددەس ھەم شېرىن رىشتىڭگىلا قەرزدار!

## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە

# بىز قۇرماقچى بولغان شېئىر روھى

(ماقالە)

ئىمىن ئەھمىدى

1

ئەگەر بىزدىن بۇرۇنقى پەيلاسوپلارنىڭ ياكى قەدىمكى يۇنان رىۋايەتلىرىنىڭ شېئىر — ئالەم يارىتقۇچى تەرىپىدىن مۇزىكا، رەسسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىق بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئىنئام قىلىنغان بىرىنچى سەنئەت. شۇنداقلا ئۇ ئالەم يارىتقۇچى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن دېگەن سۆزلىرى راست بولسا، ھەمدە «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا نوتىسى قالدۇرۇلمىغان 12 مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئۇنىڭ تارىخى، كلاسسىك تېكىستلىرى بىلەن قوشۇپ ئەستە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئوغۇل - قىزلىرىمۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان سۆزلەرنىڭ يەرھەقلىكىگە قايىل بولسا، ئۇنداقتا شائىرلارنىڭمۇ مۇزىكانتلار، رەسساملار، ھەيكەلتىراشلار بىلەن بىر قاتاردا ئالەم يارىتقۇچىغا ئەڭ يېقىن ۋە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان سەنئەتكارلاردىن ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇش كېرەك. مۇنداق بولۇشتىكى مۇھىم ۋە ماھىيەتلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شائىرلارنىڭ ۋە باشقا سەنئەتكارلارنىڭ ئاجىز زىممىسىگە ئاجايىپ يۈكسەك ۋە ئېغىر بىر ۋەزىپىنىڭ يەنى ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ھاياتىغا ۋە پارلاق ئىستىقبالىغا كۆيۈنۈش، ھەمدە ھاياتلىقنىڭ كەلگۈسى ھەقىقىتىنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت سەلتەنەتلىك بىر بۇرچنىڭ يۈكلەنگەنلىكىدە. ئەلۋەتتە، مۇنداق بىر ۋەزىپە ۋە بۇرچنى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان سان - ساناقسىز سىياسىيونلار، ئىقتىسادشۇناسلار، پەيلاسوپلار، ھەربىي سەركەردىلەر، دىنىي ئۆلىمالار، قانۇنشۇناسلارمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقىنى، ئۇلارنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى، ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى ھەقىقىتىنى ئۆز ئالدىغا ھەرخىل مەيدان، ھەرخىل مۇددىئا، ھەرخىل كۆزقاراشلار بىلەن چۈشەندۈردى، ئۇنىڭ ئاخىرقى شەرھىينى دىققەت قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان ئەھۋالدا، قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك تۈپەيلى ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت تورى، ھوقۇق دائىرىسى، گورۇھ - مەزھەپلەرنىڭ ئىرادىسى بىلەن باغلاپ قويدى. نەتىجىدە ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ھايات مۇئەممالىرى مۇئەمما پېتى قېلىۋەردى. ھالبۇكى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان شائىرلارلا بۇ ھەقتە لىللا مەۋقەدە تۇرۇپ سۆزلەش ئۈچۈن تىرىشتى. «تىلى قىلىچتىن ئۆتكۈرەك»، «تەپەككۇر يولى قىلدىنمۇ نازۇكراق» بولغان بۇ شائىرلار سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان شېئىرىيەت مۇنبىرىدە تۇرۇپ، ئىنسانلارغا ۋاكالىتەن بارلىق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، سىياسىي داۋالغۇشلارنى، مەۋجۇتلۇقنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ نازۇك ۋە يوشۇرۇن ئىچكى دۇنياسىنى، ئۇلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، كوللېكتىۋىزملىقنى، دوستلۇق - ۋاپادارلىقنى، ئۇلارنىڭ شادلىق - يىغىلىرىنى ۋە ئاچچىق كۈلكىلىرىنى، ئۇلاردىكى دەرد - ئەلەم ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى دېڭىز تەكتىدىن ئۈنچە - مارجان ئىزدىگەندەك قېتىرقىنىپ ئىزدىدى. ئۇلار ئالەمنى يارىتقۇچى يەتتە كۈندىلا يارىتىپ قويۇپ بولدى قىلغان بۇ ئالەمنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدە باش قاتۇردى. ئومۇمەن شائىرلار چىنلىقنى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى كۆككە كۆتەردى، ساختىلىقنى، بىمەنىلىكنى، رەزىللىكنى قامچىلىدى. ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەمەلىيەتمۇ ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ھەققىدە، ئەركىن ۋە پارلاق تۇرمۇش ھەققىدە، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بەختى ھەققىدە ئالدى بى-

لەن جار سالغانلارنىڭ باشقىلار ئەمەس، بەلكى شائىر ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ غايىۋى كېلەچەك، رېئال مەۋجۇتلۇق، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت، ئادىمىيلىك ئەخلاق ئۆلچىمى، پاك سۆيگۈ ھەققىدە يازغان يالقۇنلۇق مىسرالىرىنى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ، شاھلارنىڭ ۋە گادايلارنىڭ ئىرق ۋە مىللەت ئايرىمىغان ھالدا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئاپىرىن ئوقۇغانلىقىغا ھازىرغىچە ئىككىلەنمىگەن ھالدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ تۇردى.

شېئىرنى تاماشا سايمىنى، تىل ئويۇنى ياكى قورساق كۆپىكىنى چىقىرىۋېلىش قورالى قىلىۋالغانلار شېئىرنىڭ ماھىيەتلىك سەنئەت ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى تىكلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار زامانداشلىرى تەرىپىدىنلا مەسخىرە قىلىنىپلا قالماي، تارىخنىڭمۇ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. ماھىيەتلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلماي، غىل - پال ئۆتۈپ كېتىپ بارغان چاكىنا مەمەدانلىقنىلا قوغلىشىپ، ئاجايىباتلىق ياراتماقچى بولغان تېخنىكىلىق مىسرالار، بىزگە ئالىيجانابلىق، يۈكسەكلىك، قەھرىمانلىقنىڭ مۇنارلىرىنى تىكلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا جىنايەتنى سوت قىلالايدىغان، ئېتىقادتىن ۋاز كەچمەيدىغان، مەغلۇبىيەت ۋە ئاسىيلىق، نامراتلىق ۋە ئېزىلىش ئارىسىدا تۇرۇپمۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ شان - شۆھرىتىنى قوغدىيالايدىغان، قىيامەت قايىم يېتىپ كەلگەندىمۇ، لەھەت ئىچىدىكى زۇلمەتنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە تەن بېرىدىغان قەلەم ئىگىلىرى بىرەر مەزگىلگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇلارنى ھېس قىلغانلار، بۇلارنى چۈشەنگەنلەر دەل شېئىر روھىنى بىلگەنلەر ۋە ئۇنىڭدا تەۋرەنمەي تۇرالىغانلار بولىدۇ.

سەنئەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ژانىرى بولغان شېئىردىن سۆز ئاچقاندا، پۈتۈن ئېلىمىزنى شېئىر دۆلىتى دېسەك قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ. تۇنجى گىگانت شائىر، ئۇلۇغ ئەدىب چۈ يۈەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 340 - يىلدىن 278 - يىلغىچە) يازغان «جۇدالىق زارى» مەيلى جۇڭگو شېئىرىيەت تارىخىدا بولسۇن، مەيلى دۇنيا شېئىرىيەت تارىخىدا بولسۇن مەڭگۈلۈك مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئەسەر. يەتتە كۈندىلا يارىتىلىپ مىليون يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى چۈ بەگلىكىنىڭ چۈ يۈەن ياشاپ تۇرغان دەۋرىگە قەدەر، ئېلىمىزدە ھېچكىممۇ دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن، خەلق دۇچ كېلىۋاتقان تەقدىر توغرىسىدا چۈ يۈەندەك قايغۇرمىغان، چۈ يۈەندەك ياش تۆكمىگەنىدى. ئۇ ھەددى - ھېسابسىز سېلىشتۇرما، ئۇچقۇر تەپەككۇر، مۇستەقىل ئەقىل - پاراسەت بىلەن شۇنداق بىر تەڭداشسىز سىياسىي لىرىكا ياراتتىكى، ئۇنىڭدا ئايان بولغان روھ، ئۇنىڭدا جەۋلان قىلغان سەممىيلىك، ئۇنىڭدا بەرق ئۇرغان جەڭگىۋارلىق، ئۇنىڭدىكى ئادەم قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك مەڭگۈ مىڭۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش شەرق ئاسمىنىدا تاھازىرغىچە چاقناپ تۇرماقتا، ئۇنىڭدىكى چىنلىق دولقۇنلۇق چاڭجياڭ سۈيىگە ئوخشاش ئېلىمىز زېمىنىدە ھازىرغىچە كۆۋەجىمەكتە. پۈتۈن شېئىر چۈ يۈەننىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە بەدىئىيلىك بىلەن ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى، گۈزەل غايىگە بولغان ئىنتىلىشىنى، شۇ چاغدىكى رېئاللىققا بولغان تەنقىدىي جاسارىتىنى ئىپادىلەپ بەردى. شېئىر قەيسەر، مەردانىلىرىك قەھرىماننىڭ شانلىق ئوبرازىنى يارىتىپ، كىشىلەرگە ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىدىكى چىنلىقتىن ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەقىقىتىدىن بېشارەت بەردى. مېنىڭچە، بىز تەشەببۇس قىلماقچى بولغان بۇ خىل شېئىر روھى چۈ يۈەندىن ئىلگىرى ياشىغان سىياسىيونلار، پەيلاسوپلار، ئىقتىسادشۇناسلار، ھەربىي سەركەردىلەر، دىنىي ئۆلىمالار ۋە قانۇنشۇناسلارنىڭ قولىيازمىلىرىدا مۇنداق ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى.

شىمالىي چى بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى خوغۇرسۇر ئالتۇن (487 - 567) خان ئالىيلىرىغا سىيانپىلار تىلىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن تۇنجى ئۇيغۇر شېئىرى «تۇرا قوشىقى»دىن تارتىپ شېئىرىيەت ئاستانىسىغا قەدەم قويغان ئۇيغۇرلارنىمۇ شېئىرىيەت مىللىتى دېيىش كېرەك. مىلادى 1069 _ 1070 - يىللار ئارىسىدا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 13290 مىسرالىق بۇ گىگانت ئەسەر ئارقىلىق، بىزگە 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاشقا ئۆتكەن مەزگىلدىكى روھىي ھالىتىنى، مىللىي پىسخىكىسىنى، ئىنتىلىشىنى، شۇ دەۋردىكى ئا-

دەملەرنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئېتىكىلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى، پەلسەپە ئىدىيىسى، تەبىئەت، قانۇن، دۆلەت قاتارلىق زور ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ئاجايىپ يۈكسەك سەمەرىلەرنى قالدۇردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى - بۇددا مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس ئىسلام مەدەنىيىتى، گرېك مەدەنىيىتى ئۆزئارا گىرەلەشكەن «يىپەك يولى» تۈگۈنىدىكى بۇ ئەسەر مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، پىكىرلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكلىكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئارقىلىق بىزنى ئاجايىپ بىر غايىۋى مەنزىرىگە، تەڭرى مەركەز ئەمەس، بەلكى ئىنسان مەركەز، بەخت - سائادەتنىڭ مەركىزى خۇداكۆيلۇق ياكى تەركىدۇنيالىق ئەمەس، بەلكى بىلىم بىلەن ئەقىل - پاراسەت، تەقدىرگە تەن بېرىش مەركەز ئەمەس، بەلكى تەبىئەت قانۇنلىرىنى ۋە دۆلەت باشقۇرۇش قانۇنلىرىنى ئىگىلەش مەركەز دەيدىغان نۇرلۇق بىر تېمىغا باشلاپ كىرىپ، بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن بېشارەت بەردى. تەكرارلاش ئەيىب ئەمەسكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھېچقانداق بىرەر ئۇيغۇر ئەربابمۇ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشلىقى، دۆلەتنىڭ ئېسەنلىكى ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقى ھەققىدە مۇنداق شېئىرىي مىسرالارنى تىزمىغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ھەم شېئىرىي ئالاھىدىلىك، ھەم دراماتىك خاسلىق، ھەم ھېكايىچىلىق ئامىللىرى بولغان مۇشۇنداق بىر ئەسەرگە ئۈندىگەن نەرسە، دەل ئۇنىڭدىكى بىز تەكىتلىمەكچى بولغان ۋە بىز يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقماقچى بولغان شېئىر روھىنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىز بۇ يەردە ماركس تەرىپىدىن «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شائىر» دەپ ئاتالغان دانتى «1265 - يىلىدىن 1321 - يىلىغىچە) نى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئۇ 14233 مىسرالىق شېئىرىي ئەسەر «ئىلاھ كومېدىيىسى» ئارقىلىق پۈتۈن ئىتالىيە مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئىزدەندى، ئىنسانىيەتكە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئۆتىدىغان نۇرلۇق بىر يولنى كۆرسەتتى. ئەسەر پارچىلىنىپ كەتكەن ئىتالىيىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى، دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن پاش قىلدى. دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا تەئەللۇق يېڭى ئىدىيە، ئىلمىي قاراشلارنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسەردىكى تەسۋىرىي بايانلار، ئەسەردىكى پىكرىي مەنزىرە، ئۇنىڭدىكى سىمۋوللۇق ئوخشىتىشلار، سېلىشتۇرما ۋە سىمۋولىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەگرى - توقاي سيۇژىتلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار ۋە تەبىئەت دۇنياسى پۈتۈن ئەسەرگە غايەت مۇكەممەل قامۇس شەكلىنى ئاتا قىلدى. شائىردىكى شىجائەت، تەپەككۇر، ئۇنىڭدىكى پائال تەشەببۇسلار، ئۇ تەرغىپ قىلغان روھىي دۇنيا ئوقۇرمەنلەرگە ئىدىيىۋى قوزغىلىش ۋە بەدىئىي زوقلىنىش ئېلىپ كەلدى. ئەسەردىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان ھەر بىر چاقىرىق ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاقسۆڭەكلەر مەدەنىيىتى ئۈستىدىن چىقىرىلغان بەدىئىي خۇلاسە. ياۋروپادىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش مۇقەددىمىسى، ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ مۇنار بولۇپ قالدى.

نۆۋەتتە شۇنىمۇ سۆزلەش كېرەك: دانتى «ئىلاھ كومېدىيىسى» دە ياراتقان كونۇس شەكىللىك دوزاخنىڭ بىرىنچى قەۋىتى سوتخانا، ئۇ يەردە قەدىمكى يۇنان شائىرى گومىر، پەيلاسوپلاردىن سوقرات، پىلاتونلارنىڭ روھى بار. ئۇ باقىي ئالەمدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىردىنبىر نۇر چاقناپ تۇرىدىغان جاي. زىناخورلار، ئاچكۆزلەر، كۆزى تويماسلار، ئۇرۇشقاقلار، ئاسىيلار، مۇستەبىتلار، جەمئىيەتكە بالا - قازا ئۇرۇقىنى چاچقۇچىلار، ماختانچاقلار، ھەسەتخورلار، ھۇرۇنلار، ساخاۋەتچىلەر، رەھىمدىللار، ئاشىقلار، ئادىل پادىشاھلار ۋە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سوتخانىدىن ئۆتىدۇ. ئېھتىمال، مۇشۇ دەملەردە چۇ يۈەندەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئىنسان ۋە يۇرت قايغۇسىنى قىلغان شائىرلىرىمىز، دانتى بىلەن بىرلىكتە ھېلىقى سوتخانىدىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىپ بولغاندۇر. ئۇ يەردە پەرىشتىلەرگە شېئىر روھىدىن دەرس بېرىۋاتقاندۇر. تېخى سەپەر قىلمىغانلار ئۇلار بار جايغا كىرەلەمدۇق - يوق؟ بۇمۇ بىزدىكى شېئىر روھىغا باغلىق بىر ئىش.

## 2

بىلىنىسكى شېئىر توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «بۇ دۇنيادا ئۆزىچە ياكى ئۆزىگىلا تايىنىپ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىرەرمۇ شا-

ئىر يوق، ئۇلار ئۆزىنىڭلا دەرد ـ ئەلىمى ئارقى-
لىق ياكى ئۆزىنىڭلا بەخت ـ سائادىتى ئارقىلىق
شائىر بولالمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ شائىر
ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلىمى بىلەن بەخت ـ سائادىتىنى
جەمئىيەتنىڭ ۋە تارىخنىڭ تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىل-
تىز تارتقۇزالىسا، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ،
دەۋرنىڭ شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ۋەكىلى ۋە ئاۋا-
زىغا ئايلىنالىسا، ئاندىن ئۇلۇغ بولالايدۇ» دېگەن-
دى. مۇشۇ سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا، بىز شېئى-
رىيەت مىللىتى ۋە «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»
دەپ ئاتىلىۋاتقان مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراقتا، ئە-
گەر نادىر شېئىرلىرىمىز ئارقىلىق يۇقىرى سەۋى-
يىدىكى ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقى-
مىز، شېئىرنى 50 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدى-
كىدەك ئېتىزغا كېتىپ بارغان دېھقانلارمۇ، زا-
ۋۇتقا ماڭغان ئىشچىلارمۇ، دەرستىن يانغان ئوقۇ-
غۇچىلارمۇ، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان بىمارلارمۇ
ئوخشاشلا زور ھۆرمەت بىلەن ئوقۇيدىغان ھالەتنى
بارلىققا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئالدى
بىلەن شېئىرنىڭ ماھىيىتىگە ۋە شېئىر روھىغا
ئاساس بولىدىغان مۇنداق ئۈچ شەرتنى ۋە ئاساسىي
ئامىلنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. بى-
رى، مىللىتىمىزدە قەدىمدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي
كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر شېئىرىيەت ئەنئەنىسى؛
ئىككىنچىسى، ئېلىمىزدىكى، جۈملىدىن مىللى-
تىمىزدىكى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان، پۈتۈن
دۆلەتكە ۋە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن، بىز پەخىرلى-
نىشكە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ شائىرلاردىن ۋە ئۇلار
ياراتقان مەنىۋى بايلىقنى، بەدىئىي جەۋھەرلەرنى
ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم؛ ئۈچىنچىسى،
نۆۋەتتە غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقان شېئىرنىڭ ماھىيى-
تى، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي تۆھپىسى ۋە شېئىر-
دىكى گۈزەللىك ئىلمى توغرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ئىختىلابلارنى ئىلمىي مۇنازىرە ئارقىلىق
ھەل قىلىپ، شائىرلاردىكى بەدىئىي تالانت بىلەن
ئادىمىيلىك پەزىلەت مەسىلىسىنى توغرا ھەل قى-
لىشىمىز لازىم.

بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كلاسسىك ئە-
سەر بولالىشى، ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرىيەت ئەن-
ئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلالىغان ياكى قىلالمىغانلى-
قى، ئۇنىڭ زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ، دادىل
ھالدا 21 ـ ئەسىرگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئە-
سىرلەرگىمۇ كىرەلىشى ياكى كىرەلمەسلىكى،
ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ياكى خەلقئاراغا يۈزلە-
نەلەيدىغان دەرىجىگە يېتەلىشى ياكى يېتەلمەسلى-
كىدە ناھايىتى ئاددىي، لېكىن تارىختىن بۇيان
سەل قاراشقا بولمايدىغان، مەيلى چۈ يۈەن، مەيلى
يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەيلى دانتى ئوخشاشلا ئە-
مەل قىلىپ كەلگەن بىر ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ
شۇ بىر پارچە بەدىئىي ئەسەرنىڭ ياكى شېئىرنىڭ
ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتى، ئۆز دۆلىتى ئىچىدى-
كى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ياكى تاماشىبىنلار تەرىپى-
دىن قوبۇل قىلىنغان ياكى قوبۇل قىلىنمىغانلى-
قى. ھەرقانداق بىرەر سەنئەتكار، ھەرقانداق بىر
پارچە بەدىئىي ئەسەرنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈ-
چۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى ھەر بىر مىسرا، ھەر
بىر جۈملىلىرىدىن شائىر ياكى يازغۇچى ياشاپ
تۇرغان تۇپراقنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان، ئۇ-
نىڭ تىنىش بەلگىلىرىدىن شائىر ياكى يازغۇچى
ياشاپ تۇرغان تۇپراقتىكى سۇلارنىڭ شىلدىرلاش-
لىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قىلىش كېرەك. ئۇ-
نىڭ پۈتۈن مەزمۇنىغا ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە
شۇ تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكى، مىللىيەتلىك سىڭ-
گەن بولۇش كېرەك. شۇ چاغدا، بۇ ئەسەرنى
كۆرگەن ھەرقانداق ئىرق، ھەرقانداق مىللەت ئو-
قۇرمەنلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا شائىر ياكى يازغۇچى-
نىڭ مۇبارەك نامى ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن
شۇ يۇرتنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ، شۇ ئىجتىمائىي
ماكان ۋە زاماننىڭ سىماسى پەيدا بولالايدۇ. بۇ-
لۇتلار قانچە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى لەيلەپ
يۈرگەن كۆك ئاسمان ئاستىدىكى زېمىنغا يىلتىز
تارتمىغاچقا، ئۇ شۇ يەرگە تەئەللۇق بولالمايدۇ.
شۇڭا ئۇ يامغۇر بولۇپ تۆگەپ كەتكەنگە قەدەر
ئۆزىنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپات ئې-
تەلمەيدۇ. ئالايلۇق، يۇنان شائىرى گومىر «ئىلى-
ئادا» ، «ئودىسسا» ئېپوسلىرى ئارقىلىق، بۆرە
سۈتى ئېمىپ چوڭ بولغان شۇ بىر ئەۋلاد ئادەم-
لەردىكى بۆرىلەردە بولغان قەيسەرلىك بىلەن ئانى-
لارچە مېھرىبانلىقنى كۈيلەپ، قەھرىمانلىقنى
كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۆز ئەسىرىنىڭ دۇنياغا يۈز-
لىنىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيدى؟ شېكىس-
پىر بىلەن بالزاك، تولستوي بىلەن دوستىيوۋىس-
كى، لى بەي بىلەن دۇفۇ قاتارلىقلار ئىجتىھاد
بىلەن ئىجاد قىلىۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىن-
سانىيەتكە تەئەللۇق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز
قىلمىغان بولغىيدى؟ لېكىن ئۇلار پۈتۈن دۇنيا-
غا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولۇپ كەتتى.
بۇ يەردىكى مۇھىم سەۋەب، ئۇلار ئۆزلىرىنى
چوڭ قىلغان شۇ زېمىندىكى رېئال ھاياتنى چىن-
لىق بىلەن ئىپادىلىدى، شۇ زېمىندىكى دەۋر ئا-

لىمانلىرىنى، تارىخىي ئىزنالارنى، ئۆرپ-ئادەتلەرنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. بېلىنسكى دەل مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ: «گېيوتىنىڭ ئىجادى مەيلى قانچىلىك مۇرەككەپ ۋە مول مەزمۇنلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىدىن ئوخشاشلا گېرمانىيە پۇراپ تۇرىدۇ، پۇشكىننىڭ زور كۆپ ساندىكى لىرىكىلىرى، ھەتتا ئۇنىڭ بىرقانچە پارچە ئېپوسلىرى گەرچە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ياۋروپا ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇشكىننىڭ يەنىلا ھەقىقىي رۇس مىللىي شائىرى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. سەن ئۇنى بايرۇن، گېيوتى، شىللېرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتسەڭمۇ، ئۇلارنى يەنىلا ‹پۇشكىن› نىڭ دېمەكتىن باشقا ئىلاج يوق. يەنە بىر قېتىم تەكرارلاي: شائىر مەيلى قايسى دۇنيادىن ئۆزىگە ئىجادىيەت مەزمۇنى ئالغان بولمىسۇن، مەيلى ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى قايسى دۆلەتكە مەنسۇپ بولمىسۇن، شائىر مەڭگۈ ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ روھىي ۋەكىلى، ئۇ يەنىلا ئۆز مىللىتىنىڭ كۆزى ئارقىلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆز تامغىسىنى باسىدۇ. قانچىكى تالانتلىق شائىر بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇنچە ئومۇمىي بولىدۇ؛ قانچىكى ئومۇمىي بولغان ئەسەردە مىللىيەتلىك شۇنچە كۆپ بولىدۇ. مۇنداق ئەسەرلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىدۇ» دېگەنىدى. ناھايىتى روشەنكى، بارلىق سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت يىلتىزى، بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى، ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭدىكى خەلقچىللىقتىن، مىللىيەتلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكتىن، شۇ مىللەتنىڭ پەۋقۇلئاددە تۇرمۇش مۇھىتىدىن، شۇ مىللەتتىكى دەۋر روھىدىن كېلىدۇ.

يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ خاسلىق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق، مىللىي ئالاھىدىلىك سۇسلاپ كەتتى. چاكىنىلىق ۋە غەيۋەتخورلۇق، ھاياتلىقنىڭ چۆرىسىدە لاغايلاپ يۈرىدىغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار شېئىرىي مىسرالارغا دەخلى-تەرۇز قىلدى. دەۋر روھىنى جاكارلايدىغان، خەلقنىڭ يۈرىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەردە رېزونانس ھاسىل قىلىدىغان (ئورتاق تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان) قۇرلار ئازايدى. ئىندىيۋىدلىكى چوڭقۇر، قوزغىتىش كۈچى زور، روھنى ئويغىتىدىغان، زەئىپ تەنگە مادار، ئاجىز يۈرەكلەرگە قۇۋۋەت بېرىدىغان قۇرلار كۆپ ئۇچرىمايدىغان بولدى. ئىنسانىيەتتىكى ئورتاق گۈزەللىكتىن مۇستەسنا ھالدا شەخسىي ئاھ-نادامەتنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان تەمسىز، يىگىلەپ قالغان ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ قالدى. ھەتتا ھەممىنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن تۇرمۇش ئۈستىدىن كۈلىدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن شانلىق تارىخنى تەنقىد قىلىدىغان، سەلتەنەتنى، يۈكسەكلىكنى، قەھرىمانلىقنى قارغايدىغان، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىنىمۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىلىۋېتىدىغان شېئىرلارمۇ يېزىلدى. پىكرىي مەنزىرىدىكى يوشۇرۇن بېشارەتلەر كۆپىيىپ، قەستەن غەۋغا چىقىرىدىغان، دارىتمىلايدىغان، بۇتنايدىغان كەيپىياتلار ئەدەپ كەتتى. بۇ يالغۇز نەزەرىيىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپلا قالماي، بىزدىكى مەدەنىيەت ساپاسى، ئادىمىيلىك بۇرچىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنىڭمۇ ئاقىۋىتى. مېنىڭچە بۇ يەردە شائىرلىرىمىزدىكى، يازغۇچىلىرىمىزدىكى، بارلىق سەنئەتكارلىرىمىزدىكى تەربىيىلىنىش ھەممىمىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاش كېرەك. بولۇپمۇ شائىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىندىيىۋى، بەدىئىي، ئادىمىيلىك ساپاسى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. ھەرقانداق بىر پارچە شېئىردا ئالدى بىلەن شائىرلارنىڭ ئۆزىدىكى يۈكسەكلىك، ئادىمىيلىك، ئەخلاقىي پەزىلەت گەۋدىلەنگەن بولۇشى كېرەك. بىز دەۋاتقان ئادىمىيلىك شائىردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغان مۇكەممەل ۋە مۇقىم روھىي ھالەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ بىرىكمىسى. ئىجادچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك مۇرەككەپ روھىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شائىرلاردا چاكىنىلىقنىڭ چاڭ-توزانلىرى قونمىغان پاكىز روھىي مەيدان، ئەركىن قانات قاقىدىغان ۋىجدانەن تەپەككۇر، ئالەمدىكى پۈتۈن سۆيگۈ-مۇھەببەتنى قاچىلىيالايدىغان مەنىۋى تۇيغۇ، ئېگىلمەيدىغان، سۇنمايدىغان قەيسەر ئىرادە بولۇش كېرەك. گېيوتى بۇ ھەقتە «سەنئەتتە ۋە شېئىردا، ئادىمىيلىك ھەممىدىن مۇھىم» دېگەنىدى. دېمەككى، شائىرلاردا يۈكسەك، پاكىز، ئالىيجاناب پەزىلەت بولغاندا، ئاندىن چىنلىق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ياخشىلىق بىلەن تاۋلانغان، گۈزەللىك بىلەن يولداش بولغان شېئىر بولىدۇ. شۇڭا بىز شائىرلاردىن ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈشنىمۇ بىلىش كېرەك،

ئۆزىنىمۇ ياخشى كۆرۈشنى بىلىش كېرەك، ئۆزىـ
گە ئوخشاش گۈزەل شېئىرلارنى يارىتىش كېرەك
دەپ تەلەپ قىلىمىز.

3

بىز بىر زامانلاردا پوشكىن بىلەن لېرمونـ
توۋدەك شائىرلارنىڭ ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدۇق. كېيىنكى ۋاـ
قىتلاردا يېسېنىن، ماياكوۋسكىدەك شائىرلارنىڭ
خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالـ
غانلىقىنى بىلگەنىدۇق. ئېلىمىزدىمۇ چۈ يۈەندەك
ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ بېلىقلارغا يەم قىلىۋەتـ
كەن، خەيزى، گې مەيدەك شېئىر ئۈچۈن ئۆزىـ
نىڭ جېنى بىلەن ۋىدالاشقان شائىرلارنىڭ بولغانـ
لىقىدىن خەۋەر تاپقانىدۇق. لېكىن شائىرلارنىڭ
ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئۆزى هالاك قىلىۋاتقانـ
لىقىنى، ھەتتا شېئىرنى هالاك قىلىش سەۋەبىـ
دىن ئۆزىنىمۇ هالاك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغاـ
نىدۇق. مىڭ ئەپسۇس، يېقىنقى يىللار مابەينىدە
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا پېتىنمىغان بىلەن شېـ
ئىرلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە پېتىنالايدىغان قاپ يۈـ
رەك شائىرلار بارلىققا كېلىپ قالدى. مۇشۇلارغا
ئاساسلانغاندا بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىك ئوقۇرـ
مەنلەر «جۇڭگو شېئىرىيەت مۇنبىرىدە شېئىرنىڭ
هايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك سىگنال ئاۋازى
جاراڭلاپ قالدى» دەپ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويـ
دى. بەزىلەر ھەتتا «شېئىر مۇنقەرز بولدى»،
«شېئىر ئۆلدى» دەپ توۋلىدى. تېخىمۇ ئېچىنارـ
لىقى، بەزىلەر شېئىردىكى هالسىراشنى، شېئىرـ
دىكى زەپىرانلىقنى بازار ئىگىلىكىگە دۆڭگەپ
قويدى، بەزىلەر شېئىرىيەتتىكى زەئىپلىكنى پۇلـ
پەرەسلىكتىن، يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن مەدەنىـ
يەت روھىدىن، هازىرقى زاماندىكى چاقماق تېزـ
لىكىدە تارقىلىۋاتقان ئۇچۇر هادىسىسىدىن، كىنو ـ
تېلېۋىزىيىلەردىن كۆردى، بەزىلەر شېئىرىيەتتىـ
كى چۈشكۈنلۈك كەڭ ئاۋامنىڭ مەدەنىيەت ساپاـ
سىنىڭ تۆۋەنلىكىگە باغلىق، ئوقۇرمەنلەر شېئىـ
رىيەتكە ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ۋايسىدى. . .
مېنىڭچە، شېئىرىيەتتىكى كېسەللىك شاـ
ئىرلارنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقتى. شائىرلارنىڭ
ئۆزىنى قەدىرلىمىگەنلىكى، شائىرلارنىڭ بىر ـ
بىرىنى پىسەنت قىلمىغانلىقى، ئۇلاردىكى ئۇيغۇر
شېئىرىيىتى بىر پۈتۈن گەۋدە دېگەن قاراشلارنىڭ
يوقىلىۋاتقانلىقى شېئىرلارنى يامان كۈنلەرگە قالـ
دۇردى. هالبۇكى بىزدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىم
شېھىت، ل. مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوپ،
ئا. خوجايوپ قاتارلىق ئۆز شېئىرلىرى قوينىدا
مەڭگۈ هايات ياشايدىغان شائىرلار بولغانىدى.
ئوسمانجان ساۋۇتتەك ئالىمدەك يۈرىكىگە ئالەمچە
مۇھەببەتنى قاچىلىيالايدىغان ئوت يۈرەكلەر پۈتۈن
زېھنى ۋە ئەقلى بىلەن شېئىرىيەت مۇنبىرىگە جان
ۋە قېنىنى تەقدىم قىلغانىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن
شېئىرىيەتكە هاياتىي كۈچ بېرىش ئۈچۈن تىرىشـ
قانلاردىن ئىدى. تۆمەنىمىڭ ئەپسۇس، يېقىنقى
كۈنلەردە بەزى شائىرلىرىمىز ياكى ھەۋەسكارلىـ
رىمىز ئۆزلىرىدىكى ساپانىڭ تۆۋەنلىكى، تونۇش
جەھەتتە يۈز بەرگەن قايمۇقۇش، نەزەرىيىدىكى
خاتا يېتەكلەش، ئەدەبىي تەنقىدتىكى باشقىلارنىڭ
كۆزىگە قاراپ جان بېقىش، نىشاندىن ئېزىپ كېـ
تىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۆز شېئىرلىرىنىڭ
جېنىغا زامىن بولۇشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ
خىل ئەھۋال يەنى شېئىرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش،
ئۇ شائىرلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدىنمۇ ئېـ
غىر توختايتتى. چۈنكى بىرەر شائىر باشقىلار
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈـ
ۋالغان تەقدىردىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ شېئىرلىرى
ئۆلمىگەن بولسا، ئۇلار ئۆز شېئىرلىرى بىلەن
هايات ياشاۋېرەتتى. ئەگەر شېئىرلىرى نىمجان
ياكى ئۆلۈۋاتقان شائىرلار قانچە ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرۈشنى خالىغىنى بىلەنمۇ، ئۆز شېئىرلىرى
بىلەن بىرگە ئۆلگەن بولاتتى. ناۋادا ئۇلاردا ھەقىـ
قىي شېئىرىيەت روھى بولغان بولسا، دېمەك ئۇـ
لار ئۆز شېئىرلىرىدا مەڭگۈ ئۆلمەس بولۇپ قېلىـ
ۋېرەتتى. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن چۈ
يۈەن، يۈسۈپ خاس هاجىپ، دانتېلارنىڭ قايسىـ
سى ئۆلۈپ كەتمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ شېئىرلىـ
رى هاياتلىققىلا يۈزلەنگەن بولغاچقا، ئۇلاردىن
قايسىسى ئۆلۈپ كەتكەن قاتارغا چىقتى؟ بۇ يەردىـ
كى ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شېئىر خۇدـ
دى لۇ شۈن ئەپەندى ئېيتقاندەك «پارغا ئايلىنىۋاتـ
قان قان»، كۆيۈۋاتقان روھ، ئىنسان روھىنىڭ
ئېنىكئانىسى، ئالەمنىڭ ئەكس ساداسى.
شائىرلاردا ئاڭلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى،
بۇرچ تۇيغۇسى، ئازاب تۇيغۇسى بولۇش كېرەك.
ئۇلاردا ۋەتەن ئېڭى، مىللەت ئېڭى بولۇش كېـ
رەك. ئۇلاردا ئادىمىيلىك پەزىلىتى بولۇش كېـ
رەك. مۇشۇ ئەھۋالدىلا، پەقەت مۇشۇ شارائىتتىلا
بىز يوقىلىۋاتقان شېئىر روھىنى قايتا تاپالايمىز.
تېخى هالاك بولمىغان شېئىر روھىنى قايتا تىكـ
لىيەلەيمىز، شېئىرنىمۇ، ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىـ
ۋاتقان شائىرنى قۇتقۇزۇپ، كەڭ خەلققە يۈز كېـ
لەلەيدىغان نادىر شېئىرلارنى يارىتالايمىز.

# شېئىردىكى قاتلام ئامىللىرى

(مىكرو ماقالە)

قۇدرەت قۇربان

شېئىرىي جەۋھەرلەرنىڭ خىسلەتلىك خۇرۇچى بولغان شېئىرىي تىل سىجىل كېڭىيىشچان قاتلاملىق قۇرۇلما ھاسىل قىلىپ، شېئىردىكى ئەڭ كىچىك ئىلاستىك بىرلىك — ئىماگدىن (ھېسسىي ئوبرازدىن) تەركىب تاپىدۇ. شېئىردىكى ھەر بىر ئىماگ ئۆز ئارا چەكلىنىش، ماسلىشىش ۋە تولۇقلىنىشتىن ئىبارەت گارمونىيىلىك خۇسۇسىيەت ئارقىلىق شېئىرىي كونتېكستتە مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا شېئىردىكى قاتلاملىق چوڭقۇرلۇق توغرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن شېئىرىي ئىماگ ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىماگ شېئىردىكى ئىدراك بىلەن تۇيغۇنىڭ بىرىكمە جۇلاسىدىن ئىبارەت. ئۇ (ئىماگ) شېئىرنىڭ ئوبيېكتىپ پوستى قاتلىمى بولۇپلا قالماي، سۇبيېكتنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇر مەنبەسى. ئىماگنىڭ تاشقى پوستى سۇبيېكتنىڭ ماددىي ئاساسى. شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى سۇبيېكتىپ ئامىللار تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق شېئىرغا كۆچكەندە شېئىرىي ئىماگنىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق، ستېرېئولۇق ئېكرانىدا جىلۋە قىلىدۇ. شۇڭا، شېئىرىي ئىجادىيەت ۋە شېئىردىن بەھرىلىنىش جەريانى تۇيغۇنىڭ سىمۋوللىشىش جەريانى، ئوبيېكتتىن سۇبيېكتقا ئۆتۈش جەريانى شۇنداقلا روھنىڭ چەكسىزلىككە پارلىنىش جەريانىدۇر.

ئالايلۇق، شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ياكى تەسەۋۋۇرىدىكى باياۋان پەقەت ئوبيېكتىپ مەنىدىكى باياۋانلا ئەمەس، سۇبيېكتنىڭ (قەلبىنىڭ) سىمۋولى ۋە ھاۋالىسى، ئۇ (شائىر) باياۋاننىڭ ھەسرەتلىك نىداسىنى غايىبانە ئاڭلىيالايدۇ، ئۇنىڭدىكى چاڭقاپ ياتقان ئاندا - ساندا، غېرىبانە گۈل - گىياھلاردىن ئۆلمەس روھنىڭ غۇۋا سىماسىنى كۆرەلەيدۇ.

شېئىردىكى ھەر بىر تارماق ئىماگ بىرىكىپ شېئىرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى لىنىيە قىلغان ئاساسىي ئىماگنى تەشكىل قىلىدۇ ھەم شېئىرنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىغا ئىگە گىرەسىمان مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شېئىردىكى قاتلام ئامىللىرىنى كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، بىر قۇتۇپلۇقتىن كۆپ قۇتۇپلۇققا، شېئىرىي تەسەۋۋۇردىن مېتافىزىك بىۋاسىتە سەزگۈگە چوڭقۇرلاش نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكىدەك تۆت ئاساسىي نىسپىي قاتلامغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، سېمانتىكا قاتلىمى.

شېئىرنىڭ دەسلەپكى قاتلىمى بولغان سېمانتىكا قاتلىمىدا تىلنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن سىرت، سىمۋوللۇق مەنە، ئوخشىتىلغان مەنە، كۆچمە مەنە، قارىمۇ - قارشى مەنە قاتارلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ئەسلى مەنە بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋەت تورىغا ئىگە بولىدۇ. شېئىردىن بەھرىلىنىش جەريانىدا سېمانتىكا قاتلىمىدىن ھالقىش باسقۇچى چوڭ - كىچىك كونتېكستلارنىڭ ھەم بەھرىلەنگۈچىنىڭ مەدەنىي تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بەزىلەر تىلنىڭ ئەسلى مەنە دائىرىسىدىن ناھايىتى تېزلا ھالقىپ، ئوخشىتىلغان مەنە ۋە سىمۋوللۇق مەنە قاتارلىقلارنى ھېس قىلالايدۇ، بەزىلەر تىلنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. نەتىجىدە تىلنىڭ تومتاق، ئۇقۇملاشقان چەكلىك مەنە مۇھاسىرىسىگە بەنتلىنىپ، شېئىردىن سەنئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ بەھرىلىنىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

ئىككىنچى، ئوبراز قاتلىمى.

بەھرىلەنگۈچى شېئىرنىڭ سېمانتىكا قاتلىمىدىن ئىچكىرىلەپ، شېئىرىي تەپەككۇر، باغلانما تەسەۋۋۇر ۋە باغلانما تۇيغۇ ئارقىلىق شېئىرىي ئىماگقا ماس ھالدىكى جانلىق شېئىرىي ئوبرازنى ھېس قىلغاندىلا، بەھرىلىنىش جەريانىدىكى قايتا

ئىجاد قىلىشقا يېتەرلىك ئاساس ۋە ئەركىن تە-
سەۋۋۇر زېمىنى ھازىرلىنىدۇ. دېمەك، شېئىرىي
تەسەۋۋۇرى بېكىنمە ھالەتتىكى بەھرىلەنگۈچى
شېئىر قاتلاملىرىنىڭ تاشقى ئۆتكەللىرىدە قاپسى-
لىپ قېلىش ۋەجىدىن ھەرقانچە ئېسىل شېئىرمۇ
ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى ۋە
جەلىپكارلىقىنى بەخش ئېتەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى، كونتېكست قاتلىمى.

بۇنىڭدا بەھرىلەنگۈچى يەنە بىر قاتلام چوڭ-
قۇرلاپ، ھەر بىر بۆلەك كونتېكستتىكى ئىماگ
ۋە سىنتاگمىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، شېئىرنىڭ بىر
پۈتۈن ئاساسىي كونتېكستىگە تەدرىجىي يۈزلىنى-
ۋاتقان تېپەككۇر يۆنىلىشىدە، بىر پۈتۈن شېئىر-
نىڭ ئېستېتىك قىممىتى، مەنىۋى سىغىمچانلى-
قى، بىۋاسىتە تۇيغۇ تىندىنىسىيىسى، شېئىرىي
مۇھىت ۋە شېئىرىي كەڭلىك قاتارلىقلار تەسىرىدە
بىر پۈتۈن ئاساسىي ئىماگ ۋە شېئىرىي تۇيغۇ
ئىلكىدىكى سېھىرلىگۈچى «ئىندۇكسىئون كۈچ»
نىڭ غايىبانە ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

تۆتىنچى، بىۋاسىتە تۇيغۇ قاتلىمى.

يۇقىرىدىكى قاتلامدىن ئۈزلۈكسىز ھالقىش
يۈكسەكلىكىگە مۇشەررەپ بولالىغان بەھرىلەنگۈ-
چى تەپەككۇر بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ،
شېئىردىكى مېتافىزىك بىۋاسىتە تۇيغۇ قاتلىمىغا
شۇڭغۇيدۇ. بۇ قاتلامنىڭ پايانسىزلىقى بەھرىلەن-
گۈچىنى تەجرىبىدىن ۋە تىلدىن ھالقىغان بىۋاسى-
تە تۇيغۇغا، فىزىكىلىق ماكان ۋە زاماندىن ھالقى-
غان پسىخىك ماكان ۋە زامانغا، ئۆزىنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر روھىي قاتلاملىرىنى بىمالال تىڭشىيالاي-
دىغان «ئالاھىدە ئىقتىدار»غا، ئادەم، ئالەم ۋە
تەڭرىنىڭ تەڭكەش سىمفونىيىسىدىن بەھرىلىنىپ
ۋەھدەت شارابىنى تېتىيالايدىغان خىسلەتلىك لەھ-
زىلەرگە نائىل بولالايدۇ. بۇ باسقۇچقا يېتەلىگەن
شېئىرنىڭ قىممىتى ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلى-
مىسىگە ئۇچرىماستىن، دەۋردىن دەۋرگە، زامان-
دىن زامانغا ھالقىپ، بۈيۈك سەنئەتنىڭ مەڭگۈ-
لۈك سېھرىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. كلاس-
سىكلىرىمىزدىن ئەلشىر ناۋائى، مەشرەب قاتار-
لىقلارنىڭ شېئىرلىرى ئەنە شۇ باسقۇچقا يەتكەچ-
كە، جاھان ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى بىباھا قىم-
مىتىنى ئەسىرلەر مابەينىدە ساقلاپ كەلمەكتە.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە ئاز بىر
قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ تەلەپچان بە-
زى ياش شائىرلىرىمىزنىڭ قىسمەن شېئىرلىرى-
دىن بۇنداق پايانسىز، سەرسانە، مۇقەددەس ئىلا-
ھىي روھنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئۆتكۈنچى
جىلۋىسىنى تەخىرسىز روھىي چاڭقاقلىق ئىلكىدە
غىل ـ پال ئۇچرىتىپ قالىمىز، خالاس.

(بېشى 79 ـ بەتتە)

سوۋغا قىلغانىدى. شۇڭا باشقىلار «باھار
پەسلى كەلدى» دېيىشسە، بوۋاي: «يېشىل مۇ-
ھەببەت. . .» دەيتتى. يېشىللىقنىڭ ئىنسانلار-
نىڭ دىلىنى يۇمشىتىپ، يۈرىكىنى ئېرىتەلەيدى-
غانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. بوۋاينىڭ ئەندى-
شىسى مومىيى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بارغان
ئالقانچىلىك زېمىندىكى يېشىللىقنىڭ قۇرت ـ
قوڭغۇزلارنىڭ ئوۋىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئىدى.
مومىيىنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسمداش بۇ پەسىل
بوۋاينىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقاتتى. ھەر يىلى باھار
كېلىشى بىلەن جاھان يېشىللىشىدىغانلىقى، مە-
ھەللىداشلارنىڭ تېخىمۇ ئىناق ـ ئىجىللىشىپ
كېتىشى بوۋاينىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى. ئايالى با-
ھارخانمۇ خۇددى باھاردەك ئىللىق ھەم كۆيۈمچان
ئىدى. . .

بوۋاينىڭ نەپسى بوغۇزىدىلا قىسىلىپ قالى-
دىغاندەك قىلاتتى، ھەتتا بۇ رېئاللىقنى كۆرۈش
قۇۋۋىتى يوقىلىۋاتقان بىر جۈپ كۆزىمۇ ئاستا ـ
ئاستا يۇمۇلۇپ، كائىنات دۇنياسىدىن بارا ـ بارا
يىراقلىشىۋاتقاندەك بىلىنىدى ـ دە، بۇنىڭدىن گۇ-
مانلانغان بوۋاي، قولى بىلەن كۆزىنى بىر ئۇۋۇلاپ
بېقىشنى ئويلاپ قالدى. شۇ پەيتتە بوۋاي پۈتۈن
بەدىنىنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكىنىنى، قولىنىڭ-
مۇ بادىردەك سۇنۇلۇپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. . .

ئوغۇللىرىدىن باشلاپ كېلىنلىرىگىچە ھەتتا
ئۇششاق نەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭ تېزرەك جان ئۈزۈ-
شىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ناھايىتى تاقەتسىزلىك
ئىچىدە تولىمۇ جىددىيلىشىپ ئاخىرى جىمجىت
بىر سېكۇنتنى كۈتۈۋالدى. . .

# ئەدىبلەر ھەققىدە پاراڭ

— ھەققەت ئەكس ئەتكەن ئەخلاق - پەزىلەت دىمەكتۇر.

—يۇسۇپ ھۈسەيىن

كىشىلەر ئۇنىڭ «نەپەس ۋەزنى» دە شېئىر يازىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. «نەفەس ۋەزنى» دېگەن بۇ ئىبارە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كېتەلمىدى. ھېچبىر سەھىپىدە ئىلمىي مۇلاھىزىلەرمۇ بولمىدى. ئەكسىچە، يۇسۇپ ھۈسەيىننىڭ «نەپەس ۋەزنى» دىكى ئۇزۇن مىسرالىق شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىدى. بىزدە يەڭگىلتەك مەسخىرىلەر ئاز ئەمەس. بىز خۇدىمىزنى يوقاتقان ھالدا كۈلۈشنى ياخشى كۆرىمىز. بۇ كۈلكىلەردىن تارىخى، دەۋرى مەسئۇلىيەتنى ئىزدەپ تېپىش قىيىن، پىكىرلىرىمىز تراگېدىيىلىك چوڭقۇرلۇققا نامرات بولغاچقا، تارىخ ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن شۇنچە يىراقتا تۇرۇپتىمىز. بىزنىڭ ئەگەشمە، تەقلىدىي رىئاللىق تۇيغۇمىز ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى نۇرغۇن ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولماي كېلەچەككە مىراس بولۇپ قېلىۋەردى.

خۇددى «نەپەس ۋەزنى» ئىلمىي شەرھەندازلىرىنىڭ دىققىتىدىن خالى قالغاندەك، يۇسۇپ ھۈسەيىن شۆھرەت سەلتەنىتىدىن تولىمۇ يىراق بىر سەھرادا تۇپراقنىڭ ھەقىقىي ساپ پۇرىقىغا جۆر بولغان ھالدا زامانىمىز كىشىلىرى ھەزىم قىلالمىغان ئىلاھىيەت پىكىرلىرىنى تەلقىن قىلىپ، تولۇق خاكسار بىر شەخسكە ئايلاندى.

مەن بۇ كىشىگە ئۇنىڭ «نەپەس ۋەزنى» دىكى شېئىرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىقىشقا باشلىغانىدىم. بۇ چاغدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتىم. گەرچە بىز بىر شەھەردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، ئەدەبىيات كوچىسىدىكى ئېھتىراسلىق ھېسلار تۈپەيلى، مەندە ئۇ كىشى بىلەن دىدارلاشقۇدەك جۈرئەت تۇغۇلمىغانىكەن. كېيىن خىزمەتكە چىقتىم. ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل ئىشلەپ، شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى ئىلمىي باشقارمىسى قارمىقىدىكى «شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» غا تەھرىر بولۇپ يۆتكەلدىم. تەھرىرلىك ھاياتىمدىكى قىزىق بىر ئىش مۇنداق باشلاندى: باشلىقىمىز بىر پارچە ماقالىنى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا بەردى، بۇ دەل يۇسۇپ ھۈسەيىننىڭ «نوپۇز ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى ئىكەن. دېمەك، مەن خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مىستىك شائىر يۇسۇپ ھۈسەيىننىڭ ئىملاسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. خەتلەر زىچ ۋە قويۇق يېزىلغان بولۇپ، گەۋدىسى ۋە شەكلى بىر قىسىم چىغاتاي ئۇيغۇر ئىنشالىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى، ماقالە مەن تەھرىرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆرگەن ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە مېنى ئەڭ سۆيۈندۈرگەن ماقالە بولدى. ماقالىدە نوپۇزنىڭ نورمال ۋە بىنورمال تەرەپلىرى، نوپۇزنىڭ زومىگەرلىك ئامىللىرى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە تەرەپلىرى بويىچە قويۇق

• ئابدۇقادىر جالالىدىن



پەلسەپىۋى تۇستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاپ-
تورنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاسلىقى مې-
نى جەلپ قىلىۋالغانىدى. پروفېسسور ئەپەندى-
لەرنىڭ باش ماقالە ئورامىدىكى جۈملىلىرى ۋە
كونسېپىك خاراكتېرىدىكى پىكىرلىرىنى كۆرۈۋې-
رىپ چارچىغان زېھنىم يۈسۈپ ھۇسەيىندىن قۇت-
لۇق خەۋەر ئىشىتكەندەك شېئىرىي ئىلھام سەز-
دى. رابغۇزى تەسۋىرلىگەن نەبىلەرنىڭ بىرەر ۋا-
رىسى زاھىر بولغاندەك، ئۇنىڭ ئارامبەخش شامى-
لى يەلپۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ماقالىگە ئىشلى-
تىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يازدىم. كې-
يىن بۇ ماقالىنى بېسىش - باسماسلىق مەسىلىسى
باشقارمىمىزدىكى چوڭ مەسىلىگە ئايلاندى. ئاخى-
رى ماقالە ئىنستىتۇتنىڭ مەلۇم بىر رەھبىرىنىڭ
كۆرۈپ بېقىشىغا يوللاندى.

«ماقالىدە ئىدىيىلىزملىق خاھىش ئېغىر،
ئېنگلىسنىڭ نوپۇز كۆزقارىشىغا زىت، ئەگەر بۇ
ماقالىنى سىلەر باسساڭلار مەن قارشى ماقالە يا-
زىمەن» - ماقالىگە نىسبەتەن بىزنىڭ ئالغان جاۋا-
بىمىز ئەنە شۇنداق بولدى. بىز بۇ گەپتىن قور-
قۇپ كېتىپ ماقالىنى ئېلان قىلمىدۇق.

مەن كىتاب كۆرسەم تىل ۋەپىكىردىكى خاس-
لىقنى بەكرەك ئىزدەيمەن، ئاپتورنىڭ سەرگۈ-
زەشتىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرەر - ئىككى
ئېغىز گەپنى ئۇچرىتالىسام، كىتابنىڭ پاخال
يەرلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىمەن. كىتاب ئوقۇپ ئاپ-
تور تەرىپىدىن ئالدىنىپ قالىدىغان ئىشلاردىن
خالاس بولماق تەس. يۈسۈپ ھۇسەيىندە ئۇسلۇب
خاسلىقى بولۇش بىلەن بىرگە ئىجادىلىقمۇ زور
ئىدى. خەنزۇ تىل - يېزىقىدا نەشىر قىلىنغان
كلاسسىك پەلسەپە ئەسەرلەرنى كۆرگەندە ئۇيغۇر-
چە ھەل قىلالمىغان بەزى ئاتالغۇلار يۈسۈپ ھۇسە-
يىننىڭ يازمىلىرىدا ئوبدان ھەل بولغانىدى. ئۇ
غەرب پەلسەپىسىنى شەرقنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇ-
را ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ ئاشقازىنى بى-
لەن ھەزىم قىلغانىدى. يۈسۈپ ھۇسەيىننىڭ مە-
نىۋىيەت خەزىنىسىدە گرېك، رىم، ئەرەب،
پارس، ھىندى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى گۈزەل
نەمۇنىلەر تېپىلاتتى. ئۇ ئۆزى يولۇقتۇرغان ئۇ-
چۇرلارنى، زامانىۋى ئىلىملەرنى ھېكمەت قازىنى-
دا بىرلىكتە ئېرىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارى-
تىشقا ماھىر كىمياگەر ئىدى. مۇشۇنداق رو-
شەن تەسىرات مەندە يۈسۈپ ھۇسەيىن بىلەن پى-
كىر ئالماشتۇرۇش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى.
ياشلىقنىڭ شۇنداق بىر پەرىشان چاغلىرى بولىدۇ —
ئارزۇلىرىڭ جاھانغا پاتمايدۇ، باشقىلار سېنى
چۈشەنمەيدۇ، كىشىلەردىن ئاسانلا رەنجىپ قېيى-
داپ قالىسەن، بولۇپمۇ دەۋرنىڭ ھەسرىتىنى
ھۆددىگە ئالغان بىر شائىر پۈتكۈل كائىناتنىڭ
پۇقراسى سۈپىتىدە شور پېشانىلەرگە ئورتاق تىل
بىلەن خۇداغا پىچىرلايدىغان بولۇپ كەتكەندە، ئۇ-
نىڭ ئاشىقانە يۈرىكىنى چۈشىنىدىغان نە بىر قىز،
نە بىر يولداش تېپىلمايدۇ، سەن بىر ئاددىي بەندە
بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى
دوستلارغا خۇمارمۇ بولۇپ قالىسەن. دوست ئا-
سان چىقمايدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا بىر ئىجتىمائىي
سائادەتتىن قۇرۇق قالساڭمۇ، يېگانە قەلبىڭ يې-
يېڭى تۇيغۇ ۋە پىكىرلەرنىڭ ئۇنۇملۇك تۇپرىقىغا
ئايلىنىدۇ. شۇندىلا قەلبىڭدىكى مۇتالىئەگە شې-
رىك بولالايدىغان ئارىفلارنى ئىزدىگۈڭ كېلىدۇ.

پەرىشان دەقىقىلەر مەنىلەر دېڭىزىنىڭ تەھ-
رى، بۇ دېڭىزنىڭ تەكتىدە ئاداققىچە ئۆچمەيدىغان
پىراق يالقۇنى بولغاچقا ھەمىشە قايناپ تۇرىدۇ.
پول ۋالېرى دېڭىزدىكى ئەبەدىي يېڭى باشلىنىش-
تىن ھايات سىرلىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

شائىر مۇزدەك دېڭىزنىڭ ئاستىدا ئوت بار
دەيدۇ، بۇ گەپنى كۆيۈپ تۇرغان كىشىلەر رەت
قىلمايدۇ.

پەرىشان دەقىقىلەر ئىنساندىكى خاسلىقنىڭ
رېئاللىق ئۈستىدىكى قانائەتسىزلىكىدىن كېلى-
دۇ، ئەتراپىدىكى تەرتىپ، ئادەت ۋە تۇرمۇش
لوگىكىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە
ئالالىغان كىشىلەر مەنىۋىيىتىدىكى قۇدرەتنى گاھ -
گاھ، خىرە - شىرە كۆرۈپ قالىدۇ. خاسلىق
ئىسيانى ئۆز يامراشلىرى داۋامىدا ھامان بىر سى-
قىلىشنى تېتىيدۇ. شۇڭا، ئۆكتىچىلەرنىڭ سۆز-
لىرى كەسكىن تەنقىد خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش
بىلەن بىرگە چوڭقۇر تراگېدىيىلىك يىلتىز ھەم
مۇڭلۇق تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە.

شۇ مەزگىللەردە تۇرمۇشۇم بەكلا تەرتىپسىز
ئىدى، روھىم تۆۋەن، نېرۋام چارچىغانىدى.
چۈشكۈنلۈك ئۆزىنىڭ ئېغىر قاناتلىرى بىلەن باش
ئۈستۈمدە ئەگىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ پەرۋازىدىن
چىققان سوغۇق شامال ئىچ - تېشىمنى زىمىستان
كەيپىياتىغا ئەسىر قىلاتتى، ھېمىڭۋاي، كاۋاباتا
ياسۇنارى، يېسىنىنلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلى-
شى ھەققىدىكى ئويلار كاللامنى چۇلغىۋالاتتى.
كىشىلەرنىڭ ئەتىگەندە سۈت سېتىۋېلىشلىرى،
توي نەغمىلىرى، ھۆپپىگەرلەرنىڭ قىزغىن تۇۋ-
لاشلىرى. . . ئەنە شۇنداق ئاددىي، نورمال كى-
شىلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئەقلىمگە سىغماي-
دىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغۋار تەنھالىقتىكى كىشىلەرنىڭ ئىستە-
كىنى پەقەت خۇدالا چۈشىنىدۇ. كىرىست ئۇستى-
دىكى ئەيسا ئاسىي بەندىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلى-
رىنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ «ئۇلارنى كەچۈرگىن»
دەپ پىچىرلىغاندا، ئەيساغا يۈرگۈزۈلگەن جازانى
تاماشا قىلىۋاتقان گۇمراھلار بۇنى ھەرگىز ئاڭلى-
يالمىدى. ئەيسا پەقەت ھەق ئىگىسىلا چۈشىنىد-
غان بىر سىرنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ قالتىس دوقمۇشى-
دىن ئىلگىرىلا دالالەتلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى.
ئاشۇ پەرىشانلىقلار ۋە بىئارامىلىقلار مۇقەد-
دەس تەنھالىقتىكى ۋەھىمە پەللىگە يېتەلمىسىمۇ،
ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بىر ئادەم-
نىڭ ياشلىقى ئۈچۈن سالماقلىق پىكىر ئېلىپ
كېلىدىغان روھى تولغاق ئىدى.
ئاشۇنداق بىر كەيپىياتتا يۇسۇپ ھۇسەيىنگە
خەت ياردىم. پىكىرلىرىمنى، ھېسلىرىمنى، رو-
ھىي قاپتاللىرىمنى تۆكتۈم. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي
يۇسۇپ ھۇسەيىندىن جاۋاب خەت كەلدى. ئۇ ئۆ-
زىنىڭ خېتىدە «نەپەس ۋەزنى» نىڭ كېلىپ چىقى-
شى، ئەمكىنلىكىنىڭ نەپەس بىلەن مۇناسىۋىتىنى
شەرھىيلىگەنىدى. مەكتۇب ساھىبى بۇ خەتكە
خېلى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، رو-
ھىيەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن مۇئەللىپنىڭ سە-
مىمىي ئەقىدىسى بىلىنىپ تۇراتتى.
كەيپىيات نەپەسنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر
كۆرسىتىدۇ، دەيتتى يۇسۇپ ھۇسەيىن. شۇنداق
ئىكەن، نەفەسنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ئارقى-
لىق كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىش تامامەن مۇم-
كىن. بىر قېتىملىق نەپەس سۇمۇرۇش ۋە چىقى-
رىش بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ، بىز نەپەس ئالغىنى-
مىزدا مۇئەييەن ئوكسىگېن مىقدارى ئورگانىزمى-
مىزدىكى تۇرلۇك ئايلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قى-
لىدۇ. نەتىجىدە، ئوكسىگېن قان ۋە نېرىپ سۇ-
پەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئادەم
مەلۇم تۇرتكە تۈپەيلى پىكىر قىلسا، ئاشۇ ئوكسې-
گېن مىقدارىنىڭ تۇر ئۆزگىرىشلىرى بەدەندىكى
ئېلېمېنتلارغا شۇنداقلا تەپەككۇر ئېنېرگىيىسى-
گە، ئاخىرى ئاۋازغا، ھەرپكە، بەلگىلەرگە ئايلى-
نىدۇ. دېمەك «نەپەس» ھالقىسى ئارقىلىق ماددا
ۋە روھنىڭ ئىچكى - تاشقى ئالەملىك ئايلىنىشلى-
رىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. «نەپەس ۋەزنى» دىكى
شېئىرلار كىشىلەرگە ئوبراز، ئارزۇ - ئارمان
خىللىرى بىلەن تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بولدى
قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇ ھەزىم جەريانىدا مۇئەي-
يەن نەپەس قانۇنىيىتى ئۇستىگە قۇرۇلغان تاۋۇش
ئېقىمىنى ياكى جۈملە (مىسرا) قۇرۇلما ئارقىلىق
ئادەتتىكى نەپەس مىقدارىنى ئۆزگەرتىدۇ، شۇ
ئارقىلىق ئورگانىزمدىكى فىزىكىلىق، پسىخىكى-
لىق ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كى-
تابخان شېئىرنى ئوقۇش جەريانىدا نەپەسنىڭ ئىق-
تىدارى ئارقىلىق ئۆزى سېزىپ يېتەلمىگەن مەنى-
ۋى ھاياتنى باشتىن كەچۈرىدۇ.
يۇسۇپ ھۇسەيىن يۇقىرىقى قاراشلىرىنى
بۇددا دىنى ۋە تويىن دىنىدىكى بەزى تەلىماتلار
ئارقىلىق ئىزاھلىغان، خەنزۇلاردىكى «نەپەس
گۇمپىسى» نىڭ قائىدىلىرىنى شېئىرىيەتتىكى
كەيپىيات، ھېسسىيات ھادىسىلىرىگە تەدبىقلىغا-
نىدى.
بىزنىڭ ئوقۇش ھاياتىمىز ئاللىبۇرۇن كەل-
تۈرۈپ چىقىرىلىپ، چاسلاپ قويۇلغان تەييار
ئۇقۇملارنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكەنىدى. بىر مەسى-
لە ئۈچۈن ئۇنداق كەڭ مەدەنىيەت ئىقلىملىرىدىن
دەلىل ئىزدەيدىغان پەزىلەتلەرنى كەمدىن - كەم
ئۇچرىتاتتۇق. يۇسۇپ ھۇسەيىن ماڭا قۇم تۈچكى-
سى ئارقىلىق كائىنات ھالىتىنى ئىشارە قىلىش-
تەك خىلۋەت بىر كوچىنى كۆرسەتكەنىدەك بول-
دى. ئەمما، يۇسۇپ ھۇسەيىن قۇمدىن ئىبارەت
ئالەم پۇنكىتىدىكى كۆرسەتكۈچلەرنى ئالەمنى بىر
ئالغان روھىي قۇۋۋەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى،
ئۇلارنى ئۆزى بىلگەن سىفىرلار بىلەن خاتىرىلەپ
ئالاتتى. ئېينىشتېيىن تەجرىبە بىلەن روھىي را-
دىئولوگىيىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ تاياندى.
ئۇ بارمىقىنى بىر چىقىرىۋىدى، دەقىقە ئارا سان -
ساناقسىز زامان دەرۋازىلىرىنى تېشىپ ئۆتتى.
ھەر بىر سەييارە ئۇنىڭ چەكسىز ماكان - زامان
ئوربىتالىرى بىلەن پۈتكەن كاللىسىنىڭ ھۇجەي-
رىسىگە ئايلاندى. شۇڭا ئاندىروتوماس: «ئېي-
نىشتېيىنىڭ ئاپئاق چاچلىرى كائىناتتا لەپىل-
دەپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.
يۇسۇپ ھۇسەيىندە بەرەس كېسىلى بار ئى-
دى. ئۇ ئاشۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان مەيۇسلىك-
لىرىنى، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان
يىرگىنىش ئالامەتلىرىنى، يېتىمسىراشلىرىنى،
ئەلنىڭ كۆزىدىن خالى بىگانىلەرچە ھاياتىنى يې-
زىپ، ماڭا روھىي ئىستىغپارغا ئوخشاپ كېتىد-
غان سەرگۈزەشتىلىرىنى كەڭ كۇشادە ئىزھار
قىلغانىدى. «قۇياش تازا قىزىغان پېشىن مەز-
گىللىرىدە قىزىل دەريا ۋادىسىنى ئايلىنىپ، ئا-
دەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنھالىقىنى تەجرىبە قىلد-
مەن» دەپ يازغانىدى ئۇ. بۇ گەپ ماڭا شېئىر-
دەك تەسىر قىلغانىدى. ھېرمان ھېسسى ياش
چاغلىرىدا ساكيامۇنى باشتىن كەچۈرگەن روھىي

بىشارەتلەرنى قايتا ئاڭلاش ئۈچۈن خىلۋەت بىر تاغ باغرىدا دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بېقىپتىكەن. مەن قۇرئان قىسسىلىرىنى ئوقۇغىنىمدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ئانتىك تەنھالىقى ھەققىدە پىكىر قىلماپتىكەنمەن. پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسە ئاجايىپ پەلسەپىۋى سىستېمىنىڭ يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

ئەخمەد يەسەۋى 63 ياشقا كىرگەندە، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشامدىم دەپ ئۇچۇق گۆرگە كىرىۋالغانىكەن.

يۈسۈپ ھۇسەيىن، ھېرمان ھېسسى، يەسەۋى. . . بۇلار روھنى تەجرىبە قىلىشنىڭ ئۇپۇقىدا ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنى نۇر غەمزىسىدە كۆرۈپ تۇرىمىز.

بىر پارچە خەت روھىيەت سىرلىرى ھەققىدە كۆپ يىپ ئۇچى بەردى. نېمىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، نېمىلەرنى ئاختۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە مەندە نۇرغۇن ئويلىنىش بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئارىمىزدا نورمال خەت ئالاقىسى باشلاندى. ئۇ ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمنى كۆرگەندىكى روھىي مۇئەممالىرىنىڭ يېشىملىرىنى دەرھال يېزىپ ئەۋەتتى.

ئارىدا بىرەر يىل ئۆتتىغۇ دەيمەن، يازلىق تەتىلدە ئانامنى يوقلاپ قەشقەرگە باردىم. يۈسۈپ ھۇسەيىننى ئاتايىتەن ئىزدەپ كۆرۈشتۇم. ئۇ ماڭا بىر قاراشتىلا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك كۆرۈندى. بېشىغا شەپكە كىيىۋالغان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى جاھانساز زىيالىيلاردەك پاكىز، رەتلىك، خۇشخۇي تۇتۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسە كېرەك. ئۇ دائىم شۇنداق يۈرەمدۇ ياكى مەن تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا شۇنداق ئۇچراتتىممۇ، بۇنىسى نامەلۇم. پەرىزىمچە، ئۇ ئاشۇنداق يۈرۈشتە تەبىئىيلىك ھېس قىلسا كېرەك. ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇنى دېھقان دەپ ئويلاپ قالاتتى.

بىز بىرلىكتە شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇق، خەلق باغچىسىنى ئارىلاپ، سايىلەردە مۇتالىئە قىلدۇق، تاماق يېدۇق، پارىڭىمىز ئاساسەن شەرق تەسەۋۋۇپچىلىقى ھەققىدە بولدى. ئۇ ماڭا ئەلشىر ناۋائىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) دېگەن ئەسىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشىمنى ھاۋالە قىلدى. بىرمۇنچە قۇشلار تاكامۇلىنى ئىزدىدى، يەتتى، ھېچنېمە يوق دېيىشتى. «قۇشلار تىلى» نىڭ ئىدىيىسى ئۇنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشچە ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ دەل فرانسۇز يازغۇچىسى ئالبېرت كامۇسنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئىدىيىسىگە يېقىن ئىدى.

«قۇۋۋەت ھەزىمدە» دېدى ئۇ تاماق يەپ قايتىۋاتقىنىمىزدا، «ئات بىدە يەيدۇ، تۆگە پاخال يەيدۇ، ئادەم ئاشۇ پاخاللارنىڭ جەۋھىرى بولمىش گۆرۈچنى يەيدۇ، ئۇنى باشقا قۇۋۋەتلىك خۇرۇچلار بىلەن قوشۇپ ھەر خىل تائاملارنى ئېتىپ يەيدۇ. بىراق، ئات بىلەن تۆگە جىسمانىي جەھەتتىن ئادەمدىن كۈچلۈك. سەۋەب شۇ يەردىكى، بىدە بىلەن پاخال ئات ۋە تۆگىنىڭ ھەزىم قىلىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئادەمگە نىسىپ بولمىغان جىسمانىي قۇۋۋەتنى ھاسىل قىلدى. بىراق، ئادەم دۇنيانى ئەقلىي ھەزىم قىلىش بىلەن ۋاستىگە ئېرىشتى. بۇمۇ بىر خىل كۈچ».

«بىر كۈنى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىردىم» دېدى ئۇ يەنە، «بىر يىگىت باشقىلار غاجاپ قويغان سۆڭەكنى كورۇسلىتىپ چايناۋاتاتتى. مەن ھەيران بولۇپ قارىدىم. يىگىت قاۋۇل ۋە كېلىشكەن بولۇپ ماڭا قارىغاندا ساغلام تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەۋزەل نەرسىلەرنى يەپ، قوللىرىم بەرەس. بۇنداق سېلىشتۇرما نەدىن كەلدى؟ مەسىلە ھەزىم قىلىشتا».

بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە پىكىر ئىدى. ئەمما، ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ كۆزىتىش ئادىتىگە قىزىقتىم. ئۇنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى قانچىلىك كەڭ بولمىسۇن، بەربىر ھەممىسى ئۆزىنىڭ روھىي سۈپىتىنى مەركەز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭدىكى روھىي تۈگۈنىنىڭ ئاللىگورىيىلىك كۆرۈنۈشى ئىدى.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئاشۇنداق ئاخىرلاشتى. كېيىن قەشقەرگە قايتا بارغىنىمدا، ئۇنى ئىزدىگەن بولساممۇ كۆرۈشەلمىدىم. كىشىلەر ئاسانلىقچە ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن. ئېھتىمال، ئۇ خىزمەتداشلىرى ئارا ئۇنتۇلغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

بىز خەت يېزىشىپ تۇردۇق. ئۇ ھەقىقەتەن ھوسۇللۇق ئادەم بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا خەت بىلەن قوشۇپ ماقالىلىرىنى ئەۋەتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەنكى، مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن خەتلىرىگە جاۋاب يازالمىدىم. مەن ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تىل ئۇسلۇبى، پىكرى مېتودىدىن ئىلھام ئالاتتىم ۋە مۇۋاپىق بىرەر مەتبۇئاتقا ھاۋالە قىلاتتىم.

ئاڭلىسام، يۇسۇپ ھۇسەيىننى سارالڭ دېگەنلەر بولغانىكەن، ئۇنداق دەيدىغانلار ھازىرمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەر ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرۈپ «قىزىتمىسى ئۆرلەپ قېلىپ يېزىپتۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ھېچنېمە دېمىدىم. بەزى ماقالىلەرنى ئۇلاردىن قايتۇرۇپ ئېلىپ ساقلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلاردا ناھايىتى ئاز ئېلان قىلىندى. ئاساسلىق سەۋەب، ئۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا پىكىر قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە نۇر يىلى چوڭقۇرلۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىدىن ناھايىتى يىراقتا قالغان جاھانسازلارغا توۋلىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىدۇ. دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ۋارقىراپ جاكارلىمىسىمۇ ھەققانىيەت قۇلىقى بار ئادەملەر ئاڭلىيالايدۇ. نادانلارنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكۈچە ۋارقىرىساڭمۇ ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. دانالار جىمجىتلىقتىن ۋەھىگە ئېرىشىدۇ.

يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، مۇھەررىرلەر ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇشنى تەس كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ھادىسىلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىشى ناھايىتى مەۋھۇم. ئۇ رېئال بىلەن خىيالنى پەرقلەندۈرمەيلا بىر پۈتۈن مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلىرىدە خىيالىيلىق بەكلا ئېغىر، ئۇ دەۋر بىلەن دەۋرنى، شەخس بىلەن شەخسنى، شەيئى بىلەن شەيئىنى بۇددىزمدا دېيىلگەن سامسارا روھى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. مەڭگۈ تايىنىپ تۇرىدىغان بىر روھىي سۇبىستانسىيە ئۇنىڭ دۇنياسىدىكى بارلىق تۇرلەرنى ئارىلاپ تۇرىدۇ ياكى باغلاپ تۇرىدۇ. يۇسۇپ ھۇسەيىن گويا سانلىق تەپەككۇردىن خالى ئىدى، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى سان كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئېلىم - بېرىم، ھېساب - كىتاب، خاتىرىلەش - ئۆلچەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستېمال خاراكتېرىدىكى سان بولماستىن، بەلكى روھنىڭ ھەرىكىتى ياكى تەقى - تۇرقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ماھىيەتلىك بەلگە ئىدى. ئۇ ماتېماتىكىدىكى سانلارنى فورمال لوگىكا كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىپ، يۇسۇپ ھۇسەيىن دۇنياسىنىڭ خاس ھەرپلىرىگە ئايلاندۇراتتى. ئومۇمەن، سانلار، ھەرپلەر، بەلگىلەر، گېئومېتىرىك شەكىللەر قانداق تەرىزدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ باشقىلار چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئۆز - ئۆزىنى ئىزاھلىشىدىكى خۇسۇسىي ماتېرىيال ئىدى.

كىشىلەر يۇسۇپ ھۇسەيىننى ئانچە چۈشەنمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ نام چىقىرىش، ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولۇش، كىتاب چىقىرىش، ئىقتىسادىي نەپ ئۈندۈرۈش ئۈچۈن پىكىر قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ پىكىر قىلمىسا تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن پىكىر قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «پىكىر ئېقىمى» دېگەن خوراپات تۈپەيلىدىن سەن «لوپا ئەينەك مىتودىغا دۇچ كېلىسەن» دېگەن پىكرى بويىچە، خاس پىكىر يولىنى ئىزدەشتە تىنىمسىز تەۋەككۈلچىلىك قىلدى.

ئۇ دەل ئاشۇ تەۋەككۈلچىلىك روھى، ئۆزگىچە، غەلىتە پىكرى ئۈچۈن ھاقارەتلەندى، يەكلەندى ياكى پىكىر ئەھلى ئۈچۈن كەم تېپىلىدىغان يېگانە تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا شائىرى ئېدگار ئاللان پوئې ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆلمەس قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، ئامېرىكا جەمئىيىتى ئۇنى ئاچ قويغانىكەن، ئۇ ئاچلىق دەردىدىن تەھرىر بۆلۈملىرىگە مۇراجىئەت قىلغانىكەن. ئۇ بەختسىز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كەتكەندىمۇ تۆھمەتكە قالغانىكەن. دۇنيادىكى ھەقىقىي ئىجادكارلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بەختسىزلىك ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان.

بىزنىڭ يۇسۇپ ھۇسەيىن بەلكىم ئاچ قالمىغاندۇ، ئەمما ئۇ ھېچ بولمىغاندا «سارالڭ» دېيىلدى، بىزدە باشقىلارغا ئوخشىمىغان يولنى تۇتقانلار ئاسانلا «سارالڭ» غا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدە ئاتالمىش پەزىلەتنىڭ خان تاجىنى ئاممىباب ئادەملەر دەل ۋاقتىدا كىيەلەيدۇ. تارىخ ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلغانلار تۆھمەتكە قالىدۇ ياكى كېچىكىپ چۈشىنىلىدۇ. تىرىكلىكىدە قەدىر - قىممەت تاپالمىغان ئەھلى پازىللار ئۆلگەندىن كېيىن كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ ياكى ئۇنتۇلىدۇ، ھەرقانچە بولسا بىرقانچە ئون يىل، بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئابىدە تىكلىنىدۇ. بىخىللارچە باھا بېرىلىدۇ.

يۇسۇپ ھۇسەيىن ئاغرىنىشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق دېگەن:

«بىلدۈرۈلسە مەلۇمدۇر، بىلدۈرۈلمىسە
مەجھۇلدۇر،
كۆنمىگۈچە مەجبۇرىيەت، كۆنگەنگە
مەمنۇنىيەت».

بەلكىم، بەختنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ جاۋابى باردۇر.

بەلكىم، ئۇ ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا ئۈلگۈرەر.

# ستۇدېنتلار

مۇھەررىردىن:

ستۇدېنتلار ئەدەبىياتىمىزدىكى ھاياتىي كۈچى ئۇستۇن، ئۈمىدلىك قوشۇن، ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇرغۇن يېڭى ھادىسىلەرنى شۇ دەۋردىكى ستۇدېنتلار ئاپتورلارنىڭ دادىل ئىزلىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ستۇدېنتلار تۇرمۇشى، ياشلىق رومانتىكىلىقى ئەدەبىياتىمىزدىكى گۈزەل قىزىقارلىق تېما، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپتىكى جۇشقۇن مەنىۋى كەيپىياتنى ئۆزىدە نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان ستۇدېنتلار ئىجادىيەت كۆرۈنۈكلىرى ئۈچۈن ھەرقايسى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار بىرلىشىپ «ستۇدېنتلار» ناملىق سەھىپىنى تەسىس قىلدۇق. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئالۋۇن

### جېلىل خېلىل

1

چېقىلغان چۈشتى باشقا
ئۆزۈم سەرسان
كۆچمە قۇم تېنىم گويا ئۈزۈپ ماڭغان.
قاغجىراق تەبىئەتنىڭ قاقاس تىلى
ئويىنتىپ مېنى يوقلۇق شىرىنىسىدە
مەنىسىز ۋەھىسىنى قىلار بايان.
چوش بولۇپ يانغىنى راست ئاسمانىنىڭ
كۆل بولۇپ توزىغىنى راست تۇپراقنىڭ
يانتاقلار قېنى ياكى قىزىل يۇلغۇن
كەتتىم ئۇلار تاشلاپ باتىنىمنى
راستىمدۇ ياڭرىغىنى غەم سازىنىڭ؟!
كۆزلەرنى غەلەتلىگەن بالا جىنلار
يىلىكى بەلكى زېمىن سۆڭەكنىنىڭ.
كەت كېيىك، ئۇۋچىلىرىڭ غالجىر سېنىڭ
كۆچ توغراق، كەتتى تاشلاپ قاغىلىرىڭ
نە قۇدرەت سېنى بۇندا ئېلىپ قالغان
قۇرۇشقا باشلىماقتا يىلتىزلىرىڭ! . . .

ئەزەلدىن مېنى باغلاپ ماڭدى چاڭقاش
قېنىكىن جانغا تامغان ئوغۇز سۈتى؟
قېنىكىن ئىمانىمغا قىبلە ــ دىلبەر
قېنىكىن غاردىن چىققان بۆرە ئىزى؟
تىتىلغان ئوي ـ خىيالىم، تەن پەرىشان
چۆرگىلەيمەن قۇملۇق ئارا دەردكە تولۇپ.
سالىدۇ ئەتراپىمدا روھلار قىقاس
ۋە ئۇرار بىردىن مېنى قويۇن بۆگۈپ.
ئاھ. . . كۆيگەن دېڭىز ئۆزۈڭ ـ تەكلىماكان
قايغۇدىن كۆكلەپ تۇردۇم يىغلىماستىن
كىشىلەر بىلمىسىمۇ كىملىكىمنى
مۇقامنىڭ لەرزى بىلەن پەلەكلەرگە
ئاھىمنى ئۆچمەس قىلىپ يېزىپ چىقتىم.
بارخانغا كۆمۈلگەندۇر كەچمىشلىرىم
سۇ ئىزۇر ئاتەش چۆلدە مەۋجۇتلىقىم.
يۇلتۇزۇم، قۇندۇزۇم، ئەي ئۈمىد كەئبەم
ئەسىرلىك كۆيۈشتە قالدۇرۇپ مېنى
ئىز، نىشان ئەيلىبان كارۋانلىرىڭغا
باياۋان قەپىسى ئىچرە سولىدىڭ! . . .

2

شامالغا ئايلانغاندۇر قۇتلۇق بېشىم
ئۆزۈمدىن يوقتۇر ئۆزگە چىن ھەمراھىم.
ئىچ سىرىم كېزىپ قايناق باياۋاننى
ياردار ھۇقۇش كەبى كۈيلەر دائىم.

3

يۈرىمەن ئەرۋاھى بولۇپ دەستلەرنىڭ
يوقالغان بىرنەرسەم ئاللىبۇرۇنلا.
رىزقىم قۇمدىمۇ، تاغدا يا باغدا
ئۆتتىمۇ سۇدىمۇ كۈن ياكى ئايدا

بىرەلمەس كارۋانلار بۇلارنى سۆزلەپ
كېتىشكەن ئۇلارمۇ ئۇزاپ يىراققا.
كەل مانى، كەل زەرە دۇشت،
كەل رەسۇلىللا
مەن نە دەپ ئۈن - تىنسىز كۆيمەن زادى؟!
چىقارغىن ئەسلىمنى ھېكمەتلىرىڭدىن
بۇ غەپلەت دەشتىدە ئازغاشتىم، تالدىم
نەدىدۇر يوللارنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى...
كەل كىيىك يايلىغىن كۆكسۈمدە ئەركىن
كەل توغراق چېچىمنىڭ ئورنىدا ئۆسكىن.
كەل يۇلغۇن روھىمغا بولغىن يار - يۆلەك
كەل يانتاق نەپرىتىم بولسۇن تىكىنىڭ.

كەل كارۋان يىپەك يول باردۇر تېنىمدە
سىلەرنى مەنزىلگە يەتكۈزەي ئېسەن.
كەل دىنلار مۇقام قىپ چالاي سىلەرنى
بىلسۇن بۇ جاھان قانداقلىقىمنى
ياكى مەن باھادىر ياكى ئۆلەرمەن.
ياشىدىم ئەسىرلەپ يېرىلىپ چاك - چاك
كۆرۈنۈپ ھەر تۈرلۈك شەكىل مەنىدە.
ئەۋجىمدە پىرجەڭگى ئۈزمەي كەلدى كۈي
جان بېرىپ باياۋان يىلتىزلىرىغا!...

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى)

# ئىككى شېئىر

تۇرغۇنجان تۇرسۇن

## سۈكۈت جىلۋىسى

كۆك يارغۇچى ئىدالىرىڭ بار
ماڭا قاراپ يىغلايسەن دىلدار.
قورام تاشقا ئوخشاش يۈرىكىم
يولاتمايدۇ ئۆزىگە باھار.

بۇلۇتتىكى يېشىل ئاۋازىڭ
يۈرىكىمگە كىرگەن ۋاقىتتا
ئايلىنىدۇ رەڭسىز سۈكۈتكە.

يالغۇز تۇرغان ئۆزۈمگە قاراپ
چۈش سىرتىدا كېتىمەن يىغلاپ.
ئاۋازىمنى سۈمۈرگەن قۇشلار
قونسا سېنىڭ كىرپىكلىرىڭگە،
بىردىن كۈلۈپ كېتىسەن، ئۇنۇڭ -
تاغ باغرىنى كېتەر قۇچاقلاپ.
قۇش كىرىدۇ ئۆڭكۈرگە ئۇچۇپ،
روھىم شۇدەم شاۋقۇنلۇق تۈندىن
ئاستا - ئاستا كېتەر يىراقلاپ.

يۈرىكىمدە يېشىل ئاۋازلار
مەنىسىگە ئېرىشكەن چاغدا
چۈش يىپلىرى چىرمايدۇ مېنى.

## ئىشكاپ

مەن موھتاج ئىشكاپقا، كىيىملىرىمنى
يوشۇرۇپ بىخەتەر، ئۆزۈمنى تۈندە
ھەقىقىي ھالەتتە كۆرۈشۈم ئۈچۈن.

ئامرىقىم، كۆزلىرىڭ ئۆتكۈر بولسىمۇ،
ۋە ماڭا بىر ئۆمۈر نەزەر سالساڭمۇ
ئەسلىمنى كۆرۈشكە يەتمەس قۇدرىتىڭ،
مەن ساختا، مەن ساختا ماھىيىتىمنى
كۈندۈزى كىيىمگە سېلىپ ساقلايمەن.
كېچىسى ئەخلاققا سېلىپ ساقلايمەن.

ئىشكاپقا باستۇرۇپ كىرسە گەر كىتاب،
كىيىمىم نائىلاج كېتىدۇ ئازلاپ
ۋە بىر كۈن تامامەن كېتىدۇ يوقاپ.
شۇ دەقىق ھەقىقىي قىياپىتىمدە
بىر ئېگىز چوققىدا كېتىمەن چاقناپ،
ئەمما سەن ئەسلىمنى كېتىسەن تاشلاپ.

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى)

# قۇش ۋۇجۇتتىن قۇياش ئاستا مارايدۇ

خاسىيەت ئىمىن

كۆكۈملارنىڭ رومكىسىنى كۆتۈرۈپ،
بۇلاقلارغا كەيپىلىكنى ئۆگەتتۇق.
ھاياجاندا گىياھلارغا يۆگىلىپ،
شاماللارنىڭ كۈلكىسىنى تۇگەتتۇق.

پىچىرلىشىپ قالدى گۈزەل تۇيغۇلار
يۈرەكلەرگە ئارمانلارنى تېمىتىپ.

ئىنتىزارلىق سۆيگۈ سۇنسا تۈنلەرگە،
يۇمشاپ كېتەر نەم تۇپراقلار ئېرىشىپ.

سۆيگۈ سۇنار تىنچ ئورمان ساھىللار،
يېتىرقايدۇ ئۇندا پەقەت تولۇنئاي.
قۇش ۋۇجۇتتىن قۇياش ئاستا مارايدۇ،
تۈن نىسبىدە تۈننى تاڭغا ئۇلىماي.

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى)

# ئىككى شېئىر

ھەبىبۇللا مىجىت

## ياردىن ئايرىلىش ئالدىدا

بۇ يەردە قىيامەت بولماقتا ھازىر،
ھەر ئىككى يۈرەكتە توپان بالاسى.
قەبرىگە كۆمۈلگەن ئۆلۈكلەرسىمان،
چۆكمەكتە پىنھانغا سۆيگۈ كېمىسى.

كۆز ياشلار گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە ئاچچىق،
سارغۇچ رەڭ چېچەكلەر مۇزلۇق ئەقىدە.
لەنەتلەر ئېتىلار ساليۇتلارسىمان،
ئۆيلىغۇم كەلمەيدۇ سۆيگۈ ھەققىدە.

يۈرەكلەر پۈتۈنلەي بوپ قالغان سەزمەس،
رومانتىك كۈيلەردىن ئالمايدۇ تىنىق.
تۇنجۇققان ۋاپانىڭ سالغا تاشلىرى،
چۆللەردە تەمتىلەپ يۈرۈشى ئېنىق.

سۆيگۈنۈم يىراقلار مېنىڭدىن ئاستا،
ئەلەملىك قەلبىمدە تامچىلىتىپ قان.
بىلىمەن سۆيگۈدىن قالساقمۇ مەھرۇم،
ياشايدۇ يۈرەكلەر سۆيگۈدە نىمجان.

## پەرىشتەم

تۈۋشىسىز كۆڭۈلدە كاككۇك ئۈنى بار،
خىيالچان يۇلتۇزلار كۆزىدە شەبنەم.
سەن ئەركە بەختىمنىڭ بولۇپ قاتىلى،
قول سېلىپ قەلبىمگە كىردىڭ پەرىشتەم.

قولاردا سىلكىنىپ تۇرغىنى يۈرەك،
بىر مەۋھۇم ئۈمىدلەر نۇر تۆكەر سىم - سىم.
خازانلار يوللاردا ياتار چېچىلىپ،
ھىدىڭنى قۇچاقلاپ مىسكىن تىلىكىم.

گۈلىستەك لەۋلەردە ئاتەش بار جەزمەن،
روھلارنىڭ بېتىگە سۇۋار گۈلسۇرۇخ.
ئەلەڭگۈ قەلبىمدە ئارماننىڭ چۈشى،
سەيياھتەك تەلمۈرەر يانچۇقى قۇرۇق.

بۇ يوللار سوزۇلغان ئۇپۇقتىن قايان؟
كۆرۈنەر بەك غۇۋا كۆزلەر بوستانى.
ئۈمىدكە بۆلەنگەن ئۈمىدسىز تىلەك،
توختىماي چاقىرار، توختىماي مېنى.

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

# ياشارغان تۈت قۇلاق

(ھېكايە)

ئەمەتجان مۇھەممەت

قاراڭغۇ ئورماندا كېچىچە مېڭىپ ماداردىن كەتكەن جۇۋان تاڭ ئاتارغا يېقىن بىر چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆرگەن، چۈشىدە تاز ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

— توختا دەيمەن، ھۇ بۇزۇق توختا.

تاز قولىدىكى ئۇزۇن قامچىسىنى سىلكىپ جۇۋانغا ۋارقىرايتتى. جۇۋان جان - جەھلى بىلەن قېچىپ ئېگىز دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندىن كېيىن ناھايىتى كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقتا چىقىپ قالدى - دە، بىر چەتتە كەتمەننىڭ سېپىغا ئېسىلغانچە، باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان بۇغدايلارغا ئېگىلىپ قالغان، ئورۇق، تونۇش گەۋدىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاي مەكۇنا، مېنىڭ مەكۇنام!...

جۇۋان يۈگۈرگىنىچە مەكۇنانىڭ پۇتلىرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەمما ئۇنىڭ مەكۇنانىڭ ئورۇق پۇتلىرىنى تۇتماقچى بولغان قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. مەكۇنا كەتمىنىنى دولىسىغا سالغانچە بارغانسېرى ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كۆزدىن يۇتتى.

تازنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن جۇۋان كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتكەچ ئورنىدىن تۇردى. ئەمما پۇتلىرىدا بارغانسېرى جان قالمايۋاتاتتى. شۇنچە قىينىلىپ ئالغان ھەربىر قەدىمى بىكارغا كېتىۋاتقاندەك بىر قەدەممۇ ماڭالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. جۇۋان ئاخىرى يىقىلدى. ئۇ ئەمدى تازنىڭ ھاسىراشلىرىنىڭ شۇنچىلىك يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى، قامچىنىڭ ئىلگىرىكىدەك بوش قىرسىلدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ يەتتى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى.

— سىڭلىم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

جۇۋان يېقىملىق بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ ئالدىدا قىزىل گەدەنلىك، پۈتۈن بەدىنىدىن قاسماق چىقىپ تۇرغان تاز ئەمەس، بەلكى ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي تۇراتتى.

— سىلى؟!

بوۋاي جۇۋاننىڭ ھەيرانلىق ھەم بىر خىل تارتىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ ئالقىنىنى ئاچتى. ئۇنىڭ پاختىدەك ئاپئاق ئالقانلىرى ئارىسىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى خالتا تۇراتتى.

— مانا سىز ئىزدەۋاتقان نەرسە، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېنى ئېلىڭ.

جۇۋان قورقۇش ھەم گۇمان ئارىلاش بوۋايغا يېقىنلاپ قوللىرىنى سوزدى.

خېلىلا تىكىلىنىپ قالغان كۈن جۇۋاننىڭ كۆزلىرىنى بىرھازا قاماشتۇردى. جۇۋان چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. تۈت قۇلاقلار جىجىۋەتكەن يۈزلىرى ھېلىغىچە ئېچىشاتتى. كۆزلىرى يېنىدا تۇرغان خالتىلارغا چۈشۈشى بىلەن ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى. «نەدىن كېلىپ قالغان نەرسىلەركىن؟» جۇۋان ئاخشامقى چۈشىنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى.

راست، ئۇنى تاز قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى. كەينىدىن تاز يۇتۇپ بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ئىككى خالتىنى سۇنغاندەك قىلغان. شۇ خالتىلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە. ئۇنداقتا ھېلىقى بوۋاي كىم، ئالۋاستىمۇ - يە. مۇشۇنداق ئادەمسىز ئورمانلىقتا ئالۋاستى كۆپ بولىدىغان، لېكىن ئۇ ھېچ ئالۋاستىغا ئوخشىمايدۇ. شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق پاكىز، «سىڭلىم» دېدى تېخى. مۇشۇ كەمگىچە ئۇنى ھېچكىم ئۇنداق چىرايلىق ئاھاڭدا سىڭلىم دەپ باقمىغان. بۇ مەكۇنانىڭ ھېلىقى خوتۇن دېگىنىدىن مىڭ ھەسسە ئىللىق تۇيۇلدىيا.

ۋاي ئاتامەي خىزىر بولۇپ قالمىسۇن يەنە. راست خىزىر. ئاپئاق ساقاللىق، بېشىدا چىرايلىق سەللىسى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ۋاي ئەخمەقلىقىم نېمىشقا قوللىرىنى تۇتۇپ

باقمىغاندىمەن، خىزىرنىڭ باش بارمىقىنىڭ سۆ-
ڭىكى يوق دەپ ئاڭىسى دېگەندەك قىلغان. ۋاي
دۆتلىكىم، جۇۋان بىر هازاغىچە خىزىرنىڭ يۇم-
شاق قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭدىن دۇئا ئالالمىغان-
لىقىغا ئېچىنىپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەپ چىقتى.
هېلىمۇ ياخشى، خىزىر ئۇچراپ قالغىنى، بولمى-
سا تاز ئۇنى نېمىلەرنى قىلىۋېتەتتىكىن ـ تاڭ.

تۇۋا، قارىمامدىغان هېلىقى مەكۇنا دېگەن
ئەبگانىڭ « ۋاي ئېرىم» دەپ قويسا «خوتۇن نېمە
بولدۇڭ؟ » دېمەكتە يوق، كەتمەننى دولىسىغا
سېلىپ گېدىيىپ كېتىپ بارغىنىنى. نېمىشقىمۇ
پۇتلىرىغا ئېسىلغاندىمەن، ۋاي ئىشقى يوق ئې-
شەك. ۋاي ساددىلىقىم. تۇۋا نېمىلەرنى ئويلاپ
كېتىۋاتىمەن ـ هە! ؟ بۇ بەربىر چۈشقۇ، لېكىن
بۇ خالتىلار؟ . . .

توغرا بىر چاغلاردا ئاڭىسى ئېيتقان، ئۇڭمى-
دىكى ئىشلار چۈشىدە ئايان بولىدۇ دەپ. ئۇنى
تاز چوقۇم ئىزدەپ چىققان. هېلىقى كىشىمۇ چو-
قۇم خىزىر. تازنى خىزىر ئاداشتۇرۇۋەتكەن
گەپ. ئەمدى تاز ئۇنى مەڭگۇ تاپالمايدۇ.

توختا، خالتىنىڭ ئىچىدە نېمىلەر باركىن؟

خىزىر ئاۋۋال كىچىك خالتىنى ئاچقىن دې-
گەندەك قىلغان. جۇۋان ئالدىراپ كىچىك خالتىغا
قولىنى سېلىۋىدى، بىر دانە ئىسسىق توقاچ چىق-
تى. توقاچنىڭ مەززىلىك هىدى دىمىغىغا ئۇرۇل-
غاندا بىر كۈنىنڭياقى ئاغزىغا هېچنېمە سالمىغان
جۇۋاننىڭ قورساقلىرى قايتىدىن كوركىراشقا
باشلىدى. جۇۋان هەممىنى ئۇنتۇپ توقاچنى ئىش-
تىها بىلەن يېيىشكە كىرىشتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە
بۇنداق مەززىلىك توقاچنى يەپ باقمىغانىدى.

توقاچنى پاك ـ پاكىز يەۋەتكەن جۇۋان بىر-
دىنلا ئۇسساپ كەتكەندەك بولدى. هېلىمۇ توقاچ
يۇمشاق بولغاچ سۇسىزلا يەۋەتتى. بولمىسا. . .

جۇۋان ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى.

ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكەنمەن. ئورمانلىقنىڭ
چېتىدە چوقۇم سۇ بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئاشۇ
دۆڭنىڭ كەينىدىلا سۇ باردۇر.

جۇۋاننىڭ قۇلىقىغا قاياقتىندۇر سۇنىڭ يې-
نىك شىلدىرلاشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇ
گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇپ
دۆڭگە ماڭدى.

جۇۋان مۇزدەك تاغ سۈيىنى گۈپۈلدىتىپ ئى-
چىپ قانغاندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ هەيران
بولغىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆم-
رىدە بۇنداق چىرايلىق جاينى كۆرۈپ باقمىغان.
دەريانىڭ بىر تەرىپىدە توپ ـ توپ قويلار ئوتلاپ
يۈرەتتى. يەنە بىر تەرىپىدە بولسا باشلىرىنى كۆ-
تۈرەلمەي پىشىپ كەتكەن بۇغدايزار ئۆرۈكلۈك
چولڭ باغقا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. جۇۋان مەي باغ-
لاپ پىشقان ئۆرۈكلەردىن ئېتىكىگە لىق تولدۇ-
رۇپ مۇزدەك دەريا سۈيىدە چايقاپ ئاغزىغا سال-
دى. ئۆرۈكلەر جۇۋاننىڭ ئاغزىدا بىر ـ بىرلەپ
ئېرىپ كېتەتتى.

«نېمىدېگەن تاتلىق، نېمىدېگەن شېرىن. . . »
دەيتتى جۇۋان ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

جۇۋان تاكى كەچ كىرگۈچە ئۇياقتىن ـ بۇ-
ياققا چېپىپ يۈردى. قانغۇچە ۋارقىرىدى، ئۇس-
سۇل ئوينىدى، ناخشا ئېيتتى. «جەننەتكەن،
جەننەت» دەيتتى جۇۋان مەكۇنانىڭ هويلىسىنىڭ ئى-
چىدىن باشقا هېچيەرنى كۆرمەيدىغان قەپەستەك
ئۆيىنى ئەسلەپ. ئەمدى ئۇ مۇشۇ يەردە قېلىپ
قالىدۇ. ئۇنى مەكۇنانىڭ قەپەستەك ئۆيىمۇ، تاز-
نىڭ قامچىسىمۇ بوزەك قىلالمايدۇ. بۇرۇنقىدەك
خەقلەرنىڭ ئىشىكىدە بىر نانغا زار بولۇپ يۈرمەي-
دۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا ئەرنىڭ لازىمى يوق. ئۇ
ئەرلەرگە ئۆچ. ئەرلەرنىڭ هەممىسى ئوخشاش،
بىرى ئېشەك، بىرى ئالدامچى، بىرى مۇشتۇم-
زور، تەييارتاپ. شۇنداق قىلىپ جۇۋان بۇ يەردە
تۇرۇپ قالدى. ئەمما ئۇ مەززىلىك توقاچلارنى
ئاران ئۈچ كۈنلا يېيەلىدى. تۆتىنچى كۈنى كى-
چىك خالتا غايىب بولغاندا پۇتكۇل ئەتراپنى ئالا
قويماي ئاختۇرۇپ چىققان بولسىمۇ تاپالمىدى.
جۇۋان سىرلىق قورقۇنچ ئىچىدە لەسسىدە ئولتۇ-
رۇپ قالدى.

خىزىر ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەمدى
قانداقمۇ قىلار؟ مېۋىلەرغۇ بار، ئەمما. . .

جۇۋاننىڭ كۆزلىرى باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي
قالغان بۇغدايلارغا چۈشۈشى بىلەن كۆڭلى پاللىدە
يورۇپ كەتتى.

توغرا، بۇغدايلار بولغاندىكىن، چولڭ خالتا،
چولڭ خالتىدىن هەرقانداق سايمانلارنى تىلىۋالالاي-
دۇ. ئۇنىڭغا خىزىر شۇنداق دېگەندەك قىلغان.

جۇۋان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خالتىغا قول
سالدى. ئورغاق، شۇنداق ئۇنىڭغا ئەڭ مۇهىمى
يەنىلا ئورغاق. ئاندىن كېيىن سوقا، كىچىك يا-
غۇنچاق. . .

جۇۋان خالتىدىن ئۆزى تىلىگەن سايمانلارنى
بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ يېنىغا دۆۋىلىۋېتىپ، مېۋە ـ
چېۋىلەر بىلەن ئازراق ناشتا قىلىپلا ئىشقا كىرى-
شىپ كەتتى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتەتتى. جۇۋان توختىماس-
تىن ئىشلەيتتى. هەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئاز ـ

ئازدىن ئورما ئورۇپ خېلى كۆپ ئۇن قىلىۋالدى. ئورماندىكى ياغاچلارنى كېسىپ ھەر ھالدا دالدا بولغۇدەك ئاددىي كەپىدىن بىرنى سېلىۋالغانمۇ بولدى.

جۇۋاننىڭ قوللىرى قاپارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن بولسىمۇ قىلچىمۇ ۋايسىمىدى. جان - جەھلى بىلەن ئىشلەيتتى. پەقەت ئىشلىگەندىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن دەپ ئويلايتتى جۇۋان. جۇۋان ھەر قېتىم پايانسىز گۈزەل تەبىئەتنىڭ باغرىغا نەزەر سالغىنىدا، يەلپۈنۈپ تۇرغان ياۋا گۈللەرنى ھىدلىغىنىدا مەكۇنانىڭ ئاشۇ كىچىك تۈڭلۈكتەك ئاسمىنىدىن بۆلەك ھېچيەرنى كۆرگىلى بولمايدىغان قەپەستەك ھويلىسىنى ئەسكە ئېلىپ، ھەر قېتىم ئورغاقنىڭ يالتىراپ تۇرغان بۇغدايلارنىڭ ئالتۇنرەڭ غوللىرىغا سېلىنىۋاتقاندا بىر چاغلاردا تازنىڭ زورى بىلەن باشقىلارنىڭ تىل - ئاھانىتىنى ئاڭلاپ ئورما ئورغان ۋاقىتلارنى ئەسكە ئېلىپ ھازىرقى كۈنلىرىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولاتتى. ئۆز كۆڭلىدە خىزىرغا رەھمەتلەرنى ئوقۇيتتى. خىزىرنىڭ ئاپئاق ساقاللىق نۇرلۇق يۈزىنى، يېقىملىق ئاۋازىنى ئەسلەيتتى. ئايال كىشى بولۇپ كەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! بەلكىم ئۇ ئايالمۇ، ئەرمۇ ئەمەستۇ، چۈنكى ئۇ خىزىردە.

جۇۋان بەزىدە خىزىرنىڭ چۈشىگە قايتىدىن كىرىشىنى تىلەپمۇ ئۇخلاپ قالاتتى. ئەپسۇس...

شۇنداقتىمۇ جۇۋان ھەركۈنى نامىزىدا خىزىرغا رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ناماز ئوقۇشنى كىچىك چاغلىرىدا ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان بولۇپ كېيىن مەكۇنانىڭ ئۆيىدە خالىسا ئوقۇپ، خالىسا ئوقۇمايتتى. تاز بىلەن بىرگە بولغان كۈنلەردە بولسا پەقەتلا ئوقۇمىدى. مانا ئەمدى ئۇ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇيتتى. ئۇ ھەر قېتىم جەيناماز ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق خىزىر كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

خېلى كۈنلەردىن كېيىن سادىر بولغان بىر ئىش جۇۋاننىڭ ئەمگەك ھەم ناماز بىلەن باغلانغان تىنچ تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي قالايمىقان قىلىۋەتتى.

شۇ كۈنى جۇۋان تاغ تۆپىسىدە گۈل تېرىۋېتىپ يىراقتىن بىر كىشىنىڭ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

«شۇ كەمگىچە بۇ جايدا ھېچكىمنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەجەپ بۈگۈن، مەكۇنامىدۇ، تازمىدۇ - يە؟» جۇۋاننىڭ پۈتكۈل تېنىگە ئاجايىپ بىر تىترەك ئولاشتى. «ياق، تازدەكمۇ قىلمايدۇ، تاز ئۇنىڭدەك ئېگىز ئەمەس. مەكۇناغىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەكۇنا ئورۇق ھەم دۈمچەك، بەلكىم مەكۇنا جۇۋاننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بىرى بولۇشى مۇمكىن. راست، مۈرىسىدە مىلتىقتەك بىر نېمە تۇرىدۇ - تېخى».

جۇۋان خېلىمۇ خېلى تەشۋىش ھەم خىيال ئىچىدە ئىككى - ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. «خۇداغا شۈكرى، ئۇۋچىدەك قىلىدۇ. مەكۇنا ئەۋەتكەن كىشى بولسا بۇ چاققىچە چېقىلماي قالمايتتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئۇمۇ ئەردە».

شۇنىڭدىن كېيىن جۇۋاننىڭ جىمجىت، بىر خىل تۇرمۇشىغا ناتونۇش ئۇۋچى كېلىپ قوشۇلدى. جۇۋان بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن تاغ تەرەپتىن كېلىپ كەچ بولغاندا يەنە خېلىمۇ خېلى ھايۋان ھەم ئۇچار قۇشلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئارتىپ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئۇۋچىنىڭ قاچان كېلىپ، قاچان قايتىدىغان ۋاقىتلىرىغىچە تونۇش بولۇپ كەتتى. بۇنداق چاغلاردا جۇۋان ئامال بار ئۇنىڭغا كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى. ئۇ كەپىسى بىلەن دەريا بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانچە قىزىقىش ھەم قورقۇش ئارىلاش ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى تاكى كۆزدىن يوقىغىچە قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. خېلى كۈنلەردىن كېيىن قوناق ئوتاۋاتقان جۇۋان يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ناتونۇش لېكىن بوم ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.

— خېنىم، چايلىرىدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋالسام بوپتىكەن.

جۇۋان قورۇنۇش ھەم تارتىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇلايىم كۆزلەر بىلەن ساقال باسقان يۈزلەرنى كۆرگەندە بىر دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن قوم چۆگۈندىن قىزىق چايىنى ساپال قاچىغا قۇيۇپ ناتونۇش كىشىگە سۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇۋاننىڭ كۆز ئالدىدا، قولاق تۈۋىدە شۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن مۇلايىم كۆزلەر پات - پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

جۇۋان ناتونۇش كىشىنىڭ ھەر قېتىم قىزىق چايىنى سۈمۈرگەچ ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قالغانلىقىنى سەزگەندە بىئارام بولاتتى.

مەيلى قارىسا قاراۋەرسۇن، كارىم بولمىسىلا بولدى. قالغىنىغا خىزىر بار. ھېچكىم چېقىلدەمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچ يامانلىق چىقىپ تۇرمايدۇ.

شۇنداق نۇرلۇق، شۇنداق مۇلايىم. مەكۇنانىڭ ھېسسىياتسىز كۆزلىرى بىلەن تازىنىڭ شەھۋەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. توۋا، ئەر كىشىنىڭ كۆزلىرىمۇ شۇنداق بولىدىكەن - ھە! جۇۋان ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل خىيال ھەم قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەتتى. جۇۋان ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئالللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر سېزىمنىڭ ئويغىنىشى بولۇپ قالدى.

بۇ خىل سېزىم تۇنجى قېتىم ئاشۇ بوران ئارىلاش يامغۇر ياغقان دەھشەتلىك كېچىدە باشلانغانىدى. شۇ كېچىسى قاتتىق شىۋىرغان بولدى. جۇۋان ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئەڭ قاتتىق چاقماقنى، ئەڭ قاتتىق بوراننى كۆردى. قاتتىق بوران كېچىچە خۇددى سانسىزلىغان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىدەك گۈركىرەپ ئۇنىڭ ئاجىز كەپىسىگە ئۇرۇلغاندا جۇۋان تۇنجى قېتىم ئاجىزلىقنىڭ، يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتتى. تۇنجى قېتىم قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئىختىيارسىز قامەتلىك ئوۋچىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى.

جۇۋان بوراندا بارا - بارا قىڭغىيىپ كېتىۋاتقان كەپىسىگە قاراپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تاخلاپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي يۈرگەن شۇ پەيتتە قامەتلىك ئوۋچى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. كۈچلۈك چاقماق يورۇقىدا ئۇنىڭ يامغۇردا ھۆللەنگەن ساقاللىق يۈزى لىپ قىلىپ ئۆتتى.

— بۇنى كىيىپ ئورمانلىقتا پاناھلانسىلا، — دېدى قامەتلىك ئوۋچى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان جۇۋانغا ئۇچىسىدىكى جۇۋىنى سۇنۇپ. توڭلاپ، تىترەپ تۇرغان جۇۋان نېمىگىدۇر بىر خىل ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى جۇۋىنى ئېلىپ ئۈستىگە ئارتتى. جۇۋىدىن كەلگەن ئەر كىشىنىڭ تەر ئارىلاشقان ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلغاندا جۇۋاننىڭ مۇزدەك قېنىغا ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر خىل قىزىق ئېقىمنى تاراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇۋان پات - پات شۇ كېچىنى ئەسلەپ قالىدىغان، ئۆزىمۇ بىلمەي قامەتلىك ئوۋچىنىڭ يولىغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئىش بۇرۇنقىدەك خوشياقمايتتى. كۈندۈزلىرى دەريا بويىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈرىدىغان، كېچىلىرى بىر كەمگىچە ئۇخلىيالمايدىغان، كۆز ئالدىدا پات - پات ساقاللىق يۈزلەر بىلەن مۇلايىم كۆزلەر تەكرارلىنىدىغان بولۇپ قالدى. جۇۋان بەزىدە بىر خىل شېرىن ئىستەكنىڭ ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندە شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كېتەتتى - دە، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ نامىزىدا خىزىردىن ئۆزىنى بۇنداق بولمىغۇر ئويلاردىن خالاس قىلىشنى تىلەپ كېتەتتى، ئەپسۇس. . .

قامەتلىك ئوۋچىنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان جىمجىتلا يوقاپ كېتىشى جۇۋاننى راستتىنلا ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئەنە كېلە، مانا كېلە دەپ تاقىتى تاق بولغان جۇۋان ئاخىرى كەپە ئارقىسىدىكى ئېگىز دۆڭگە قاراپ ماڭدى. پەقەت مۇشۇ دۆڭدىنلا ئۇنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقان ياكى كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتى. جۇۋان ئاۋال پاكارراق دۆڭگە چىقتى، كۆرەلمىدى. ئۇنىڭدىن ئېگىزگە چىقتى، كۆرۈنمىدى. تېخىمۇ يىراقنى كۆرۈش ئىستىكىدە يانغان جۇۋان ئەڭ ئېگىز دۆڭگە ياماشقاندا تۇپىسى بوشاپ كەتكەن تۆپىلىك گۈمۈرۈلۈپ كەتتى - دە، قاتتىق ۋارقىرىغانچە ئارقىغا ئۈچۈپ چۈشتى.

جۇۋان كۆزلىرىنى ئاچقاندا ئۆز ئۆيىدە ياتاتتى. ئۆي ئىچىدە ھېچكىم يوق. قىرغاۋۇل گۆشىنىڭ مەززىلىك ھىدى پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغان. جۇۋان پۇتلىرىنى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك سىرتقا چىقتى. سىرتتىمۇ ھېچكىم يوق. قازاندا قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىر خىلدا ۋىلىقلاپ قايناپ تۇراتتى. جۇۋاننىڭ كۆزلىرى ئوچاق بېشىدىكى تونۇش جۇۋىغا چۈشۈشى بىلەن يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى - دە، ئىتتىك جۇۋىنى ئېلىپ يۈزىگە ياقتى.

ئۆز كۆڭلىدە ئاجايىپ رەھمەتلەرنى ئېيتىشنى ئويلاپ يۈرگەن جۇۋان قامەتلىك ئوۋچىنىڭ ساقال باسقان سۇرلۇك يۈزى، مۇلايىم ئۆتكۈر كۆزلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ گەپ قىلالماي قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. «توۋا، نېمە ئىش بۇ؟» دەپ ئويلايتتى جۇۋان.

ئىلگىرى بۇنداق بولۇپ باقمىغان، مەكۇنا بىلەن، تاز بىلەن بىرگە بولغاندىمۇ بۇنداق بولمايتتى. مۇھەببەت دېگەن شۇمىكەن - ھە؟

جۇۋان بەزىدە قورقۇپمۇ قالاتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قەلب يارىلىرى ساقايمىغان، ھەر قېتىم تازنى، مەكۇنانى، ساھىبقىران يىگىتنى ئەسلىگەندە قامەتلىك ئوۋچىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچە سىياقتا كۆرۈنۈپ قالاتتى. شۇڭىمۇ جۇۋان قامەتلىك ئوۋچى ئۇزاقتىن بۇيان ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان سۆزلەرنى ئېيتقاندا ئۇنى رەت قىلدى.

شۇ كۇنى قامەتلىك ئوۋچى ئۇزاق - ئۇزاق سۇكۇتتىن كېيىن ئاندىن بوش ھەم سىلىق ئاھاڭدا شۇنداق دېگەنىدى:

— خېنىم بىر گەپنى ئېيتسام خاپا بولامىلا؟

جۇۋاننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

— ياق.

— خېنىم، ماڭا تېگەمىلا، بىز. . .

— ياق، مەن توي قىلماسلىققا قەسەم قىلغانمەن.

جۇۋان ئېغىزىدىن بۇ سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى - دە، يۈگۈرگەنچە ئۆزىنى كەپىگە ئاتتى.

جۇۋان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قامەتلىك ئوۋچىنىڭ ئۇزۇنغىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئارقىدىن ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كېتىپ بارغانلىقىغا قاراپ تۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن قامەتلىك ئوۋچى كەلمەي قويدى. ئەمما ھەر كۇنى كەچ ئەتراپتىن ئاجايىپ بىر مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۈم بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ،

ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ كۆڭلۈم خۇش بولۇپ يايراپ.

ئاھ، كۆڭلۈم خۇش بولۇپ يايراپ.

جۇۋان ئۆرتىنەتتى، ئازابلىناتتى، ناخشا كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا تەمشىلەتتى - يۇ، يەنە تۇرۇپ قالاتتى. ناخشا ھەر كۇنى كەچ بىر خىلدا ئۇزاققىچە داۋاملىشاتتى. ناخشىدىن بالقىغان چەكسىز مۇڭ - ئازاب جۇۋاننىڭ يۈرىكىنى پۇچۇلايتتى.

ئازابلىق كۇنلەر چېكىگە يەتكەن بىر كېچىسى جۇۋان بارلىق ئىككىلىنىشلەرنى قايرىپ قويۇپ ناخشا كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئاينىڭ ئاقۇچ نۇر تەكتىدىكى ساقاللىق يۈزلەر بىلەن قىزارغان، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلەرگە تىكىلىپ بوش پىچىرلىدى:

— راستىنلا مېنى چىن نىيەتلىرى بىلەن ئەمىرلىرىگە ئالامىلا؟

— جېنىم بىلەن.

— ئەتە موللا ئەكەلسىلە، نىكاھ ئوقۇتايلى.

شۇنداق قىلىپ جۇۋان توي قىلىۋالدى. ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىلگەن نەرسىگە ئېرىشكەندەك بولدى.

قامەتلىك ئوۋچى ئوۋدىن قايتقاندا خۇشال ئالدىغا چىقاتتى. ئىشلەپ ھارغاندا ئالدىغا چاي - تاماق ئەكىلەتتى. ئۇنىڭ ئېگىز، قامەتلىك گەۋدىسىگە، مۇلايىم، مېھرىبان كۆزلىرىگە قاراپ تويمايتتى. قامەتلىك ئوۋچىمۇ جۇۋاننى ئۆز سۆيگۈسى بىلەن، قىزغىن - قىزغىن قۇچاقلاشلىرى بىلەن، مۇلايىم، ئىللىق سۆزلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى.

جۇۋان ھەر قېتىم ئۆز بەختىدىن سۆيۈنگەندە خىزىرنى يادىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا رەھمەتلەرنى ئوقۇيتتى.

شۇ كۇنى جۇۋان خىزىر سوۋغا قىلغان خالتىغا ئاخىرقى قېتىم قولىنى سالغىنىدا ئۇنىڭ قولىغا بىر كىچىك خالتا چىقتى. خالتا ئىچىدە قانداقتۇر بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقلىرى تۇراتتى. (شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ خالتىمۇ غايىب بولدى.) جۇۋان خالتىدىكى ئۇرۇقلارنى پۈتكۈل يايلاققا تەكشى چېچىپ چىقتى. ياز كېلىپ گۈل - گىياھلار پۈتۈن يايلاقنى قاپلىغاندا پۈتكۈل ئەتراپنى غۇچچىدە تۆت قۇلاقلار قاپلىدى.

باھارنىڭ مەيىن شامىلىدا يەلپۈنۈپ، دىرىلداپ تۇرغان، سانسىزلىغان تۆت قۇلاقلار «تۆت قۇلاق بەخت، تۆت قۇلاق بەخت. . .» دەپ ئۈنسىز شىۋىرلاۋاتقاندەك، جۇۋاننى ئۆز قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. جۇۋان قوللىرىنى كەڭ يايغىنىچە تۆت قۇلاقلار بار تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# يېشىل مۇھەببەت

(ھېكايە)

**مۇتەللىپ ئوسمان**

1

بوۋاينىڭ نەپسى قىسىلىۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ ۋاپادارلىقىدىن قوزغالغان مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ يۈرەك باغرىدىن تېخىچە ساقىغىنى يوق. ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى بوۋايغا تەئەللۇق ئىدى. بوۋاي ھازىر سەكراتتا ياتقان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ زېمىننى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش بىلەن بالىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرۇۋاتاتتى. بوۋاينىڭ ئېغىزىنىڭ مىدىرلاۋاتقىنى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

— ئاۋۇ كىملەر؟ كىمنىڭ بالىلىرى ئۆزى دېۋەيلىشىپ تۇرغان؟! — دېدى بوۋاي بېلىدىن چىڭ قاماللاپ يۆلەپ ئولتۇرغان چوڭ ئوغلىغا، قات - قات قورۇقچىلار ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان، كىچىككىنە ئورا كۆزىنى مىختەك تىكىپ.

— بۇ يەردە تاماشا بولغۇدەكمۇ - يە؟! — دەۋەتتى ئارقىدىنلا خىرقىراق ئاۋازىنى تەستە چىقىرىپ.

— ياق، ئاتا، كەچۈرسىلە! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەۋرىلىرى، — دېدى تارام - تارام تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى كۆزىدىن يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن چوڭ ئوغلى.

بوۋاي ئۆز پۇشتىنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىدىن سۆيۈندىمۇ ئىشقىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بوۋاينىڭ بارلىق سەزگۈلىرى تېخى ناھايىتى نورمالدەك قىلاتتى. بوۋاي غىزادىن قالغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ رەسمى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان چىرايى تېخىمۇ سۇزۇلۇپ، تېرىلىرى پارقىراپ، چار ساقاللىرى تامامەن ئاقىرىپ ناھايىتى كۆركەملىشىپ كەتكەنىدى. بوۋاينىڭ قانداقتۇر بىرنەرسىنى كۆرگۈسى باردەك بويۇن سوزۇپ پات - پات ئۇيان - بۇيان قاراپ قوياتتى. سانسىز يىللار ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، بوۋاي ئۈچۈن مەڭگۈ كونىرىمايدىغان، ئۆز ئەسلىنى يوقاتمايدىغان، قەتئىي ئۇنتۇلمايدىغان بىرنەرسە كۆڭۈل قەسرىگە كۆمۈكلۈك ئىدى. بوۋاي شۇنىلا ئويلايتتى، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى - دە، شۇ ھامان بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر جۈپ كۆز نامايان بولاتتى. بۇ كۆز ئاجايىپ ئوتلۇق ئىدى.

2

بوۋاينىڭ ئەمدى ياراتقان ئىگىسىدىن ئاغرىنىشقا ھەققى يوق، ئۇ ھاياتىدا ئۆزى ئۈمىد باغلىغان، تىلىگەن ھەممە ئارزۇ - ئارمان، مۇراد - مەقسەتلىرىگە تولۇق يېتىۋالغان، پۈتۈنلەي ئېرىشىۋالغانىدى. لېكىن مومىيىدىن ئىككى يىل كېيىن قالغانلىقى ھەممە نەرسىدىن رەنجىشكە مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. بوۋاي پۈتكۈل جاھاننىڭ جەننەت تۈسىنى ئالغان بۇ كىچىككىنە يېرىگە قاچانلاردا ماكانلىشىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ، دۇنيادا موھتاجلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ياشىۋالغانىدى. تۇرمۇش مۇساپىسىدە دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - پىغان دېگەنلەرنى پەقەتلا يولۇقتۇرمىغان، ھەتتا چۈشىدىمۇ بۇنداق بەخت قانۇنىيىتىگە خىلاپ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ناۋادا كىتابلاردىن بۇنداق كۆلپەتلىك جۈملىلەرنى ئۇچرىتىپ قالغۇدەك بولسا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋاقىنىچە كىتابنى تاشلاپ قوياتتى. بوۋاينىڭ ياش ۋاقتى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولۇپ، كۈرمىڭ قىزلارنى قوغلىشىپ، شۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئېسىلىنى تاللىۋالغانىدى. قالغانلىرىغىمۇ ئۇۋالچىلىق سالمىغان. . . بوۋاي ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ كۆز ئالدىدىكى ئادالەتسىزلىككە يول قويمىغان، ھەرقانداق جايدا پوچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنمايتتى. بەتخەجىلىككە جان - جەھلى بىلەن ئۆچ ئىدى. . . بوۋاينىڭ جىمجىت ياتقىنىنى كۆرۈپ ئوغۇلنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى نەملىك كۆز

چاناقلىرىدىن فونتاندەك ئېتىلىشقا باشلىدى. نەۋ-
رىلەرمۇ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغىنىنى بىلەل-
مەي ئەنسىزچىلىك ئىچىدە كۆزلىرىنى ئالىچەك-
مەن قىلىشىپ سۇكۇتكە چۆمگەنىدى. بوۋاي بۇ-
لاردىن خەۋەردار، ھېچقانداق بىر ئادەم باشقىلارغا
مەڭگۇ توغرا باھا بېرەلمەيدۇ، ھەتتا، ئاتىمۇ -
ئانىمۇ، بالىمۇ، دەيتتى بوۋاي ئىچىدە غۇدۇڭ-
شۇپ. . .

## 3

بوۋاينىڭ خىيالىغا ھەتتا قايتا ئەسلەش مۇم-
كىنچىلىكى يوق ئىشلارمۇ كېلىۋالاتتى - دە،
نازۇك ھېسلار ئىغىپ تۇرغان يۈرىكىنى مۇجىيت-
تى. ئۆزىنىڭ ھايات دەرىخىنى قۇرۇتۇپ، كېپەك-
كە ئايلاندۇرىدىغان ئاخىرقى دەقىقىنىڭ چوقۇم
يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.
ئوغلى بوۋاينىڭ سەمىگە سېلىپ قويماقچى بولغان
بىر ئىشنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ قالغانىدى. باش-
قىلارنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ بولماقنىڭ ئانچە
ئاسان ئەمەسلىكى بوۋايغا ئايان ئىدى. بوۋاي تېز-
رەك كۆزىنى يۇمۇۋالمىسا ئوغۇللىرى ھۆددىسى-
دىن چىقىپ بولالىشىدىن ئۈمىد يوق. بوۋاي ئەق-
لىگە كېلىپ تا ھازىرغىچە يىغلاپ باقمىغانىدى.
بالىلىرىنىڭ يىغلىغۇسى كەلمىسىمۇ مەجبۇرىي
يىغلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى - دە، ئۆزىنى
يىغىغا تۇتتى. ئوغۇللىرىنىڭ قايسىبىرىگە كايى-
شىنى بىلەلمەيتتى. ئوغۇللىرى قارىماققا ناھايى-
تى كۆيۈمچاندەك بىلىنەتتى، شۇنداقتىمۇ بىرەر
قىزى بولمىغىنىغا كۆڭلى يېرىم ئىدى. بوۋاينىڭ
ئەقىدىسى ھامان ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، ئى-
رادىسى ھەممىنى بويسۇندۇراتتى. . .
— ھۇ، بەڭۋاشلار! — دەيتتى بوۋاي يۈزىنى
تام تەرەپكە بۇراپ.

## 4

بوۋاي تولىمۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئۆزى-
نىڭ بالىلىق شولىسىنى غۇۋا بولسىمۇ ئۇزاقراق
خىيال قىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھېچ-
نېمىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمىدى.
— توپتوغرا ئىككى يىل، — دەيتتى بوۋاي
ئاستا پىچىرلاپ. بوۋايغا مەلۇمكى، ھاۋانىڭ يىل-
سىبرى قۇرغاقلىشىپ كېتىشى مومىسىنىڭ ھاياتى-
غا يوشۇرۇن تەھدىت سېلىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا
بوۋاي ھېچ ئامال قىلالمىغىنىدىن بەزىدە ھەيران
بولاتتى، بەزىدە ئىچى پۇشۇپ تىپىرلاپ كېتەتتى.
ئۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەل-
گەن يېشىللىق رىۋايىتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيال-
مايتتى. مانا، توپتوغرا ئىككى يىل بولاي دېدى.
رىۋايەت تۈسىنى ئالغان سىرلىق كەچمىشنى ئۇ-
زۇپ قويغىلى، دەيتتى بوۋاي خىيال ئارىلىقىدا.
«ئىككى يىل ئاۋۋال مەنمۇ ئەل جامائەت
بىلەن خوشلىشىشىم كېرەك ئىدى، دەيتتى بوۋاي
يەنە خىيال دېسە خىيال ئەمەس، چۈش دېسە
چۈشكىمۇ ئوخشاتقىلى بولمايدىغان بىر خىل مەۋ-
ھۇملۇق كۆلەڭگۈسىدىكى گاڭگىراشتىن قۇتۇل-
ماقچى بولۇپ. . . ئىككى يىل ئىلگىرى مومىيى
ھايات ئىدى. ئۇلار ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللى-
رىدىمۇ ناھايىتى ئەپ ئۆتكەنىدى. ھەر يىلى جا-
ھان يېشىللىنىشقا باشلىغاندا ئۇلارنىڭ ئۆيدە ئول-
تۇرغۇسى كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ياش چېغىدىكى
ياپيېشىل ئورمانلىق، قويۇق چىملىق بارا - بارا
قات - قات بىنالارنىڭ تەكتىدە قېلىۋاتاتتى. شۇن-
داقتىمۇ ئۇلار خېلى ئۇزاق يول يۈرسىمۇ مەھەللە
چېتىدىكى كىچىككىنە بوستانلىقنى تېپىۋالغانى-
دى. ئۇ يەر ھەر يىلى ناھايىتى كېيىن يېشىل
تۈس ئالاتتى. تولىمۇ بالدۇر ئۆز ئەكسىنى تېپى-
ۋالاتتى - دە، ھەممە نەرسىسى قۇرۇپ قاقشالغا
ئايلىناتتى. بوۋاي بىلەن موماي بۇنىڭدىن كۆڭلى-
نى يېرىم قىلمايتتى. بىراق ئالەمشۇمۇل ئۆزگى-
رىشلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغىمۇ سىڭىپ كىر-
گىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىشاتتى. . .

## 5

بوۋاينىڭ پۇت - قولىدىن ماغدۇر كەتمىگەن
بولۇپ، تېخى مېڭىشتىن قالمىغانىدى. ئوغۇللى-
رىنىڭ ئەنسىرىشىمۇ بىھۇدە ئىدى. بەلكىم باش-
قىچە غەرەز بولۇشى مۇمكىن. بوۋاي بۇنىڭدىن
نارازى بولۇپ ئۆزىنى ئوغۇللىرىدىن ئاغرىنىشقا
تامامەن ھەقلىق دەپ ھېسابلايتتى. بوۋاينىڭ پە-
رىزىچە ئايالىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى بۇ ئىككى
يىلدىمۇ جەزمەن پەسىللەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىپ
تۇرۇشى ئېنىق. بوۋاينىڭ تەبىئەتنىڭ باشقا پە-
سىللىرى بىلەن ئانچە خۇشى بولمىسىمۇ، باھار
پەسلىنى يۈرىكىدەك ئەزىزلەيتتى. بولۇپمۇ ياش-
لىق باھارىدىكى تۇنجى يېشىللىق ئۇنىڭغا مۇھەب-
بەت ئاتا قىلغان، باھار ئىسسىلىك بىر سۆيگۇ

(داۋامى 64 ـ بەتتە)

سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. قاڭقى مەمەت تامچە ئۆتۈپ، تۇرغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئۇخلاۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ داسقا، قاچىغا تېمىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھۆرى موماي بىر بۇلۇڭدا چەكچەيگىنىچە تىترەپ ئولتۇراتتى. يامغۇرنى تىللاپ غۇتۇلدىغان چاغدا يۇزىدىكى قورۇقلار تەڭ مىدىرلايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرمايلا ھاسىسىنى ئۇزىتىپ نەۋرىسى قاڭقى مەمەتنى تۇرتتى. قاڭقى قوپمىدى. موماي قاڭقىنىڭ بېشىغا بىرنى سېلىۋىدى، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، مومايىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كىگىز، پالاز، تاغارلارني يىغىشتۇرۇپ، ئەلەڭلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. قاڭقى پالاقشىپ قوغۇنلۇققا باردى. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قوغۇنلارغا يەتكەن يەرگىچە ياپتى. قوغۇن تازا پىشىدىغان چاغدا يامغۇر ياغقىنىنى، دەپ پىچىرلاپ سۆزلەپ كەتتى. قوغۇنلار ئەمدى سارغىيىشقا باشلىغان، ئۆزىمۇ تېخى بىرەرنى يەپ باقمىغانىدى. مۇشۇنداق يېغىۋەرسە قوغۇنلارنىڭ ھەممىسى يېرىلىپ كېتەتتى. چۆنەكلەر سۇغا توشۇپ كەتتى، قوغۇننىڭ تەمىمۇ قالمايدىغان بولدى، دېدى خۇددى يېنىدا بىرى تۇرغاندەكلا ئاۋازىنى چىقىرىپ. ئەتراپنى يامغۇرنىڭ پېلەكلەرگە شارىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازى قاپلىغان، ھاۋانىڭ قايىقى بەك تۇرۇكلۇك ئىدى. قاڭقى مەمەت چاپىنىنى، ئىشتىنىنى سېلىپ قوغۇنغا ياپتى. بىر ئۇيان، بىر بۇيان چېپىپ يۇرۇپ ھاردى - دە، يالىڭاچ پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. قوغۇن يېرىلىپ كەتسە، ساتالمىسا قىمارغا پۇلنى نەدىن ئالىدۇ. بۇدا ماموت كورۇككە ئوتتۇرغان پۇلنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئېلىش كېرەك. بىر تورۇپ ئۇ مومايىنىڭ پۇلنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى موماي بازارغا بارالمايدۇ، ئۇ ئىچىدە خۇش بولدى. ئارقىدىنلا چىرايى تاتاردى. شۇ موماي دائىم قارغىغاچ ئوتتۇرۇۋاتىمەن، دەپ مومايىنى ئىچىدە تازا تىللىدى. ئۇ مومايىنىڭ تېخىچە ئۆلمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتى. چاقماق چېقىپ ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. يېقىنىدىكى قوغۇنلار پىچاق ئۇرۇۋەتكەندەك يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يامغۇرنىڭ ئۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ماموت كورۇك ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن تىقىپ ساقلىغان تىللالىرىنى تېپىۋېلىپ باي بولۇپ كەتتى. قاڭقى مومىسىنىڭ تىقىپ قويغان نەرسىسى بارلىقىدىن گۇمانلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كۆرۈپ باقاي دەپ ئويلاپ باقتى. لېكىن ئارقىدىنلا يەنە ئالجىغان مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم سارالڭ بولۇپ قالىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇرۇن ئۇ مومايىنى كۆپ خاپا قىلغان. ئەمدى ياخشىچاق بولۇۋالسا چېنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە. . . ئۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك ئەتراپقا ئىتتىك قارىۋالدى، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتكەنىدى. تۇيۇقسىزلا ئىتقا كۆزى چۈشتى. كاتىكى سۇغا توشۇپ كەتكەن ئىت سىرتتا تىترەپ تۇراتتى. تۈكلىرى قوتۇر دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇيرۇقىنى چاتىرىقىغا قىستۇرۇۋالغاندى. قاڭقىغا ئىت توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك



ئەركىنجان ئىمىت

# مازار جاشقىنى

(ھېكايە)

تۇيۇلدى. ئىت ئۆلۈپ قالسا، قوغۇنلۇققا ئۇنىڭ ئۆزىنى باغلاپ قويسا. . . قاڭقى ئۆزىنى يالىڭاچ هالدا زەنجىرگە باغلاقلىق قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، تېخىمۇ توڭلاپ، تىترەپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئىت چىۋىنلىرى ئۆلىشىۋالسا قانداق قىلار؟ ياكى پىت ئۆلىشارمۇ؟ ئىتنىڭغۇ قويرۇقى بار. قاڭقى قانداقمۇ قورىيالىسۇن؟ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. چاپاننى ئېلىپ، يېرىلسالىڭ يېرىل دەپ پېلەكلەرنى پېتىقلاپ ئىتنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئىتنىڭ مۇنچىۋالا قېرىپ كەتكىنىگە هەيران بولدى. ئىتنىڭ ئۈستىگە چاپاننى ياپتى. بىچارە هايۋان ئانچە خۇشال بولغاندەك قىلمايتتى، ئۇ چاپاننىڭ تۈگمىسىنى ئىتنىڭ قورسىقىدىن ئېتىپ قويدى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ پېلەكلەرگە يېپىپ قويغان ئەسكى كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ پېلەكنى مالتىلاپ ئىچىگە كىرىۋىدى، ئۇ تەرىپىدىن بېشى چىقىپ قالدى. ئۇ مەيلى بېشىم يېرىلمايدۇ، دەپ بېشىغا پېلەكنى تارتىپ ئۇخلاپ قالدى.

هۆرى موماي يامغۇر سەل پەسەيگەندە ئۇسساپ كەتتى. شۇ چاغقىچە بىرمۇ خەمەك ـ سويما تۇتقۇزمىغان قاڭقى تازىنى مىڭنى تىللىدى. كونا تور رومىلىنى ئارتىپ پاتقاق كېچىپ قوغۇنلۇققا باردى. قارىسا كىگىز، پالاز، تاغار. . . لار قالايمىقان يېيىقلىق تۇرۇپتۇ. قوغۇنلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىرىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۈن قاراڭغۇسىدا ئەتراپنى ئارانلا پەرق قىلالايتتى. هامىنى يېگەندىن كېيىن يېرىلمىغاننى يەي، دەپ كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىقىپ تۇرغان بىرىنى تاپتى. تىزىنى قويۇپ بىر تارتتى. غەيرىي بىر ئاۋاز چىقىپ كىگىز ئاستىدىكى پېلەكلەر مىدىرلاپ كەتكەندەك بولدى. موماي بىرلا چىرقىراپ ئورنىدىن تۇردى. هاسىسىنى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچتى. قاڭقى كىگىز ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ قارىغاندا، قاراڭغۇلۇقتا ئالچاڭلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان «ئەرۋاھ» نى كۆردى. قاڭقىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. قورقۇپ كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

قاڭقى پاتقاقلىقتا بەدەن شەكلىنى قالدۇرۇپ قويۇپتى. دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئىشتانلىرىنى كىيدى. چاپىنىنى ئىتنىڭ تېگىدىن تارتىپ ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. يول بەكمۇ پاتقاق ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى، موماي بىر دۈۋە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىنىڭ تېگىدە كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. قاڭقى ئۇيۇقتىن بىر زاغرىنى ئېلىپ تاۋاققا چىلىدى. چاي يوق ئىدى. ئۇ مومايىنى ئىچىدە راسا تىللاپ، سوغۇق سۇ قويدى، ئاندىن بىردەم ئولتۇرۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ كىگىز ـ كېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلدى. يولدا مومايىنىڭ كالىچىنى تېپىۋالدى. ئۇ چاي ئىچكەچ بۇ قېرى قاچاندا قوغۇنلۇققا بارغاندۇ دەپ غۇتۇلدىدى.

تاڭ تېخى يورۇمىغان، هاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە مومايىنىڭ قېشىغا كەلدى. موماي قورۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان ئۆپكىسىنى تىترىتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قاڭقى ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئاندىن ئاستا تۈرتتى.

— هەي موما، قوغۇنلۇققا نېمىشقا باردىڭ؟ — دەپ سورىدى. قاڭقى ماموت كورۇكنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئۇخلىغاندا گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى تاسادىپەن بىلىۋالغانىدى. موماي ئاغزىنى تامشىتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى. قاڭقى يەنە سورىدى.

— هەي، هۆرەك، قوغۇنلۇققا نېمىشقا باردىڭ؟

— سويما يېگىلى.

— نېمىشقا كالىچىڭنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ — قاڭقى ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپرەك سورىدى.

— جىن باركەن، قورقۇپ كەتتىم، — دېدى موماي. قاڭقى بۇرۇن تولا سورىغان سوئالنى يەنە سورىدى.

— هۆرەك، تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟

— تىللا يوق.

— قاسىمباي بىر كوزا تىللا بېرىپتىكەن، نەگە كۆمدۈڭ؟

— يوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. ئەمما مومايىنىڭ مىدىرلىماي ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: ئۆتكەندە ماموت كورۇك «قاڭقى، سەن قاچان ئۆتقان؟ سەن ئۆتتۇرمىساڭ بىز كىمدىن ئۆتىمىز؟!» دەپ مەهەللىلىك باللار ئالدىدا ئەجەب مازاق قىلدى ـ هە، خەپ كورۇك، مەن سېنى بوغاز قىلىۋەتمىسەم. . .

قاڭقى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. بېشىغا تاققىدە قىلىپ تەگكەن كالتەك ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ دىرىڭڭىدە ئورنىدىن تۇرۇپ

قوغۇنلۇققا قاراپ چاپتى. بىرھازا ھەپىلىشىپ چۆنەكلەرگە يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقاردى. راسا ھارغان چاغدا يېرىلىپ كەتكەن قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ يەي دەپ شۇنداق كۆتۈرۈشىگە قوغۇن ئىچىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىقتى. ئۇ ئەمدى پاقىغا ئامەت كەپتۇ - دە، دەپ پۇتى بىلەن پاقىنى يىراققا ئىرغىتىۋەتتى. قولىنى قوغۇننىڭ يېرىقىدىن ئىچىگە تىقىپ ئۇرۇقنى سىيرىپلا ئېلىپ تاشلىدى ۋە يۈز - كۆزلىرىنى ئالا - بۇلىماچ قىلىپ قوغۇننى بىردەمدە سوقۇپ بولدى. ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىتقا قارىدى. ئىتنىڭ تۈكلىرى سەل كۆپۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چاپىنىنى لايغا مىلاپ رەسۋايى ئەزىم قىلىۋەتكەن، ئۆزى قوغۇنلۇقنى بىركىم كۆتۈرۈپ كەتسىمۇ تۇيمىغۇدەك ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ھۆرى موماي شۇ كۈندىن تارتىپ قوپالماي قالدى. قاڭقىنى ئىشقىمۇ بۇيرۇمايدىغان بولدى. ھويلىدىكى ئۆچكىگىمۇ بىرنەرسە بەرمىدى. قاڭقىنىڭ قىمار ئويناشقا دەسمايىسى قالمىدى. مامۇت كۈرەك «ھەي قاڭقى تاز، تۈنۈگۈن كاكىلىدىڭمۇ؟» دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى مومايدىن بايلىقنى سوراپ بىلىۋېلىشى.

— ھۆرەك، قاسىم باي نېمەڭ؟ — دېدى قاڭقى.

— يارىم.

— نەچچە ئەرگە تەگدىڭ؟

— بەشكە. مەن ئىشچان، چىرايلىق ئىدىم، —دېدى موماي. قاڭقى ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى.

— ئەمىسە تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟!

— يوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. لېكىن موماي ئويغانمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە سوئال سوراپ سېلىشىدىن قورقۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ ئۇخلىدى. ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كوزا تىللادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن تىللا كۆرۈپ باقمىغانىدى. پاشىلار غىڭشىلدايتتى. سوغۇق ئارىلاش مەيىن شامال زەيكەش پۇرىقىنى ئەپكىلەتتى. چۆنەكلەردە پاقىلار كۇركىرايتتى. پاشىلارنى ئۇچۇرالمىغان قانداق شامال بۇ! قېرى ئىت غىڭشىپ قوياتتى. قاڭقى ئاسمانغا قارىغىنىچە ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە ئۇ ئەسكى تامنى بىرنى تەپسە بىر كوزا ھەرە چۈشۈپ ئۇنى قوغلىغۇدەك، موماي چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلگۈدەك.

تاڭ ئاتتى. ئۇ چۈشىنى بىردەمدە ئۇنتۇپ قالدى. ئۆيگە بېرىپ چىنىگە زاغرىدىن بىرنى چىلىدى. ئاندىن ئىككى قوشۇق قوي مېيىنى سېلىپ، چاي قۇيۇپ دۇملەپ قويدى. مامۇت كۈرۈك قايسى كۈنى شۇنداق پەيزى بىر شەيتان ھارۋا سېتىۋاپتۇ. ھەي كۈرۈك، ساڭا داداڭ دۇئا قىلىپتىكەن. ماڭا دادام نېمىشقا دۇئا قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇ دادىسىنى ئويلىسا، قىماردا ئۇتتۇرۇپ ئانىسىنى ئۇرغان ۋاقتى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. لېكىن چىرايى تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. قاڭقى قوي مېيىنىڭ پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ چاينى ئىچتى. ئاندىن مومىسىغا نان چىلاپ قويدى. ھۆرەك تۈنۈگۈن بىر موماي ئوت كۆچۈرۈپ قويغاندىن بېرى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

قاڭقى كۈندۈزدە قوغۇنلارنى ئۈزدى. سانىنى كەم مەلۇم قىلدى. كەچ پېشىن بىلەن قوغۇنلارنى سېتىپ بولدى. پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ قالغىنىنى بەردى. موماي قاڭقىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم قاراپ باقىدىغان ساندۇقىغا سېلىپ قويدى. ساندۇقتا بىر پارچە كېپەنلىك رەخت بىلەن بىر ئاق رومال ۋە كونا - يېڭى كىيىملەر بار ئىدى. ئاندىن يەنە بۇلتۇرقى جىگدىدىن ئازراق بار ئىدى. قاڭقى ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلاپ قىمار ئوينىغان، مومايىنىڭ ئېسى جايىدا بولمىغاچ تازا تۇيالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇلار ئاخىرەتلىكىم دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. قاڭقىغا موماي ئۆچلۈكىدىن ھېچ نەرسە دەپ بەرمەي ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈندى.

كەچتە قاڭقى ئۆيگە كىردى. موماي تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ چىشسىز ئاغزى كۆك قۇرتتەك لۆمۈلدەپ تۇراتتى. قاڭقى دائىم ئۇنىڭ شۇنداق ئورۇق، تاياقتەك تۇرۇپمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن قۇرۇق تېرىنىڭ تاراقلىشىدەك ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بېشىنى يانغا بۇرۇۋالدى. قاڭقى بۈگۈن نېمە سورايدىغانلىقىنى تازا ئويلىۋالدى. ناۋادا سورىۋالمىسا بۇ پىخسىق موماي سىرلىرىنى گۆرگە ئېلىپلا كېتىدۇ. قاڭقى شۇ قوتۇر كۈرۈكنىڭ ئالدىدا ئۆمۈر بويى بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۆتىدۇ. كۈرۈك دائىم شەھەرگە قاتناپ تۇرىدۇ. قاڭقى شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدى. قىمارغىمۇ دەسمايە بولمىسا، دۇئا بولمىسا ئۇتقىلى

بولمايدىكەن! مومايغا دۇئا قىلىپ قوي، دېمەكچى
بولدى، ئۆلۈمىمنى تىلىدىڭ دەپ هاسا تەڭلىشى-
دىن قورقتى. شۇنداقتىمۇ سورىماي تۇرالمىدى.
-- هۆرەك، سەن ئۆلۈپ كېتىسەن، تىقىپ
قويغان نېمەڭ بولسا دەپ قويۇپ كەت، بىكار
ئارماندا كېتىسەن.

مومايدىن ئاۋاز چىقمىدى. قاڭقى تۇرۇپ
قالدى. موماي دائىم دەرهاللا جاۋاب بېرەتتى.
خېلى بولدى، هېلىقى كۈنى قوغۇنلۇقتىن قېچىپ
كىرگەندىن بۇيان، شۇنداق تەرسا مىجەز بولۇۋال-
دى. قاڭقى ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىپ يەنە سو-
رىدى. مومايىنىڭ كانىيىدىن خارت - خۇرت قىل-
غان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇ نېمە ئىش؟ دىققەتتە
تىڭشىۋىدى، موماي تەستە نەپەس ئېلىۋېتىپتۇ.
بىردەمدىن كېيىن ئۇ هوشىدىن كەتكەندەك بول-
دى. يۈزىدىن ئىسقا ئوخشاش كۆكۈش بىرنەرسە
كۆتۈرۈلدى. قاڭقى داڭ قېتىپ قالدى. كۆزىگە
ئىشىنەلمىدى. مومايىنىڭ كالپۇكلىرى لۈمۈل-
دەشكە باشلىدى. ئىس يەنە كۆتۈرۈلدى.
-- قاڭقى مەمەت، — مومايىنىڭ ئاۋازى جان-
سىز تىترەپ چىقتى، — مەن ساڭا بىرنەرسە قال-
دۇرۇپ كېتىمەن، شەرتىم، مېنى ئۆلگەندىن
كېيىن قاسىم باينىڭ قېشىغا قويىسەن. ئاندىن
قەبرەمنى قاتۇرۇپ هەر پەيشەنبە يوقلاپ تۇرى-
سەن!

قاڭقى مەمەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەت-
تى. مومايىنىڭ ئويغاق ياكى ئۇيقۇلۇق ئىكەنلىكى-
نى بىلەلمىدى. تېخى قاسىم باينىڭ قېشىغا قوي-
غۇدەكمىشمەن. بۇ ئالجىغان موماي نېمىلەرنى
دەۋاتىدۇ، دەپ غۇدۇڭشىدى، بىر تۇرۇپ ئاڭلاپ
باقمايمەنمۇ دەپ ئويلىدى.
-- قاڭقى مەمەت، تىڭشا هەم ئېسىڭدە مەھ-
كەم ساقلا، مەن ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن گۆ-
رۈمنى ئاچقىن. چوقۇم كەچتە. كېپىنىمنى بەك
يىرتىۋەتمە، ئاندىن سول پۇتۇمنىڭ هوشۇقىنى
ئالىسەن، ئۇنى قولتۇقىڭغا ئېسىۋالساڭ بولىدۇ.
ئاندىن مېنى ئۆز پېتىم كۆمۈپ قويىسەن. هو-
شۇق سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ! — دېدى مو-
ماي.

موماي جىمىپ كەتتى. قاڭقى مومايىنىڭ
راست دەۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمىدى. ئۆزىنى قا-
سىم باينىڭ قېشىغا كۆمدۈرىمەن دەپ شۇنداق
ئالجىۋاتامدۇ - يا! مەيلى نېمىلا بولسۇن سىناپ
بېقىش كېرەك. مومايىنىڭ غۇۋا تىنىقى بارلىقىنى
بىلگەندىن كېيىن كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈش-
تى. مامۇت كورۇزكىنىڭ ئانىسى هوشۇق قويۇپ
كەتكەنمىدۇ؟ ئۆزىگىمۇ بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ
بەرمىگەن ئىدىغۇ؟ سوراپ بېقىش خەتەرلىك.
ئەڭ ياخشىسى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. قاڭ-
قى مەمەت مومايغا گۇمان بىلەن قاراپ قويۇپ
قوغۇنلۇققا ماڭدى. بېرىپلا سويمىدىن بىرنى يې-
رىپ يېدى - دە، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى.
چۈشىدە گۆرگە كىرىپ قارىسا مومايىنىڭ قورسىقى-
دا بىر كاللەك يىلان تۇرغۇدەكمىش، هوشۇقنى
ئالغىلى قويمىغۇدەكمىش، قاڭقى ۋارقىراپ ئويى-
غىنىپ كەتتى. قېرى ئىت روهسىز بىرنەچچىنى
قاۋاپ قويدى. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن توشۇپ
كەتكەن، قاڭقى مەمەتنىڭ كالپۇكىنى پاشا چې-
قىپ دوردايتىپ قويغانىدى.

قاڭقى ئويغانغاندا كۈن خېلى ئۆرلىگەنىدى.
ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە ماڭدى. يولدا
ئىزلارغا دىققەت قىلىپ هېچ نەرسىنى پەرق قىلال-
مىدى. ئۆيىگە يېتىنالماي تەستە كىردى. موماي-
نىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك بول-
دى. چاينى ئەزمىلىك بىلەن ئىچتى. قوي مېيى-
نى كۆپ سالدى. مومايغىمۇ نان چىلاپ قاچىنىڭ
ئاغزىنى كۆمتۈرۈپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن
ئەسنەپ كەتتى، مومايىنى تۇرتتى. ئۇ مىدىرلىمى-
دى، يەنە تۇرتتى. قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كې-
لىپ تىڭشىدى، هېچ ئاۋاز چىقمىدى. ئىتتىك
قوشنا ئايالنى چاقىرىپ كىردى. ئۇ ئايال يۈكۈ-
نۈپ ئولتۇرۇپ مومايىنى هۆرخان ئاچا، دەپ چا-
قىردى. پېشانىسىگە قولىنى ئاپىراي دېگەندە يو-
غان روچۇىن غۇڭ قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئاللا تووۋا كۆتۈرۈپ هازا ئېچىشقا باش-
لىدى. قاڭقى ئىشىك تۈۋىدە هاڭۋېقىپ قالدى،
قوشنىسى مومايىنى پەرىشتىدەك سۈپەتلەپ قوشاق
قوشۇشقا باشلىدى. ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق ئى-
دى. هۆرى مومايىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىردەمدە يې-
قىن ئەتراپتىكىلەر ئاڭلاپ بولدى. ئۇلار كېلىپ
هەممىسى بىر بولۇپ هەرە توپىدەك غۇڭۇلداپ
هازا ئېچىشتى. قاڭقى بىلەن هېچكىمنىڭ كارى
بولمىدى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۇ-
ياق - بۇياقتا چۆرگىلەپ يۈردى. يىغلاي دېۋىدى
كۆزىگە ياش كەلمىدى.

جامائەت مومايىنى ئۇلۇغ كۈندە ئۆلۈپتۇ، دەپ
نامازدىن كېيىن قويماقچى بولدى. قاڭقى باشقا
گېپى يوقلۇقىنى ئېيتتى. پېشىن نامىزىدىن كې-
يىن مومايىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ جىنازا يولغا
چىقتى. جىنازا ئالدىدا قاڭقى يالغۇز كېتىپ با-

راتتى. ماموت كۇرۇك ئۆنىڭغا يېتىشىۋېلىپ يې-
نىدا گەپ قىلماي ماڭدى. باشقىلار ئۆنىڭغا پاخ-
تىلىق چاپان، كونا قۇلاقچا كىيدۈرۈپ، بېلىگە
ئاق بەلباغ باغلاپ قويغانىدى. قاڭقى بىر تۇرۇپ
بۇ قېرى ئەجەب ئىنىسىق بىر كۈندە ئۆلدى. بىر
يىل قانداق توشار، دەپ ئويلىسا، بىر تۇرۇپ
موماي ئۆلىدىغان چاغدا ئالجىپ ئالىجۇقا گەپ
قىلغان بولغىيدى، دەپ ئويلايتتى. يول توپا بول-
غاچ ئۆزۈن سەپنىڭ ئارقىسىدا چاڭ - توزان
ئەگىشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ تەرلەپ ماجالى قالمى-
غىلى تۇردى. شۇ تاپتا پاقا شوراپ قويغان بولسى-
مۇ بىر قوغۇن بولسا ئەجەب ياخشى بولاتتى، دەپ
ئويلىدى. مەھەللە سىرتىغا چىقىپ خېلى ماڭغان-
دىن كېيىن مازارلىققا بارغىلى بولاتتى. قاڭقى
ئانچە - مۇنچە ئۆندەرىگەندەك ئانامەي، دەپ ۋارقى-
راپ قوياتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ ۋارقىراۋاتقان-
لىقىغا كۆڭلىدە ئىشىنەلمەي كېلىۋاتاتتى. پاختى-
لىق چاپان شۇنداق ئېغىر، ئاسماندا قۇياش بار-
لىق زەھىرىنى ئۆنىڭغىلا سانجىۋاتقاندەك قادىلىپلا
تۇرۇۋالدى. مېيىت ئۆزاتقۇچىلار ھېلىدىن - ھې-
لىغا جىنازا كۆتۈرۈشكە ئالمىشىپ تۇراتتى. قاڭ-
قى بىر تۇرۇپ - بۈگۈن ئۆلگىنىمۇ ياخشى بول-
دى، ئۆلۈغ كۈن بولغاچقا كۆپ ئادەم كەلدى،
دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى تونۇمايدىغانلار-
مۇ كۆپ ئىدى. قارىغاندا مومايىنىڭ تەكتۇشلىرى
خېلى باردەك قىلاتتى. ئۇلار چورۇقىنىڭ ئۇچىدا
توپىنى كۆرەپ، توزۇتۇپ ماڭاتتى. قاڭقى پات -
پاتلا ئانامەي، دادامەي، دەپ قويۇپ يېگى بىلەن
تەرلىرىنى سۈرتۈپ كېتىپ باراتتى.

مەھەللە كىچىك بولسىمۇ زاراتگاھلىقى خې-
لىلا چوڭ ئىدى. ئۇلار قەبرىلەرنى ئارىلاپ، كو-
لاپ قويغىلى خېلى بولغان بىر گۆرنىڭ ئالدىغا
كەلدى. بۇنىمۇ موماي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان
ئوخشايدۇ، ئەتراپىنى ياتناق، جىن تاۋۇزى قاپلاپ
كەتكەنىدى. بەزى چوڭراق قەبرىلەرگە ئالا - تا-
غىل توغلار سانجىپ قويۇلغانىدى. ئىككى ئادەم
گۆرنىڭ ئىچىگە سەكرەپ كىردى. ئىككى ئادەم
مېيىتنى جىنازىدىن چىقاردى، كىگىزدىن يەش-
تى، ئاندىن تاشقىرىقى گۆرگە چۈشۈردى. بىرى
مومايىنى ئىچكىرىكى گۆرگە ئېلىپ كىرىپ كەت-
تى. گۆر كولانغىنىغا ئۆزۈن بولغاچ تاشقىرىقى
گۆردە تۇرغانلار توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. قاڭقى
توپا بېسىققاندا قارىۋىدى، كېپەنلىكتىكى موماي-
نىڭ ئېچىپ قويۇلغان يۈزى پارقىراپ كەتكەندەك
بولدى.

مومايىنىڭ قىرقى توشقاندا قاڭقى مەھەللە -
كويدىكىلەرنى يارما ئاش ئېتىپ ئۆزاتتى. شۇ
كۈنگىچە ئاق بەلباغ تونۇغۇسىز بولۇپ، پاختىلىق
چاپان قۇرتلاپ كەتكەنىدى. ماموت كۇرۇك قوناق
ياردەم قىلدى، ئۆيىگە ئانچە - مۇنچە تاماق ئەپكى-
رىپ بېرىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ قاڭقى «خەپ
كۇرۇك، بىر يىلمۇ توشار» دەپ ئىچىدە خەپلەپ
يۈردى. قاڭقىغا بېشىغا تېگىدىغان ھاسا ۋە خو-
رەك ئاۋازىلا كەملەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ كەچ-
تە قوغۇنلۇقتا ياتاتتى، قېرى ئۆچكە ئورۇقلاپ
تۈگىشىپ كەتتى. بۇرۇنقىدەكلا يۇلتۇزلارنىڭ
ئاسماندا جىمىرلاشلىرى، پاقىنىڭ كۇركىراشلى-
رى، پاشىنىڭ بىر كۈن بىر يېرىنى، يەنە بىر
كۈن بىر يېرىنى دورداپتىپ قويۇشلىرى. . .
ئىشقىلىپ قاڭقى قوغۇندىن ئازراق پۇل قىلىۋال-
دى. ئەمدىكى ئۈمىدى يەنە گۆردە قالدى. بۇ
موماي تىرىكىدە ئۈچ ئالالماي ئۆلگەندىن كېيىن
ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئالداۋاتامدۇ - يا، دەپمۇ
ئويلاپ كېتەتتى. زادى شۇ قوتۇر ھوشۇقتا نېمە
كارامەت باردۇر؟ قاڭقى بىرى پېشىندىن تارتقان-
دەك مازارلىققا باردى. مومايىنىڭ قەبرىسىنى
پەرق قىلالماي كۆپ جىلە بولدى. ئەتراپ قور-
قۇنچلۇق ھەم سۈرلۈك ئىدى. شىرنىقىدە قىلغان
ئاۋازلا قاڭقىنى تىترىتىپ، جېنىنى ئېلىشقا يې-
تىپ ئاشاتتى. ئۇ ئەمدى گۆرنى ئېچىشقا قۇربى
يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆز ئالدىدا شۇن-
داق سەت ئالۋاستىلار پەيدا بولاتتى، يوقىلاتتى.
بەزىسى مومايغا ئوخشايتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇ-
لۇپ قاچتى. ناۋادا بىر ئاۋاز «توختا!» دېسىلا
قاڭقى ئۆلۈپ قالغان بولاتتى. بولدى، قېرى قا-
غىنىڭ گۆرىگە كىرمەيمەن. بويى بىلەن تەڭ ئال-
تۇن بەرسىمۇ، قوغۇنىنىڭ پۇلىنى تىقىۋالىمەن،
ئىتنىڭ ئورنىغا مېنى باغلامدىكەن تېخى. . . قو-
غۇنلۇققا كەلگەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلەرچە پې-
چىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى كەچتە شۇن-
داق قېچىپ كېلىدىغان، ئاغزىدا بىرنېمىلەرنى
توختىماي پىچىرلايدىغان بولدى. مازارلىققا باراتتى-
تى، قاچاتتى، باراتتى، يەنە قاچاتتى، قەبرىلەر
ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى.
ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ كۈندۈزدە ئۇ تۈيدۈرماي
بېرىپ بىرنەرسىنى بەلگە قىلىۋالاتتى. كەچتە يەنە
يۈتتۇرۇپ قوياتتى. كۆپ ۋاقتىنى مازارلىقتا ئا-
لاقزادىلىكتە تۈگەتتى، كۆپ ئورۇقلاپ كەتتى.
چىرايىدىن توپا ئۆرلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يىل

توشمايلا ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ
قالدى.

بۇ كۈنى ئاي قاراڭغۇسى بولغانىدى. قاڭقى
تىمىسقىلاپ بىرى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا
باردى. خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغىنىغا خېلى
بولغان ۋاقىت ئىدى. ئەتراپ تىمتاس، يېقىن
جايدىن قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرات-
تى. قاڭقى نىشاننى پەرق قىلالمىدى، ئادىشىپ
قالدى. كېيىن يەنە تام ياقىلاپ كىرىش ئېغىزىغا
كەلدى. ئاندىن نىشاننى ئۇدۇللىۋېلىپ ماڭدى،
بىر ئادىشىپ يەنە توغرىلىۋالدى. ئەتراپقا سىنچى-
لاپ قارىدى. قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم
ئارام ئالدى. ئاندىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ توپىنى
تارتىشقا باشلىدى، توپا يۇمشاق، نەمخۇش ئىدى،
يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. ھەر سوققاندا ئۆزى-
نىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.
ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن ئىچ باغرى، ئۆپكى-
سىنى مازار توپىسى قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قى-
لاتتى. شۇنداقتىمۇ ئازلا قالدى، مۇنكىر - نەكىر
يەنە بىرپەستىن كېيىن. . . دەپ پىچىرلايتتى.
ئىچكىرىكى گۆرنىڭ خىشى كۆرۈنگەندە چېكە تو-
مۇرى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ سوقۇپ
كەتتى. ھەي، كاساپەت تومۇرلىرىم ئېتىلىپ
كەتمىگىيدى، دەپ پىچىرلىدى. بىردەم ئولتۇ-
رۇپ ئارام ئالغۇسى كەلدى، لېكىن ئالدىرايتتى.
بىرنەرسىنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى ئۇنى ئوڭدىسى-
غا ئۇچۇرۇۋەتتى. ھوشىنى يىغىپ دىققەت بىلەن
تىڭشىدى، كۆزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
ئاۋاز گۆردىن چىققاندەك قىلمايتتى، شۇندىلا
كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ كۆزىنى ئاچتى. گۆرنىڭ
يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئىت ھاسىراپ تىلىنى ساڭ-
گىلىتىپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چالمىدىن بىر-
نى تېپىپ، پەملەپ تۇرۇپ ئاتتى. قورقۇپ تىت-
رەپ كەتكەچكىمۇ تەگكۈزەلمىدى. ئىت قېچىپ
كەتتى، ئاندىن يىراقتا تۇرۇپ ھۇۋلاشقا باشلى-
دى. قاڭقىنى سۇر بېسىپ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ
كەتتى. بىسمىللا، دەپ خىشقا قولىنى ئۇزاتتى
ۋە دەرھال تارتىۋالدى. گۇناھلىق ئىش قىلىۋې-
تىپمۇ شۇنداق دىسە بولامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ
قالدى. بولدىلا، ھەممىسى موماينىڭا ھېساب، ئۇ
خىشقا قولىنى ئۇزاتتى. خىشقا چاپلىشىپ قالغان
توپا شۇررىدە سىيرىلىپ چۈشتى. بىرنى، ئىككى-
نى ئالدى. گۆر ئىچىدىن سېسىق پۇراق ئېتىلىپ
چىقتى. قاڭقى تۇمشۇقىنى پېشىدە ئورىۋېلىپ،
كۆزىنى يۇمۇپ تۇردى. ۋاقىت ئاستا ئۆتەتتى.

لېكىن بىر تۇرۇپ تاڭ ھازىرلا يورۇيدىغاندەك،
كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
ئاخىرى تۇمشۇقىنى تۆشۈككە ئاپىرىپ باقتى. پۇ-
راق ئاۋۋالقىدىن سۇسلاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ
كۆزىنى يۇمۇپ بۇرنىنى پۈركەپ، بىر قولى بى-
لەن سىيلاپ - سىيپىلاپ خىشلارنى سۆكۈشكە
باشلىدى. خىش بەك يوغان بىلىندى، ئۇنىڭ ئې-
سىدە قېلىشىچە خىش بۇنچە چوڭ ئەمەستەك ئى-
دى. ھېرىپ ھالىم قالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ
ئويلىدى. قولىنى تۆشۈك ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ
بېقىۋىدى، ئۆزى پاتقۇدەك ئېچىلغانلىقىنى ھېس
قىلدى. گۆرگە بىر تەرەپتىن شىرىلداپ توپا ئې-
قىپ كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كەينىچە كىرىش-
كە باشلىدى، تىنىقلىرى توختاپ قالدى. چېكە
تومۇرلىرى ئۇزاق - ئۇزاقتا بىر سوققاندەك، كال-
لىسى تىترەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. گۆرگە
كىرىپمۇ بولدى، ئۇھ، دەپ ھاردۇق ئالدى - يۇ،
شۇئان كۆڭلى ئېلىشىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ
كەتتى. بىرپەستىن كېيىن سۇبھانالللا، دەپ كۆ-
زىنى ئاچتى. ئالدىدا پارچە سۆڭەكلەر تېرىلىپ
ياتاتتى. ئەجەب ئىش، شۇنداق ئاسان قۇرت يەپ
كەتكەندىمۇ؟ خۇدا ماڭا ئىچ ئاغرىتقان ئوخشايدۇ،
دەپمۇ ئويلاپ قالدى. ئىچ - باغرىغا توپا - تۇمان-
لىق سېسىق پۇراق سىڭىپ كەتتى. تۇيۇقسىز
ئۆزىنىڭ دەل ئۆلۈكنىڭ قورساق تەرىپىدە ئول-
تۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئورنىدىن چاچراپ
قوپتى. لېكىن بېشى گۆرنىڭ تورۇسىغا تېگىپ
لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كاللىسى ئوڭ - تەتۈر
چۆرگىلەپ، گۆر دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى،
ۋارقىراپ تاشلىۋىدى، كارنىيىدىن ھېچقانداق ئا-
ۋاز چىقمىدى. گۆر ئاغزىدىن قاپقاراڭغۇ تۈن كۆ-
رۈنۈپ تۇراتتى. ئاغزى شۇ قاپقاراڭغۇ تۈننىڭ
دەھشەتلىك ئاغزىدەك، ھازىرلا ئۆزىنى يۇتۇۋېتى-
دىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئېغىز ئىچىدە كۆكۈش
نۇر چېچىپ تۇرغان ئىككى نەرسە كۆرۈندى. ئۇ
ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، بىردەم قىمىرلىماي
تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئىتنىڭ كۆزى
ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىرئاز جانلاندى. ئۇ ئەتراپقا
سەپسېلىپ يەرنى قارىسىغا سىيپىلاشقا باشلىدى.
كۆزى غۇۋا ئاقىرىپ تۇرغان بىر پارچە سۆڭەككە
چۈشتى. ئۇ ھوشۇقتەك تۇراتتى ھەم باشقا سۆ-
ڭەكلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئۇنى ئالماقچى بول-
دى. لېكىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىر
تۇرۇپ موماينىڭ ئۆزىنى ئالدىغىنىنى جەزم قىلا-
تتى. بىر تۇرۇپ بالدۇر كېلىپ قالغانلىقىم ئو-

چۈن شۇنداق بولدى، دەپ ئويلايتتى. قاغىقىنىڭ
گۆردىن سوغۇرۇلۇپ چىقىشىغا ئىت بەدەر تىكىـ
ۋەتتى. ئۇ ھوشۇقنى يانچۇقىغا سىلىقۋالدى. قايـ
سى پۇتىنىڭنى ئالغاندىمەن دەپ دەرگۇمان تۇـ
رۇپ قالدى. قايتا كىرىشكە ماجالى قالمىغانىدى.
خىشلارنى كەلسە ـ كەلمەس تىزىپ، توپىنى ئىتـ
تىرىشكە باشلىدى. قانداقلا قىلسۇن ئەسلىدىكىگە
ئوخشىتالمىدى. باشقا يەردىكى قۇرۇق توپىدىن
چاپىنىغا ئۇسۇپ ئەپكىلىپ گۆر ئۈستىگە چاچتى،
يەنە ئوخشىمىدى. ئاخىر ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچـ
تى. ئىت قورقۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا قاچتى. ئاخىر
ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاچتى. بىرپەستىن كېـ
يىن ئىت ئۆزىنى قوغلىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ،
كۆكۈش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قالدى.

قاغىقى شۇ چاپقىنىچە ئۆيىگە كەلدى ۋە سوـ
غۇق سۇدىن راسا ئىچتى، ئىچ ـ باغرىدىكى توپا ـ
تۇمانلار پاتقاقتا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى، بىرـ
دەمدە لايدەك ئېزىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە
قاسىم باينى كۆردى. ئۇ ئېتىكاپ ئالدىدا تۇراتـ
تى. چاپانلىرى يىرتىق، بەدىنىمۇ مايماق كۆرۈـ
نەتتى. جامائەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى.
ئۇ بولسا ھوشۇقى يوق پۇتىنى كۆرسىتىپ جاماـ
ئەتكە رارلىناتتى، قاقشايتتى، ئاقساپ مېڭىپ
قوياتتى. ھاسىسىنى شىلتىپ قوياتتى. جامائەت
غۇڭغۇلداپ سۈرلەرنى تەكشى ئاۋازدا ئوقۇيتتى،
بەزىلەر ياقىسىنى، پېشىنى چىشلەيتتى. ئويۇقـ
نىڭ يېنىدىكى جىن چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى،
ئاۋاز توختىغاندا پېشايۋاندىكى قارلىغاچنىڭ ياكى
باشقا قۇشنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاسىم
باي يەنە ھوشۇقىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. . .

قاغىقى ئويغىنىپ قارىسا، كۈن خېلى ئۆرلەـ
گەنىدى. كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ چۈشىنى ئويلىـ
دى. نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئۇقالماي
ئۇزاق ئولتۇردى. قوينىدا بىر ھوشۇق تۇراتتى.

ئۇ بىر كۈن كەچكىچە يۈرەكزادە بولۇپ يۈرـ
دى. بىردەمدىلا ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا قوقاق چىقىپ
كەتتى. ئۇ قىچىشىۋاتقان قوقاقنى تاتىلىغاچ ئوـ
رۇق ئۆچكىگە قاراپ ئولتۇرىۋەردى. ئورۇقلاپ
كەتكەن ئۆچكە كىچىك بالا يىغلىغاندەك مەرەپ
قوياتتى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتەتتى. نامازشام
بولغاندا ئۆچكە قاتتىق مەرىدى. قاغىقى چۆچۈپ
قارىغانىدى، ئۇ قاسىم بايغا ئوخشاپ قالدى. ياـ
شاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى، بىر تۇتام ساقىلى. . .
قاغىقى بىر ۋارقىراپلا ئۆيىگە قېچىپ كىردى.
سۇبھاناللانى شۇنچە تەكرارلىسىمۇ ئۆچكە مەرەشـ
تىن توختىمىدى. ئاغزىدا دەل شۇ، نەق ئۆزى،
ئۆچكە، دەپ بىر بولۇشىغا توگولۇپ كىرىۋالدى،
ئاخىرى ئۇخلاپمۇ قالدى. چۈشىدە قاسىم باي ئاقـ
ساق پۇتىنى خالايىققا كۆرسىتىپ زارلايتتى، قارـ
غايتتى. بىردە ئۆچكىگە ئايلىنىپ مەسچىتتە چۆرـ
گىلەپ يۈرەتتى، مەرەپ قوياتتى. قاغىقى بولالمىـ
دى. ھويلىدا ئۆچكە مەرەۋاتاتتى. ئۇ ئاستا مېـ
ڭىپ مازارلىققا باردى. گۆر ئوچۇق تۇراتتى.
كۆممەي كەتمىگەندەك ئىدىمغۇ دەپ ئويلىدى.
ئىشنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدى. قوينىدىكى ھوـ
شۇقنى گۆر ئىچىگە تاشلىۋەتتى.

كۈن شۇنداق ئۆتۈۋەردى. قاغىقى ئاچ قالمىـ
دى، لېكىن قىمارنى شۇنىڭدىن كېيىن ئوينىمىـ
دى. ھازىر كېچىچە مامۇت كورۇكنىڭ ئالتۇنلىـ
رىنى ئۇتۇپ چۈشەپ چىقىدىغان بولدى. قاسىم
باي چۈشىدە كۆرۈنمىدى. يۈزىدىكى قوقاقلار بارا ـ
بارا يوقاپ كەتتى. قېرى ئۆچكە ئەمدى قاسىم باي
ئەمەستەك تۇراتتى. ئۇ ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدىن
باشقىلىرىنى تاشلىۋەتتى، مەھەللە ئېغىزىدىكى
كۆل بېشىدا قارتمۇ ئوينىمىدى. كورۇك نەچچە
قېتىم دوغا چاقىرغان بولسىمۇ خەپ، شۇ ھوـ
شۇقنى بىر ئالاي، شۇ چاغدا كارامىتىڭنى بىر
كۆرەي، دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈرۈۋەردى. قوشـ
نىلىرى بۇ قاغىقىغا جىن چاپلاشقاندەك تۇرىدۇ،
ھېچ بولمىغاندا ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، دەپ ئوـ
نىڭغا ئەردىن چىققان يېتىم جۇۋاننى سايە قىلدى،
قاغىقى ئۇنىمىدى. قېرى ئاياللار ئۇھ تارتىپ ھەي
سېنىڭ يېشىڭدا. . . بۇ بالىنىڭ بىرەر كەمتۈك
تەرىپى بارمىدۇ ـ يە! دېيىشىپ ئامالسىز باش
چايقاپ قېلىشىۋېرىشتى. بۇ گەپمۇ ئاستا ـ ئاستا
يۇتتى. بىراق، قاغىقى ئۈستىدە تەڭتۇشلار ئارىـ
سىدا باشقا گەپلەر ئاۋۇپ قالدى. مامۇت كورۇك
بۇ دۆرەم تېخىمۇ يايراپ كەتتى، بىر كۈنى يۈزىـ
دىن ـ يۈزىگە «ئوغۇل بالا دېگەن شۇ يەردىن
كەتكۈزۈپ قويسا. . . ھەي، ھەتتا قىمارمۇ ئويـ
نىيالمايدۇ» دېدى. ئامال يوق. قاغىقى چىداپ يۈـ
رۈۋەردى.

ئۇ بىر كۈنى چۈشتە قوپۇپ ئويلىنىپ قالـ
دى. نېمىشقا مازارلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟
ئۆچكىنى تاشلاپلا شۇ يەرگە بارمايمەنمۇ؟ ئۇ زەيـ
كەشلىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەر ئۈچ ـ تۆت
چاقىرىم كېلەتتى. بۇرۇنلاردا تولا بارىدىغان.
قاغىقى كەڭ سازلىقنى بىر كۆرۈپلا شۇنداق ئازادىـ
لىشىپ قالدى، كۆڭلى بوزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.
كۆڭلىگە ئورنىشىۋالغان توپىلار ئېقىپ چىقىپ

كەتكەندەك بولدى. بىرەر بۇلاقنىڭ كۆزىگە چۈ-
شۈپ كېتىپ قالماي دەپمۇ ئويلىمىدى. ساز سۇ-
يىگە چۆمۈلۈپ قىن - قىنىغا پاتماي ئويناپ كەت-
تى. قاڭقى يەنە يىغلاپ تاشلىدى. بېلىقلار ئۇنىڭ
بەدىنىنى غىدىقلايتتى، سازلىقنىڭ ئەتراپى قو-
مۇش بىلەن قاپلانغانىدى، باشلىرىدا ئېغىر توز-
غاقلار ئىغاڭلاپ تۇراتتى، ئاندا - ساندا غازنىڭ
ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قاڭقى مومايىنىڭ هو-
شۇقىنى ئۇنتۇپ كەتتى، سۇدىن چىقىپ شور يەر-
دە ياتتى. ساپسېرىق بىر قۇش يېقىنلا يەردە قۇي-
رۇقىنى لىكىلدىتىپ تۇراتتى. قاڭقى قوپۇپ ساز
سۇيىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇششاق بېلىقلار تەرەپ -
تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار
ئاستا - ئاستا قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى، لەشلەر-
نىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن لەش-
نى يۇلۇپ قۇرۇق يەرگە ئاتتى. ئاندىن كۆتۈرۈپ
سىلكىدى. باشمالتاقتەك پارقىراق زاغرا بېلىقلار،
بۇدرۇقىنە بېلىقلار يەرگە سەكرەپ چۈشتى.
قاڭقى ئۇلارنى تېرىۋېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى.
يۇمۇلمايدىغان كۆزلىرى، سىيلىق بەدىنى، قۇي-
رۇقلىرى. . . قاڭقى ماڭا سايە قىلىشقىنى مۇشۇ
بېلىقتەك بولسا كاشكى، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ-
نىڭچە ئۇ كۆرگەن ھەم ئېسىدە قالغانلارنىڭ ئىچى-
دە ھەممىدىن چىرايلىقى شۇ بېلىق ئىدى. ئۇ
بېلىقلارنى سۇغا سېلىپ قويدى. بېلىقلار دەسلەپ
تازا ئىشىنەلمەي تۇردى. كېيىن ھايت دېگۈچە
كۆزدىن يوقالدى. ئۇ قايسى بىرلىرىنىڭ قايسى
تەرەپلەرگە كەتكەنلىكىگە ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ
تۇردى. يۈرىكى ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىل-
دى. ئاندىن ئارقىمۇ - ئارقا بىرنەچچە قېتىم يەنە
شۇنداق قىلىپ ئوينىدى. بېلىقلارغا قانغاندەك
ئەمەس ئىدى. قوش چاڭگىلىغا سۇ ئېلىپ بېلىق-
لارنىڭ ئالقىنىنى غىدىقلىشىدىن ئۇزاق، سۇ
سىرغىپ تۆگەپ كەتكۈچە ھۇزۇرلىنىپ تۇردى.

كەچكى شەپەق كۆل يۈزىنى قىزارتىۋەتكەندە
قۇشلارنىڭ ئاۋازى كۆپەيدى. سازلىق ئوتتۇرىسى-
دىكى دۆمبەللەردىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدى-
غان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قاڭقى بىر دۆڭلۈكنىڭ
ئاستىغا كەلدى، دۆڭنىڭ ھەممە يېرىدە ۋىلىقلاپ
كىچىك - كىچىك بۇلاقلار چىقىپ تۇراتتى. ئۇ
بىر بۇلاق كۆزىنى كۆمدى. لېكىن سۇ بىردەمدە
كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، چالما تېپىپ كېلىپ تىقى-
ۋەتتى، لېكىن سۇ بىردەمدە يېنىدىن چىقتى.
ئىشقىلىپ بۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئوينىغان ئو-
يۇن. ئۇ چاغدا مامۇت كورۇك بىلەن بىللە ئوي-
نايتتى. كورۇك ھازىرغۇ ئاينىپ كەتتى. قاڭقى
قورسىقى ئېچىپ كوركىراشقا باشلىغاندا، ئۆيىگە
قايتىپ كەلدى.

قاڭقى يېرىم كېچە بولغاندا ئويغىنىپ كەت-
تى. ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئوي-
لاندى. كۆز ئالدىدا بېلىقلار پەيدا بولمىدى. بۇلا-
قلار بۇلدۇقلاپ تۇرمىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك
تۇرۇپ مازارلىققا قاراپ چاپتى. بىرنەرسە پېشى-
دىن تارتقاندەك بولدى. ئۇ چاقچاقلىشىپ كەتتى.
بىردەمدە ئۆزىمۇ ئۇقماي ئۆزىنى گۆرنىڭ خىشىنى
تارتىۋاتقان ھالدا كۆردى. ئىچكىرىدىن زەي،
سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گۆر ئىچىگە
پۇتىنى چىلاپ چۈشتى. مېيىت ساقلا تۇراتتى. ئۇ
باشقا گۆرنى كولاپ قالغاندىمەنمۇ، دەپ ئەندىشە
قىلدى. كېيىن كېپەنلىكنى ئاستا تارتىپ سالدۇ-
رۇشقا باشلىدى، تۇرۇلۇپ قېلىپ كۈچەپ بىر
تارتتى، تۇيۇقسىز بىر پەشۋا كېلىپ ئېڭىكىگە
تەگدى. ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. قاڭقى ئا-
جايىپ چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپ باراتتى،
چۈشەتتى، چۈشەتتى. زادى تېگى كۆرۈنىدىغان-
دەك ئەمەس ئىدى. ۋاي، دەپ ئىككى قولىنى
شىلتىۋىدى، قولى نەم توپىغا تەگدى، قاڭقى ئۆ-
زىنىڭ قانداقسىگە گۆر ئۈستىگە چىقىپ قالغانلى-
قىغا جاۋاب تاپالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى.
بىرنەرسىنىڭ ئېڭىكىگە تەگكەنلىكى ئېسىدە. ئې-
ڭىكىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاش-
قىرىقى گۆرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ خىشنى ئېگىز -
پەس تىزدى. توپىنى جان - جەھلى بىلەن تارتىپ
چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىچىدە «ئىت موماي، ۋا-
قىت توشمىدى، دەپ تەپكىنىڭمۇ - ھە؟ قېرى
قاغا، مەمەت قاڭقاڭنىڭ ھالىنى بىلمەمتىڭ! سەن
قېرى، ئۆلۈك تۇرۇپمۇ قانداق تەپتىڭ؟!» دەپ سۆز-
لەيتتى. راست، قانداق تەپكەندۇ؟ ئويلا - ئويلا ئۆيىگە
بەدەر قاچتى. ئۆيدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇي-
ماي قالدى. ئاندىن ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيىگە
كىردى. ئۆچكە مەرىۋىدى، يۈرىكى تېخىمۇ سې-
لىپ كەتتى. ئۇ ھارغانىدى. تېزلا ئۇيقۇغا كەت-
تى. چۈشىدە چاچلىرى چۇۋۇق، كېپەنلىرى يىر-
تىق بىر موماي قاڭقىنى سۆرەپ چىقتى. ئەتىسى
ئېڭىكىنىڭ مايماق بولۇپ قالغانلىقىنى ئەينەكتىن
كۆردى.

قاڭقى شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە
مازارلىققا قورقۇپ بارالمىدى، گۇمانلاندى. مو-
مايىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى تېخىمۇ جەزملەش-
تۈردى. لېكىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىدى. قارا قىش-

نىڭ ئۆزۈن كېچىلىرى مازارلىقتا دېلىغۇلدا بو-
لۇپ ئۇزاق - ئۇزاق تۇردى. قېرى ئۆچكىنى
سېتىۋەتتى. ئىت ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىللى-
دىن چىقمايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆز ، يەتكەنى-
دى. ماموت كورۇك بۇلتۇر شەھەر ـە كىرىپ
كەتكەن پېتى قايتىپ چىقمىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنى
ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. بىراق مەھەللە - كويدى-
كىلەر قاڭقىنى ساراڭ دەپ بىلىدىغان بولدى.
بولمىسا مومىسىنىڭ گۆرىنى قازاتتىمۇ؟

ھەش - پەش دېگۈچە قوغۇن پىششىقى بولۇپ
قالدى. ئويلىسا شۇنداق تەسكە چۈشكەن كۈنلەرنى
قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئۆزىمۇ بىرنەرسە دېيەل-
مەيتتى. قوغۇننىڭ باش بۇرنىنى قورقماي ئۈزى
يەۋالدى. بازارغا ھەپتىدىن كېيىن ئەكىرسە قى-
مارغا لايىق ئازراق بىرنەرسە چىقىرىۋالىدۇ. ئۇ
كېچە - كېچىلەپ ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. خىيالى-
غا بېلىققا ئوخشاش چىرايلىق قىزلار كىرىپ تۇ-
راتتى. لېكىن ئۇلار كۆپرەك جىنغا ئوخشايتتى.
پاشا غىڭشىپ ئۇخلاتمايتتى. ئەتراپنى پاقا، چې-
كەتكىنىڭ ئاۋازى بىر ئالغانىدى، غۇر - غۇر
شامال زەيكەشنىڭ، قوغۇن پېلەكلىرىنىڭ پۇرى-
قىنى ئېلىپ كېلەتتى. قاڭقى كۆزى ئەمدىلا ئۇيۇ-
قۇغا بېرىپلا ئويغىنىپ كەتتى. بىرى ئۇنى تۇرتى-
كەندەك قىلغانىدى. خېلى ئويلاپ كۆردى. ۋا-
قىتنى تەپسىلىي ھېسابلىدى. ئاندىن مازارلىققا
ئۇچقاندەك باردى، كولىدى، بەك چوڭقۇر كولى-
دى. بۇ قېتىم ئازمىدى. تېگىگە يەتكىلى بولماي-
دىغاندەك تۇراتتى. ئاخىرى قانچىلىك ۋاقىت ئۆت-
تىكىن، گۆر ئېچىلدى. قاڭقى ھوشۇقنى ئالغىچە
يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمىسىلا بولاتتى، دەپ ئويلى-
دى. بۇ قېرى موماي يەنە بىرەر توزاق قۇرۇپ
ئولتۇرغان بولمىسۇن، ئاۋايلاش كېرەك. ئېڭى-
كىمگە تەپكەن قېرى. . . ياكى ئۇرغاندۇر. سەت
ئالىجۇقا، ياق، توۋا، پەرىشتىدەك قېرىغان مو-
مام، ئېسىل مېھرىبان چوڭئانام ئىدى. كۆيۈم-
چان، بېلىقتەك مومام. ئۇ گۆرنىڭ ئىچىگە كىر-
دى، ئىسكىلىت تېرىلىپ تۇراتتى. مېيىتنىڭ
سول تەرىپىنى تەستە پەرق قىلدى. ھوشۇق پار-
قىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئۇ ئالدى، قوللىرى
كۆيۈپ كەتكەندەك بولدى. سۆڭەكلەر تېرىلىپ
كەتتى، ئاھ، مومامنىڭ ھوشۇقى، سېنى بىر
يىل كۈتتۇم، مازار چاشقىنىدەك ھەممە يەرنى
كولاپ بولدۇم، خۇددى ئىتتەك. قاڭقى ھوشۇق-
نى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى. يۈرىكىگە تاڭ-
دى، ئاندىن گۆردىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى، چى-
قىپلا يېتىپ قالدى. كۆڭلى كەتكەندەك بولدى.
ئاھ، خۇدا، قوغۇنۇمنى تېرىسام بولمامتى، بېلى-
قىمنى، بۇلىقىمنى ئوينىسام بولمامتى. ماڭا قاي-
سى كۈنلەرنى كۆرسىتەر ئەمدى بۇ ھوشۇق، مې-
نى راستتىنلا مۇرادىمغا يەتكۈزەرمۇ؟ !

ئاۋات شەھەرنىڭ كوچىسىدا قاڭقى تېنەپ -
تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇ خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى،
ماگىزىنلارغا كىردى، چىقتى. ماگىزىن ئەينىكى-
گە قارىسا ئۆزىنىڭ شۇ يىرگىنچلىك بەتبەشىرى-
سى، مايماق ئېڭىكى، قارا ئورۇق يۈزى. . .
بۇلار ھوشۇققا تولىگەن بەدەل. ئۇ ئاخىرى نېمىگە
ئېرىشەر؟ قاڭقى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قانداق-
لىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ
مەتۇدەك دوقۇرۇپ يۈرۈۋەردى. بىر چاغدا بىرى
دولىسىغا قاقتى. قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. قارىسا
بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قو-
لىغا بىر سومكىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە سومكىنى
قالايمىقان تاشلاپ قويماڭ، بىكار يۈتۈپ كېتىدۇ،
دەپ كېتىپ قالدى. قاڭقى ئاغزىنى ئۆمەللەپ
بولغۇچە ئۇ ئادەم كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ
داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

قاڭقى ھوشۇقنى ئېلىپلا بۇ يانغا ماڭغانىدى.
ئۇ ھېچنەرسىنى ئويلىيالماي، پەقەت شەھەرگە
بارساملا بولدى، دەپ كېچىلەپ ماڭغانىدى. ھا-
زىر نېمە قىلارىنى ئۇقماي تۇرۇپ قالدى. سومكا
خېلى ئېغىر تۇراتتى. مۇنداق چىرايلىق سومكى-
نى ئۇ بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، ئېچىپ
قاراپ بېقىشقا پېتىنالمىدى. تەستە مېڭىپ كو-
چىغا چىقتى. نەگىلا قارىسا مىغىلداپ تۇرغان
ئادەم، قاراپ باقايچۇ دەپ خىلۋەترەك بىر يەرنى
تەستە تاپتى. سومكىنى يەرگە قويدى. لېكىن
ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ توختاپ قالدى. بىر ئايال
مېڭىپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىملىق قارىدى.
بېلىققا ئوخشىمىسىمۇ بەك پۇزۇر ئايال ئىكەن
دەپ ئويلىدى ئۇ، يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى. كۆ-
زىنى ئېلىپ قاچىسىمۇ ئايال ئۇدۇل كېلىۋەردى.
قاڭقىغا سالام قىلدى. قاڭقىمۇ سالام قايتۇردى.
ئاغزىنى تەستە مىدىرلىتىپ «سومكا سىلىنىڭمۇ؟
» دېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئايال:

— سەھرادىن كەللىمۇ؟— دەپ سوراپ قال-
دى.

— ھەئە، بۇ. . .— دەپ قاڭقى تۇرۇپ قال-
دى.

— بۇرۇن كېلىپ باققانمۇ؟

— ياق، كەلمىگەن، تەلەي سىناي دەپ بىر

كەلدىم. راست، مامۇت كورۇك، بىز دوست ئىدۇق. شۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

— كىم؟ مامۇت ئىسىملىك ئادەم تولا، كورۇك دېگەن ئادەمنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

— زەيكەشتىن كەلگىلى بىر يىل بولمىدى. ئېگىز، قاڭشارلىق ئادەم.

— ھە، راست مامۇت ھاجىم. قويسىلا يىگىتچاق. مەن ئۇنى بۇرۇن ياخشى كۆتكەنىدىم. ھازىر مەندىن چاندى. نېمە، بىرەر مەدىكارچىلىقى بولسا قىلىپ بېرەي دەپ كەلگەنمۇ؟ يا باشقا ئىشقىمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينىغىلى كەلدىم.

ئۇ ئايال بىردەم قاراپ قالدى. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغاندەك تۇرۇپ كەتتى. قاڭقى بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا مۇنداق يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇنداق بىمالال تۇتۇۋاتقانلىقىغا ھەۋىسى كەلدى.

— نېمە ھۈنەر قىلىدىلا؟

— ھۈنىرىم يوق. قىمار ئوينايمەن، — دېدى قاڭقى. شۇتاپ ئۇ سومكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەيدىكەنلا. لېكىن بۇ تۇرقىلىرى بىلەن شەھەردە ھېچ ئىشنى بىر باشقا چىقىرالمايلا. بەك تەس. ناۋادا خالىسام بىر ئاي ئىچىدە بۇ شەھەردىكى ھەرقانداق ئادەمدىن قېلىشمىغۇدەك پەيزى يىگىت قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

— نېمە شەرت بىلەن؟ — دېدى قاڭقى ئېگەكىنىڭ ئوڭلىنىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەي.

— سومكىدا نېمە بارلىقىنى بىلەمدىلا؟ — دەپ سوراپ قالدى ئايال.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى قاڭقى.

— ئۇنداقتا بىلمەيلا قويسىلا. ئۇ سومكىنىڭ سىلىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. مەن بىر كۈن پېيىدا يۈردۈم. قىزىق، كېيىن سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنى بەرسىلە، باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، — دېدى.

قاڭقىنىڭمۇ مۇنداق يۈرۈۋەرگۈسى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرۈكنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

قاڭقى يېڭى كىيىملەرنى كىيدى. ھېلىقى ئايال تاماق ئېتىپ بېرەتتى، كېچىچە ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ چىقاتتى، مۇنچىغا چۈشۈرەتتى. تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرەتتى. مېڭىش-تۇرۇشنى ئۆگىتەتتى.

ئىشقىلىپ قاڭقىغا ئۆزىنىڭ ئەمدىلەتىن ئايىغى چىقىۋاتقاندەك بىلىندى. كۆپ ئۆتمەي تېرىلىرى يۇمشاپ، رەڭگىمۇ ئاقىرىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۈندۈزى راسا ئۇخلايتتى. كېچىچە بەك ھېرىپ كېتەتتى، ئايالنىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئەركىلەشلىرى ئۇنىڭ ھالىنى قويمايتتى. تاماقلار شۇنداق مەززىلىك ئىدى. يوتقانلار، ئولتۇرىدىغان يەرلەر... ئىشقىلىپ قاڭقى مەمەت چەكسىز ھوزۇر ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. سومكىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتى. مومايغا بىرنەچچە قېتىم دۇئا قىلدى. چوقۇم مازىرىنىڭ قېشىغا مەسچىت سالدۇرىمەن، دەپ ئۆزىگە قەسەم بېرەتتى. كېيىنرەك مازارلىقنىڭ بەك يىراق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، مەسچىت سالدۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، شۇنداق تۇرۇۋەرگەن تۈزۈك، ياق، بىر گۈمبەز سالدۇراي، كۆرۈك ھاجىم بولغاندەك مەنمۇ ھاجىم بولۇپ قالسام مومايىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى بولسا، مېنىڭ ئىناۋىتىمگىمۇ پايدىسى بار دېگەنلەرنى خىيال قىلدى. ئاخىرىدا، مومام بۇ ئايالنىمۇ ئاتايىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمۇ-يە؟ دەپ چوكاننىڭ كۆزىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. لېكىن مەنىلىك قاراش ۋە جىلۋىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمىدى. نېمىدېگەن راھەت، ھوزۇر، جەننەتمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا سىرلىقلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بېلىقمۇ ئۇ ئايالدەك سىلىق ئەمەس دېگەن يەرگە كەلدى.

ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قاڭقىنىڭ بۇ يەردىن زادى كەتكۈسى يوقتەك ئىدى. بىر كۈنى قاڭقى مەمەت ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئايال نوقۇپ ئويغىتىپ قالدى. ئاندىن بازارغا چىقىمىز، دەپ يېڭىلا ئېلىپ كىرگەن كاستۇم-شىمنى كىيگۈزدى. قولىدىن يېتىلەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. قاڭقى سىرتقا چىقىپ، كۆزىنى ئاچالمايلا قالدى. ئۇنىڭ پەقەت چىققۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا خۇددى جەننەت ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئەمدى قايتا كىرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكى ئاغاتتى. قاڭقى مەمەت گاراڭلىقتا قايسى ئۆيدىن، قايسى كوچىدىن، قانداق بازارغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئۇقالمىدى. بىر يەرگە كەلگەندە ئايال «ھەي سەھرالىق، ئەمدى ئۆزۈڭ مېڭىپ باق!» دەپلا غايىب بولدى. قاڭقى يۈرىكىنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كېتىشىدىن ئۆزىنى ئاران ساقلاپ قالالىدى، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى. قاڭقى ماگىزىن ئەينىكىدىن ئۆزىنى قايتا كۆرگەندە ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئايالدىن مىڭ

مەرتە رازى بولدى. ئۇنى سېغىندى. ئۇنى پەرىش-
تە، دەپ ئاتىدى. كوچىلاردا خېلى ئازادە مېڭىپ
يۈردى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىدىن
مەغرۇرلاندى. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىمۇ
ئۇقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆپ ئەپسۇسلاندى. ئۇ-
نىڭ قېشىغا كەچتە كەتكۇسى كەلدى. بىراق نى-
شاننى پەرق قىلالمىدى. بۇلار خۇددى خىيالدەك،
ياكى بىرى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتەك تۇراتتى.
ئۇ بىرنەچچە كۈن لاغايلاپ كۈن كەچۈردى.
بىر كۈنى توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ
قالدى. ئەتراپنى ئورىغان ئادەم بەك جىق ئىدى.
قاڭقى قىزىقىپ قىستاپ ئالدىغا بېرىپ قالدى.
ئوتتۇرىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك خوراز بىر ـ
بىرىنى قان قىلىپ سوقۇشۇۋېتىپتۇ. بىرى: «دو
چىقىدىغان بارمۇ!» دەپ قاڭقىنىڭ كۆزىگە قارى-
دى. قاڭقى تەمتىرەپ قالدى. تەۋەككۈل قىلىپ
نەچچە دىسە شۇنچىگە دو چىقتى. قاڭقى كىچىكىگە
تۇردى. ئۇ بايۋەچچە چوڭىغا تۇردى. ئەتراپتىكى-
لەر قاڭقىنىڭ ئەخمەقلىقىغا قاراپ ئۇنى كالۋا،
دەپ قويدى. ئىككى خوراز راسا سوقۇشۇشقا باش-
لىدى. كۆپ ئۆتمەي چوڭ خوراز سەل ھېرىۋۇ-
دى، كىچىكى تويۇقسىز ئارقا ـ ئارقىدىن سەك-
رەپ ئىككىنى تەپتى. چوڭى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ
قوپالمىدى. تىپىرلاپ يېتىۋەردى. كىشىلەر قاڭ-
قىنىڭ مۇنداق ئالدىن بىلەرلىكىدىن ھەيرانۇ ـ
ھەس بولۇشتى. ئۇنى ئىنتايىن تەجرىبىلىك قى-
مارۋاز، دەپ ماختاشتى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى.
كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى كۆپىيىپ كەت-
تى. ئۆزىمۇ خېلى پۇل توپلىۋالدى، لېكىن ھې-
لىقى ئايال ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ ئۆيمۇ سېتىۋال-
دى، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر كىچىك
دۇكانمۇ ئېچىۋالدى. شۇنداق قىلىپ قاڭقى بەزى-
دە ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك،
بۇرۇنقى كۈنلىرىنى تېخى ئاخشام چۈشىگەن چۈ-
شىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.
كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى. قاڭقى بىر كۈ-
نى دۇكاندا ئولتۇرسا بىرى كېلىپ كۆرۈشتى.
زەن قويۇپ قاراپ ئالدىدا مامۇت كورۇكنىڭ تۇر-
غانلىقىنى كۆردى. تەرلەپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ
ئۆزىنى تونۇمىغىنىغا ھەيران قالدى. ئۇلار بىر-
دەم سودا ـ تىجارەت توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ئا-
خىرى قاڭقى مېنىڭ ئىسمىم قاڭقى مەمەت، زەي-
كەشلىك دېگەندە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
لائىلاھە. . . دەپ ياقىسىنى چىشلەپ، ئارقىسىغا
قارىماي، بەدەر كېتىپ قالدى. قاڭقى ھەي، مې-
نىڭ نامىمنى ئاڭلاپ بىر ئويناپ باقاي دەپ كەپ-
تىكەن ئەمەسمۇ، ھەي، چاتاق قىپتىمەن ئەمەس-
مۇ، دەپ ئەپسۇسلاندى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي
كورۇك يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ شۇنداق دوستانە
ئىدى. تېخى قاڭقى دەپمۇ قويدى. قاڭقىمۇ ئۇنى
كورۇك دەپ قويدى، لېكىن ئىككىلىسى ئەتراپىغا
قاراپ قويۇشتى. قاڭقى كورۇكنىڭ چىرايىنىڭ
تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئولتۇرۇپ چاي
ئىچىپ پاراڭلاشتى. مەھەللە ـ كويلاردىكى دوست-
لىرىنى سورىدى. ئاخىرى گەپ تاپالماي بىر ـ
بىرىگە قاراپ قېلىشتى. مامۇت كورۇك مەن سې-
نى كۈتۈۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئۆيىگە باشلاپ
تۇرۇۋالدى، قاڭقى تۇرۇت قىلدى، ئۇنىمىدى،
كورۇكمۇ قويۇۋەتمىدى. كوچا ئايلىنىپ خېلى
ئۇزۇندا بىر ئۆيگە كېلىشتى. كورۇك ئىشىكنى
بىر خىل رىتىمدا خېلى قاقتى. ئىشىكنى بىر
موماي چىقىپ ئاچتى. ئۆي ئىچى ئاجايىپ ھەي-
ۋەت، سالقىن، ئازادە، ئۆزىگە لايىقلىقى بار ئى-
كەن. گۈل نەقىشلىك تام ـ تورۇسلار، ئېسىل
ئۆي جابدۇقلىرى. . . ھەي، دەپ قالدى قاڭقى
كۆڭلىدە: «شۇ كورۇك ئەجەب بېيىپ كېتىپتۇ،
كونا ھۈنەرنى تاشلىغان ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلى-
دى، ئىچىدە يەنە خەپلەشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. كو-
رۇك ئايالىنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. قاڭقىنىڭ
بىر قاراپلا يۈرەكلىرى پۇلاڭشىپ كەتتى. تولغان
ساغرىلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالدى. كو-
رۇك بولسا پەخىرلەنگەندەك تۇراتتى ۋە «ھە،
مەزەگە باقىلى» دەپ توختىماي تەكلىپ قىلاتتى.
گەپ ئارىلىقىدا مامۇت ئۇنىڭدىن شەھەرگە قانداق-
سىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋەردى.
قاڭقى: «ئالتۇن مەندىلا بار دەپ ئويلىما، جۇمۇ»
دەپلا قويدى.
ئۇلار شۇنداق يېقىن ئۆتۈۋەردى، قاڭقى ئۇ-
نىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ يۈرۈۋەردى. ئاخى-
رى كورۇكنىڭ ئاغزى قېچىشتى. بىر كۈنى ئۇنى
ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن ئى-
چىمىز پۇشۇۋاتىدۇ دەپ قارتا ئەكەلدى، بىكارلىق
ئويناشتى. مەززىسى يوق ئىكەن، دەپ ئازراقتىن
پۇل تىكىشتى. بارا ـ بارا كۆپەيتتى. كورۇك شۇ
كېچىسىلا قاڭقىغا نۇرغۇن ئۇتتۇرۇۋەتتى. قاڭقى
بەك تەستە مومايىنى مىڭنى تىللاپ يۈرۈپ ئاران
بىر قېتىم ئۇتتۇرۇپ بەردى. كورۇك كۆزىگە
ئىشەنمەي قالدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خى-
رىسمۇ قىلدى. بىراق ئاقمىدى.
كېيىن ئۇلار خېلى كۈنلەرگىچە بىر ـ بىرى-
نى ئىزدەشمىدى. ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلىغا كورۇك-

ىنىڭ ئىچى ئېچىشتى. ئاخىرى يەنە ئۆزى كېلىپ
تەكلىپ قىلدى. قاڭقى ئوينىمىدى. كۇرۇك ئۇ-
نىمىغانغا قويمىدى. ئۇلار ئاز - پاز ئويناپ قو-
يۇشتى. قايتىدىن يېقىن دوست بولۇپ قالدى.
قاڭقى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىمالال كىرىپ چىقىپ
تۇراتتى. بىر قېتىم كۇرۇكنىڭ ئايالى ناز بىلەن
قېشىدىن ئۆتكەندە قاڭقى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋال-
دى. ئۇنى كۆرسە يۇرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتەت-
تى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدى.
پەيت كۈتتى، ئامال بولمىدى، نەپسى تاقىلداپ
كەتتى، ئىشىق ئۇنى قىيناپ هالىنى قويمىدى.
بىر كۈنى قاڭقى مەمەت چوتاچىلىرىنى ئە-
گەشتۇرۇپ كۇرۇكنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇمۇ نېمە-
گە كېلىشكەنلىكلىرىنى بىلىپ، چوتاچىلىرىنى
ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۇردى. ئالدىدا قورساقنى
ياخشى تويغۇزۇشتى. كېيىن ئايرىم ئۆيگە كىرىپ
ئويۇننى باشلاشتى. بۇ دۆرەم هوشۇقتا ئويناشتى.
دەسلەپىن تارتىپلا كۇرۇك ئۇتتۇرۇۋەردى. پۇل-
لىرىنى تىكىپ بولدى. ئاغىنە دەپ قاڭقىدىن
قەرز ئالدى. يەنە ئۇتتۇردى. هوشۇق ئاتسىلا
چۇ، ياكى ئالاچۇ چۈشەتتى. قىماردا بۇرۇن خېلى
نامى چىققان بۇ كۇرۇكنىڭ نېمە ئىش بولۇۋاتقان-
لىقىنى بىلەلمەي بېشى قاپاق بولۇپ كەتتى. ساڭا
باش ئىگەمدىمەن قاڭقى تاز، دەپ دو چىقىۋەردى.
تاڭغا يېقىن ئۆيىنىمۇ باهالىتىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن-
لىكىنى، ئاران تەستە ئېسىگە ئالالىدى. قاڭقى
يۇرىكى توختاپ قالغاندەك سالقىن ئوينايتتى، ئۇ-
نىڭ ئۇششۇقلۇقلىرىغا پىسەنت قىلمايتتى. ئۆي
خېتى ۋە كۇرۇكنىڭ هۆججىتى قاڭقىنىڭ قويند-
دىن چىقىپ تۇراتتى. كۇرۇك تەن بەرمەي يەنە
ئوغۇلبالىچىلىق، دەپ ۋارقىراپ قوياتتى، ئاۋازى
شۇنچە زەئىپ ئىدى. ئۇ قاڭقىدا نېمە كارامەت
بارلىقىنى زادىلا ئۇقالماي قالدى. ئاخىر ئۆزىنى
كاچاتلاپ يىقىلدى، يالۋۇردى. بىر يۇرتلۇقمىز،
كىچىكىمىزدىن بىرگە ئۆسكەن، دوستلۇقىمىز-
نىڭ يۈزىنى قىل، دېدى. قاڭقى گەپ قىلماي
تۇرۇۋەردى. ئۇ ئاخىرى: «هەي دەيۈز كاپىر!
كۆڭلۈڭدىكىدەك بولسۇن. خوتۇنۇمنى تىكتىم»
دەپ ۋارقىرىدى - يۇ، سولىشىپ سۆزىنىڭ ئاخى-
رى پەسلەپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ بازبازچىلى-
رى گىۋاھ بولدى. قاڭقى مەمەت ئۇتقان پۇل،
ئۆي - جاينىڭ هەممىسى بىلەن كۇرۇكنىڭ خوتۇ-
نىغا دو چىقىدىغان بولدى. كۇرۇك ئۇتسا هەممى-
گە، خوتۇنىغىمۇ ئىگە بولىدىغان بولدى. كۇرۇك
تەرلەپ تەپچىرەپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى،
چىقىپ تەرەت ئېلىپ بىر ۋاق نەپىمە ناماز ئوقۇ-
دى، سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە هۈرۈپ تۇردى.
قاڭقى ئىچىدە: «هۆرى مومام بېلىقتەك مومام. . .»
دەپ پىچىرلايتتى. ئاخىرى باشقىلارنىڭ دەۋتى
بىلەن كۇرۇك تەستە جەينامازدىن قوپتى. بىر
يەرگە كېلىشتى. كۇرۇك يا شاهى مەردان دەپ
هوشۇقنى ئاتتى - دە، دەرهال بوزۇۋەتتى. ئۇش-
شۇقلۇق قىلىپ قولۇم تىترەپ كېتىپ چۈشۈپ
كەتتى، دەپ تورۇۋالدى، كۆپ تالاشتى، قاڭقى
بوپتۇ، دەپ يول قويدى. قاراپ تۇرغانلار قاڭقى-
نىڭ مەردلىكىدىن هەيران قېلىپ باركاللا ئېيت-
تىشتى. كۇرۇك هوشۇقتا سۈرە ئوقۇپ هۈررۈ-
ۋەردى، باشقىلار يەنە ئالدىراتتى. ئاخىرى ئاتتى - دە،
ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. كۆرۈپ تۇرغان چو-
تاچىلار قېتىپ قالدى. بىرى كۇرۇككە سۇ چې-
چىپ تۇردى.
قاڭقى كەلگەنلەرگە چوتانى ئايىماي بەردى.
كۇرۇكنىڭ ئادەملىرىنىمۇ كەڭ قوللۇق بىلەن را-
زى قىلدى. كۇرۇك هوشىغا كېلىپ مىڭ تەستە
خوتۇنىنى تالاق قىلدى. خوتۇنىنى چاقىرتىپ ئۇ-
نىڭغا بولغان مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلىپ، بىر
كۇپلېت بېيىت ئوقۇدى:

ئەي دىلرەبا ئۆلەرمەنمۇ ئوتۇڭدا كۆيۈپ،
دوزاختىمۇ يۇرمەس ئىدىم مۇنچىلا كۆيۈپ.

ئاخىرىنى چۈشۈرەلمەي ياقىسىنى پارە - پارە
قىلىپ قار - يامغۇر يىغلاپ كەتتى. شېرىكلىرى
ئوغۇل بالىچىلىق، دەپ ئۇنى تەستە يۆلەپ ئېلىپ
چىقىپ كەتتى. قاڭقى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خو-
تۇنىنىڭ خانىسىغا ئېتىلدى. باشقىلار هاي، شەي-
تانغا هاي بەرسىلە، نامەهرەم، دەپ ئۇنى تەستە
تۇتۇۋالدى.
قاڭقى مەمەت ئۈچ ئاينى شۇنداق تەستە،
كۈن ساناپ ئۆتكۈزدى. شۇ خوتۇنىنىڭ ۋىسالىدا
كۆيۈپ هالسىزلاندى. ئاخىرى ۋاقتىمۇ توشۇپ،
تۆت ئادەمنى گۇۋاھ قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە نىكاھ
قىلدۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن
ئۆتكەن كۈنلىرىنى بېهىشتىكى كۈنلەر، دەپ ئا-
تايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن مەست
خاراموش بولۇپ يېتىۋەردى. ئۇ بەڭنى تەڭ چې-
كىپ بېرەتتى. چوتاچىلىرى قاڭقىنى ئىزدەپ
كېلىپ قىمارغا قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ كۈندۈزى
خۇشيا اقسا دۇكان ئاچاتتى، بولمىسا ئۆيدە خوتۇ-
نىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۇخلايتتى،
ياكى ئۇنى چىمداپ ۋارقىرىشىدىن هۇزۇر ئالات-
تى. يىلمۇ ئۆرۈلدى، خوتۇنى ئېغىر ئاياغ بول-
دى. قاڭقىنىڭ ئىشقى هەسسىلەپ ئېشىپ باراتت-
تى. ئۇنىڭ نېمە گېپى بولسا ئاڭلايتتى، هەرقان-
داق تەلىپىنى ئىجاۋەت قىلاتتى. لېكىن دائىم:
«كىمنىڭ بالىسىدۇ! مېنىڭمۇ! ياكى كۇرۇكنىڭ
ياكى ئۈچ ئاي ئىچىدە. . .» دەپ ئۇزاق ئويلىنات-

تى. يۈرەكلىرى پۇچىلىناتتى. سوراپ بېقىشقا ئاغزى كۆيەتتى. بەزىدە شۇ چاغلاردا نەدە بولغىيدىتىڭ؟ دەپ قايتا - قايتا سوراپ قوياتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ قىماردا مۇنداق تەلەيى كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. قاڭقى گەپنى ئېلىپ قېچىپ نەچچە قېتىم جاۋاب بەرمىدى. ئايال دۇتارنى شۇنداق مۇڭلۇق چالاتتىكى، تارىلار تىلى باردەك سايراپ كېتەتتى. قاڭقى كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەتلىك هايات كەچۈرۈۋاتاتتى، شۇ شېرىن كېچىلەرنىڭ تاڭغا ئۇلاشقانلىقىنى كۆرگەندە ئەپسۇسلىنىپ كېتەتتى. ئايالنىڭ قۇچىقىدىن چۈشكۈسى كەلمەيتتى. ئۇ كىچىكىدىن كەتمەن چېپىپ جاپالىق ياشاپ كۆنگىنىگە قارىماي مۇنداق راهەت تۇرمۇشقا بەك ئىجىل بولۇپ كەتتى. شۇ هوشۇقى قولتۇقىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. پات - پات خوتۇنىنىڭ بىر يەرلىرىگە پېتىپ، ئۇنى چىرقىرىتىپ سالاتتى. بىر قېتىم بۇ هوشۇق خوتۇنىنىڭ كۆكرىكىگە پېتىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر چىرقىراپ: «هەي مەمەت بۇ نېمىنىڭ هوشۇقى؟ يا بۆرىنىڭ هوشۇقىغا ئوخشىمايدۇ، چوشقىنىڭمۇ، ئىتنىڭمۇ» دەپ سورىدى. قاڭقى دەسلەپ تەرلەپ كەتتى. تەڭ قىسىلىقتا قالدى.

كېيىن: «سورىمايلا قويساڭ بولاتتى. بۇ بىر قېرى چوشقىنىڭ هوشۇقى، بىراق ئامەتنىڭ هەممىسى مۇشۇنىڭدا. بۇ بولسا هەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دېدى. خوتۇنى بىرهازا ئاغزىنى ئېچىپ هەيران بولۇپ تۇردى. كېيىن چوشقىنىڭ دەپ يىرگەنگەندەك بولدى، تەتۈر قارىۋالدى، ئاندىن ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئۇنى قۇچاقلاپ «مەمەتىم، گۆهىرىم» دېگىنىچە سۆيۈپ كەتتى.

يىل ئۆتۈپ كەتتى. قوغۇن پىشىشقا باشلىغان بىر كۈنى تالادا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قاڭقى مەمەت يېرىم كېچىدە مەستلىكتىن تەستە يېشىلدى. خوتۇنى تۇغقىلى كەتكەچكە ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. قارىسا گىلەمنىڭ بىرمۇنچە يېرىگە قۇسۇۋېتىپتۇ. قوپۇپ سوغۇق سۇدىن راسا ئىچكەنىدى، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتتى، تالادا يامغۇرنىڭ تال بارىڭىغا شارىلداپ قۇيۇلۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېشى گاراڭ، هېچنەرسە كاللىسىغا كىرمەيتتى. بىر چاغدا هويلىدا شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بىرهازا دىققەت قىلىپ بىرىنىڭ هويلىدا پاتقاق كېچىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيدى، كاللىسى سەل سەگەكلەشتى، زېهنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ ئۇزاق ئويلاندى. كىممۇ بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندۇ؟ ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ - يا؟ بىردەمدىن كېيىن هەر بىر ئىشىكنى ئىتتىرىپ باققان ئاۋاز كەلدى. بەزى ئىشىكلەر قېقىلدى بولغاي، قەدەم تاۋۇشىدىن كەلگۈچىنىڭ هارغىن ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بەزى ئىشىكلەر غىچ قىلىپ ئېچىلىپ يەنە يېپىلىپ قالاتتى، قەدەم ئاۋازى رىتىمسىزدەك قىلاتتى. خوتۇنى قايتىپ كەلدىمىكىن دېسە بۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا قەدەم تاۋۇشى يىراقلاپ كەتتى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئاۋاز يەنە يېقىنلاپ كەلدى. قاڭقى تۇرغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شىپپىدە يوقاپ كەتتى. قاڭقى مەمەت يۈرىكىنىڭ دەهشەتلىك سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىردەم توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلاتتى. مەستلىكى ئاللىقاياقلارغا يوقاپ كەتتى. ئىشىك ئىتتىرىلدى، ئېچىلمىدى. قاڭقى خىرقىراپ: «كىم؟!» دەپ توۋلىدى. ئىشىك ئىتتىرگەن ئاۋاز يوقاپ كەتتى. جاۋابمۇ بولمىدى. ئارىدىن شۇنداق ئېغىر بىر مىنۇت ئۆتتى. ئىتتىرگەن ئاۋاز قايتا ئاڭلاندى. ئاخىرى ئىشىك ئىلگىكى ئۆزلۈكىدىن شاراقشىپ چۈشۈپ كەتتى، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى. تالادىن سوغۇق شامال ئارىلاش يامغۇر پۇرىقى ئۇسسۇپ كىردى. بوسۇغىدىن پەرەنجىگە ئورىلىۋالغان بىرى ئوڭ پۇتىدا ئاتلاپ كىردى. ئۇنىڭ تۇرقى بەك سەت ئىدى. قاڭقى داجىپ تامغا چاپلىشىپ قالدى. كىرگەن كىشىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى بىلىپ بولمايتتى، بىر پۇتى تېخى تالادا ئىدى. قاڭقى ئۇ كىشىنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ دۈمچەك تۇرقى تونۇشتەكلا قىلاتتى. قاڭقى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ بىردە ئەرۋاهقا ئوخشىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇچىسىدىن يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چىراغ يېپىنى تەستە تاپتى ۋە چىراغنى ئىتتىك يېقىۋەتتى. ئالدىدا ئاق كىيىمى تىتىلىپ كەتكەن هەم پاتقاقتا مىلىنىپ كەتكەن بىرى تۇراتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى توگۇلۇكلۇك ئىدى. هوشۇقىنىڭ پەس تەرىپى ساڭگىلاقلىق، بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇراتتى. قاڭقى مومىسىنى بىردىنلا تونۇدى، ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاۋازى چىقماي قالدى. موماي ئاقساقلاپ، زورۇقۇپ قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. چىرايى بەك مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئاغزىنى ئۆمەللىدى. «هەي، دەيۈز هارامى، ئەهدىڭگە ۋاپا قىلغىنىڭ، مېنى ئۇنتۇمىغىنىڭ قېنى؟! هوشۇقۇمنى قايتۇرۇپ بەر!» دېدى. قاڭقى مەمەتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى، بىرنېمە دېيىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. قولتۇقىدىن بىرنەرسە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. هاسا پىرقىراپ كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى...

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 4 - سانىدىن).

# لاۋرېنس ئەدەبىي خاتىرىلىرىدىن



ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: لاۋرېنس كىتابخانىلىرىمىز نەزەرىدە شائىر، يازغۇچى سۈپىتىدىلا ئانچە - مۇنچە تونۇشلۇق. ئەمما، ئۇ ھاياتىدا پروزا، شېئىرىيەت ۋە رەسسىم ساھەسىدە ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل ئۇسلۇب ياراتقىنىدەك، جىنسىيەت، گۈزەللىك، ھايات - مامات، ئۆزلۈك، دىن، ئەخلاق، سەنئەت قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن ئېسىل ئەدەبىي خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئەدەبىي خاتىرىلەر ئۇنىڭ رومان، شېئىر، رەسىملىرىدىنمۇ ئۆتە ئاپتورنىڭ ئۆز - ئۆزىنى، قەلب - باغرىنى ئەڭ ئازادە، ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ مۇپەسسەل ئىپادە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشىنىشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

بىز بۇ يەردە تاللاپ تونۇشتۇرغان ئەدەبىي خاتىرىلەر ئاپتورنىڭ ھەرقايسى دەۋر ۋە ھەرقايسى شەكىلدە يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي خاتىرىلىرىدۇر. بۇ ئەدەبىي خاتىرىلەر گەرچە ئاپتورنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيەۋى سىستېمىسى ۋە ياكى ئېستېتىك سىستېمىسى مۇكەممەل ئىزھارلاپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق)، جىنسىيەت، گۈزەللىك، ھايات، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆزلۈك، بىۋاسىتە سېزىم («قان ئېڭى» ياكى «قان پەلسەپىسى»)، ئادەم بىلەن ئۆز - ئۆزى، مەدەنىيەت بىلەن ئادەمدىكى ئەسلى تەبىئەت (تەبىئىي ئىقتىدار) قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى ئۆزىگە خاس چۈشەنچىلىرىنى ئەڭ دادىل ۋە ئەڭ ئوبرازلىق شەرھىيلەپ بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندە بىز، ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ھەمدە نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى بولغان ئەدەبىي خاتىرە ژانىرىغا بولغان تونۇشىمىزنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا مۇئەييەن پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن نىيەتتە كىتابخانلىرىمىز ھوزۇرىغا بىرنەچچە پارچە ئەدەبىي خاتىرىسىنى سۇندۇق.

## جىنسىيەت ۋە گۈزەللىك

ئەپسۇسلىنارلىقى، جىنسىيەت كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە شۇقەدەر سەت سۆزكى، ئۇنىڭ سەتلىكىنى بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ئۇنداقتا، جىنسىيەت زادى نېمە؟ بىز بۇ ھەقتە قانچىكى ئويلانغانچە شۇنچىكى چۈشىنەلمەي كېتىمىز.

ئىلمىي ئاتالغۇ بويىچە بولغاندا، جىنسىيەت بىرخىل تەبىئىي ئىقتىدار. بىراق، تەبىئىي ئىقتىدار دېگەن نېمە؟ ناھايىتى ئېنىقكى، تەبىئىي ئىقتىدار مۇستەھكەم سىڭىشكەن بىر خىل كونا ئادەت. ھالبۇكى، ئادەتنىڭ تارىخى قانچە ئۇزۇن بولمىسۇن، ئىشقىلىپ بىر باشلىنىشى بولىدۇ. ئەمما جىنسىيەتنىڭ باشلىنىشى بولمايدۇ، نەدە ھاياتلىق مەۋجۇت بولىدىكەن، شۇيەردە جىنسىيەت بولىدۇ. شۇڭا، جىنسىيەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا يېتىلىدىغان «ئادەت» ئەمەس.

بەزىلەر جىنسىيەتنى ئىچىرقاشقا ئوخشاش بىسەپ بولمايدىغان بىر خىل ئارزۇ - ئىستەك دېيىشىدۇ. ئارزۇ - ئىستەك؟ نېمە ئارزۇ - ئىستەك؟ كۆپىيىش ئىستىكى؟ بۇ راستتىنلا بىمەنىلىك. ئېيتىلىشىچە، ئەركەك توز چىشى توزنىڭ ھەۋەسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چىرايلىق قانات - قۇيرۇقلىرىنى يايىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن چىشى توز ئەركەك توزنىڭ نەسىل كۆپەيتىش ئارزۇسىنى قاندۇرىدىكەن. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا چىشى توزمۇ نېمە ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ بىر چىرايلىق قانات - قۇيرۇقلىرىنى كەڭ يېيىش ئارقىلىق ئەركەك توزنىڭ مەيلىنى تارتىپ، ئۆزىنىڭ كۆپىيىش ئىستىكىنى قاندۇرمىغۇدەك؟ ئۇنىڭ تۇخۇم تۇغۇش ۋە باللىق بولۇش ئارزۇسى چوقۇم ئەركەك توزنىڭكىدەكلا كۈچلۈك. ئۇنىڭ جىنسىي تەلىپىنى شۇنداق ئاجىز، ئۇ ھەتتا ئەركەك توزنىڭ ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆك نۇرلار چاقناپ تۇرىدىغان قانات - قۇيرۇقلىرىنى كەڭ يېيىش ئارقىلىق ئۆز ھەۋەسىنى قوزغىتىشقا موھتاج دېسە چۈمپۈتكىمىز كەلمەيدۇ. دۇنيادا نەدىمۇ شۇنداق ئىش بولسۇن.

مەن ئەزەلدىن چىشى توزنىڭ ئۆز جۆرىسىنىڭ سېرىق بىلەن كۆك ئارىلىقىدىكى قانات - قۇيرۇقلىرىنى يېيىپ ھەر خىل رەڭلىرىنى نامايان قىلغىنىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ رەڭلەرگە ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپ يۈرمەيدىغىنىغا ئىمانىم كامىل. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ سېرىق، كۆك ۋە قوڭۇر ياكى يېشىل دېگەندەك بىرنەچچە خىل رەڭلەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىپ بېرەلەيدىغىنىغا ئىشەنمەيمەن.

ئەگەر، مەن چىشى توزنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك چىرايلىق رەڭلەر جۇلالىنىپ تۇرغان ئەركەك توز ۋۇجۇدىدىكى قانات - قۇيرۇقلارغا زوقلىنىپ قاراپ قالغىنىنى كۆرگەن بولسام، ئۇ چاغدا ئەركەك توزنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى يېيىشى چىشى توزنى «ئۆزىگە قارىتىش» ئۈچۈن دېگەن گەپكە ئىشىنەتتىم. بىراق، چىشى توز ئۆز جۆرىسىنىڭ بۇ تەرىپىگە نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ. ئەركەك توز ئۇنى بازلاپ قانات - قۇيرۇقلىرىنى قاتتىق سىلكىتكەندىلا، ئۇ دەل - دەرەخلەرنى ھۇشقۇتۇپ شامال چىقىۋاتقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا نەزەرىنى ئاغدۇرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز جۆرىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېرەنسىمەسلىك بىلەن دىققەت قىلىدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش جىنسىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرمۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك. ئەركەك توزنىڭ جۇلالىق رەڭلىرىنى نامايان قىلىشى كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ ئۇنى كۆرمىگەن ئاشۇ چىشى توز ئۈچۈن دېيىلسە، ئەنە شۇنداق ساددا ئالىملارنىڭ چىشى توزغا رەڭ ۋە شەكىللەرگە نىسبەتەن ئاجايىپ يۇقىرى بەھىرلىنىش ئىقتىدارىنى بەخشەندە قىلىشى ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدۇ. چىشى توزنىڭ ئېستېتىك ئېڭى نەقەدەر مول - ھە!

ئەركەك بۇلبۇل چاڭىلداپ سايراش ئارقىلىق يات جىنسلارنى ئۆزىگە قارىتارمىش. بىراق، ئۇنىڭ غەلىتە يېرى شۇكى، كۈيلەش ۋە شېرىن ئاي مەزگىلى ئاياغلىشىپ چىشى بۇلبۇلنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا ئەمەس، بالىسىغا مەركەزلىشىشكە باشلىغان چاغدىلا ئاندىن ئۇ تېخىمۇ مۇڭلۇق سايرارمىش. ئەگەر، ئۇنىڭ سايرىشى چىشى بۇلبۇلنىڭ مەيلىنى تارتىش ئۈچۈن بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ سايرىشى چىشى بۇلبۇلنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن بولارمىش.

بۇنداق نەزەرىيىلەر نېمىدېگەن ساددا، نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە! بىراق، ئۇنىڭ ئارقىغا غەرەز يوشۇرۇنغان. بارلىق جىنسىيەت نەزەرىيىلىرىنىڭ ئارقىسىغا بىر غەرەز چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىنكار قىلىش، گۈزەللىكنىڭ سىرلىق تۈسىنى يوققا چىقىرىش. چۈنكى گۈزەللىك سىرلىق بولىدۇ، ئۇنى يا بىر يېگىلى، يا كىيىم ئورنىدا كىيگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا پەن ئۇنى چىشى جىنسلىقلارنى قولغا كەلتۈرىدىغان ھەمدە ئۇلارنى كۆپىيىشكە ئېزىقتۇرىدىغان ھىيلە - نەيرەڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ تونۇيدۇ. بۇ نېمىدېگەن ساددىلىق - ھە! گويا چىشى جىنسلىقلار ئۆزىنىڭ ئېزىقتۇرۇلۇشىغا موھتاجدەك. ئەمەلىيەتتە چىشى جىنسلىقلارنىڭ كۆز كۆرمەيدىغان قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت ئىلكىدىمۇ جۈپلىشىپ كۆپىيەلەيدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق، گۈزەللىك نەدىمۇ ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلەتسۇن؟

ئىلىم - پەندە گۈزەللىككە نىسبەتەن ئاجايىپ بىر خىل ئۆچمەنلىك مەۋجۇت. چۈنكى، ئۇ سەۋەب - نەتىجىلىك باغلىنىشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؛ جەمئىيەتمۇ جىنسىيەتكە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق

ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، چۈنكى جىنسىيەت ئادەمنىڭ
جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ يول تېپىشتىكى
ئەپلىك چارىسى. شۇڭا، بۇ ئىككىسىنى ئۆچمەن-
لىك بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن، جىنسىيەت بى-
لەن گۈزەللىك نوقۇل كۆپىيىش ئىستىكىگە ئاي-
لىنىپ قالغان.

ھالبۇكى، جىنسىيەت بىلەن گۈزەللىك
ئوخشاش بىر گەپ، خۇددى يالقۇن بىلەن ئوت
ئوخشاشلا بىر نەرسە بولغاندەك. ئەگەر، سەن
جىنسىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلساڭ گۈزەللىككە
ئۆچمەنلىك قىلغان بولىسەن؛ ناۋادا ھاياتىي گۈ-
زەللىكنى سۆيسەڭ جىنسىيەتنى ھۆرمەتلەيسەن.
ئەلۋەتتە، سەن ئۆز سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭنىڭ كو-
نىراپ، سۇسلاپ ئۆلۈك گۈزەللىككە ئايلىنىپ
قېلىشى سەۋەبلىك جىنسىيەتكە ئۆچمەنلىك قىل-
ساڭ ھېچگەپ ئەمەس. بىراق، ھەقىقىي - ھايا-
تىي گۈزەللىكنى سۆيگەن ئىكەنسەن، ئۇنداقتا
چوقۇم جىنسىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك.

ھايات بىلەن ئاڭنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەت-
كىلى بولمىغاندەك جىنسىيەت بىلەن گۈزەللىك-
نىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.
جىنسىيەت ۋە گۈزەللىككە ئەگىشىپ، جىنسىيەت
ۋە گۈزەللىك ئىچىدە يۈكسەلدۈرۈلگەن پاراسەتنىڭ
ئۆزى بىۋاستە سېزىم. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز
پەيدا قىلغان ئەڭ زور ئاپەت جىنسىيەتكە ئۆچمەن-
لىك قىلىش كېسىلى. فرېيۇدنىڭ پسىخىك ئانا-
لىز ئىلمىنى ئالايلى، دۇنيادا جىنسىيەتكە ئۇنىڭ-
دىنمۇ ئۆتە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۆچمەنلىك قى-
لىدىغان يەنە باشقا بىرەر نەرسە بارمۇ؟ بۇ خىل
ئۆچمەنلىك گۈزەللىككە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە
گۈزەللىككە نىسبەتەن كېسەلمەنلەرچە قورقۇنچ
پەيدا قىلىپ، بىۋاستە سەزگۈ فۇنكسىيىسى ۋە
بىۋاستە سەزگۈمىزنىڭ ئۆزىنى يېگىلىتىپ قويى-
دۇ.

ھازىرقى زاماندىكى ئەر - ئاياللارنىڭ پسى-
خىك كېسىلى، بىۋاستە سېزىم فۇنكسىيىسىگە
كېسەل تېگىشى ۋە يېگىلەپ قېلىشىدۇر. پۈتكۈل
ھاياتلىق دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنى بىز پەقەت ئۆ-
زىمىزنىڭ بىۋاستە سېزىمىمىزغا تايىنىپلا بىلەلەيمىز
ۋە ئۇلاردىن ھۇزۇر - لەززەت ئالالايمىز. بىراق،
بىز بۇ خىل بىۋاستە سەزگۈمىزنى يوقىتىپ قويى-
دۇق. چۈنكى بىز جىنسىيەت ۋە گۈزەللىكنى
ئىنكار قىلدۇق — بۇ بىۋاستە سەزگۈ ھاياتلىق
ۋە خاتىرجەم ھاياتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئەر-
كىن قىيغىتىپ يۈرگەن ھايۋاناتلار ۋە گىياناتلار-
نىڭ ۋۇجۇدىدا شۇقەدەر سۆيۈملۈك ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر بىۋاستە سېزىمنى ياپراق، گۈزەل-
لىكنى غۇنچە دېسەك، ئۇنداقتا جىنسىيەت يىل-
تىزدۇر. نېمە ئۈچۈن قىزلار يىگىرمىلەرگە
كىرگەندە ئۇماقلىشىپ شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈ-
نىدۇ؟ چۈنكى، بۇ چاغدا ئەتىرگۈل پورەك ئاچسا
شېخىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ ئېچىلغىنىدەك جىن-
سىيەتمۇ ئۇنىڭ چېھرىگە ئۆرلەپ چىققان بولىدۇ.

بۇ خىل جەلپ قىلىش كۈچى گۈزەللىكنىڭ
جەلپ قىلىش كۈچىدىن ئىبارەت. بىز ئۇنى ھەمى-
شىلا يەردە كۈچىمىزنىڭ بېرىچە ئىنكار قىلىمىز،
بەلكىم بىز گۈزەللىكنى ئەخلەتكە ئوخشاش بىر
تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدىغان چاغلىق نەرسىگە ئايلان-
دۇرۇپ قويۇشنى ئويلايدىغاندىمىز. ئەمما، ماھى-
يىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جىنسىيەتنىڭ جەلپ
قىلىش كۈچى گۈزەللىكنىڭ جەلپ قىلىش كۈ-
چىدۇر.

بىز گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى قىلچە بىل-
مەيمىز، ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقۇدەك سالاھىيىتى-
مىزمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەمىشە ئۇنى
ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغاندەك قىياپەتكە كىرى-
ۋالىمىز. گۈزەللىكنىڭ نامىنى سېتىپ، ئۇنى
بىر خىل مۇقىم شەكىلگە ئىگە دەۋالىمىز: ئې-
لىپتەك قاڭشا، شەھلا كۆز ۋە ۋاھاكازالار گۈزەل-
لىك. سۆيۈملۈك، گۈزەل بىر ئايال رىلان جىش-
تەك① چىرايلىق چوڭ بولغان بولۇشى، سۇمباتى-
لىق بىر ئەر رودلوپ ۋارېندىنودەك كېلىشكەن②
بولۇشى كېرەك. بىز ھەممىمىز ئەنە شۇنداق قا-
رايمىز. بىراق، ئەمەلىي تۇرمۇشتا قىلغان - ئەت-
كەنلىرىمىزدە چوڭ پەرق بار. بىز: «ئۇ قىز
ئاجايىپ گۈزەل، ئەمما مەن ئۇ قىزغا قىزىقمايى-
مەن» دەيمىز. بۇ بىزنىڭ «گۈزەل» سۆزىنى
تامامەن خاتا ئىشلەتكىنىمىز. «ئۇنىڭدا گۈزەل-
لىكنىڭ تىپىك ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، بىراق ئۇ
مېنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا گۈزەل ھېسابلانمايدۇ»

---

① رىلان جىش (1896 — ) ئامېرىكىنىڭ ئايال كىنو چولپىنى.

② رودلوپ ۋارېندىنو (1895 — 1926) ئىتالىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئامېرىكىلىق ئەر كىنو چولپىنى.

دېيىش كېرەك.

گۈزەللىك بىر خىل ئىچكى كەچۈرمىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. گۈزەللىك مۇقىم، تۇراقلىق شەكىل ياكى ئەندىزە ئەمەس. ئۇنى سەزگىلى، ھېس قىلغىلىلا بولىدۇ؛ ئۇ بىر خىل تۇيغۇ، بىر خىل چاقناش ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، يەتكۈزۈپ بېرىلگەن بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇمىز كاردىن چىققان، شۇڭىمۇ ئەڭ ياخشى نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدۇق.

يەنە كىنوچىلىقنى مىسالغا ئالايلى: چارلىز چاپلىننىڭ غەلىتە چىرايى ۋارېندىنونىڭ چىرايىغا باققاندا ماھىيەتلىك گۈزەللىككە ئىگە. چاپلىننىڭ قاش - كۆزىدە ھەقىقىي گۈزەللىك بار بولۇپ، بىر خىل پاكلىق ۋە چىنلىق چاقناپ تۇرىدۇ.

ھالبۇكى، بىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇمىز شېكەستلىنىپ قاشاڭلىشىپ كەتكەن. بىز گۈزەللىكنى كۆرسەكمۇ بايقىيالمايمىز ياكى تونۇيالمايمىز. بىز پەقەت ئوڭاي كۆزگە چېلىقىدىغان ۋارېندىنو شەكلىدىكى ئاتالمىش گۈزەللىكنىلا كۆرۈپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، بۇ خىل گۈزەللىك ھازىر شەكىللىنىپ قالغان ئۇقۇمىمىزغا بەكمۇ ماس كەلگىنى ئۈچۈن مەستلىكىمىز كېلىدۇ.

ئەمما، ئەڭ ئادەتتىكى كۆرۈمسىز بىر ئادەممۇ ۋاقتى كەلسە چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنۈشى، ھەتتا ھەقىقەتەن گۈزەل بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. پەقەت جىنسىيەت يالقۇنى لەرزانىغىنە كۆتۈرۈلسىلا بەتبەشىرە، كۆرۈمسىز بىر كىشىمۇ ناھايىتى سۆيۈملۈك كىشىگە ئايلىنالايدۇ. مانا بۇ جىنسىيەتنىڭ ھەقىقىي سېھرىي كۈچى. گۈزەللىك تۇيغۇسى جىنسىي مۇھەببەتكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

ئەكسىچە بولغاندا، ھەرقانچە سەتەڭ خوتۇنلارمۇ ئادەمنى بەتتەر يىرگەندۈرۈۋېتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، گۈزەللىك ئالاھىدە كونكرېت شەكىللەر ئەمەس، بەلكى ئىچكى كەچۈرمىش. شۇڭا، دۇنيادا ئاشۇ قالتىس سەتەڭ ئايالدىنمۇ ئۆتە سەت ئادەم يوق. دېمەكچىمەنكى، جىنسىيەت يالقۇنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىنلا ئۆچىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئايال سوغۇققان بىر مەخلۇققا ئايلىنىدۇ - دە، چىرايىمۇ ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاشۇ تاشقى گۈزەللىكى ھەتتا ئۇنى تېخىمۇ يېقىمسىز قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

جىنسىيەت زادى نېمە؟ بىز ئۇنى چۈشەنمەيمىز. ئەمما جىنسىيەت بىر خىل ئوت - يالقۇن. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە بىر خىل ئىللىقلىق ۋە ھارارەت بەخش ئېتىدۇ. بۇ ھارارەت كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلانغاندىلا بىز بۇنىڭ گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

جىنسىيەتنىڭ ھەقىقىي تارتىش كۈچى جىنسىي ئىللىقلىق ۋە ھارارەت تارقىتىدۇ. ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا جىنسىيەت يالقۇنى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە جىنسىيەت يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. بىز ھەتتا 90 ياشقا كىرگەن چېغىمىزدىمۇ بۇ يالقۇن يەنىلا ئۆچمەستىن كۆيۈۋېرىدۇ. ئەگەردە جىنسىيەت يالقۇنى ئۆچىدىكەن، ئۇ ھالدا ئادەم تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئېچىنارلىقى شۇكى، ھازىر دۇنيادا بۇنداق تىرىك مۇردىلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

دۇنيادا جىنسىيەت يالقۇنى ئۆچكەن ئادەمدىنمۇ ئۆتە سەت، كۆرۈمسىز نەرسە بولمايدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئادەم كۆرگەنلا كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، لايدىن ياسالغان ئېپلاس مەخلۇققا ئوخشاپ قالىدۇ.

جىنسىيەت يالقۇنى ۋۇجۇدىمىزدا ئۆچەككە كىرگىنىدە، بىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ روھلىنىپ قالغاندەك، ھاياتىي كۈچىمىز ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىمىز. ياش چاغلىرىمىزدا ئۇنىڭ ئوتى لاۋۇلداپ، يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. يېشىمىز ئۇلغايغاندا بولسا ئۇ ئوت پەسكويغا چۈشۈپ مۇلايىم تۇس ئالسىمۇ، بىراق باشتىن - ئاخىر ھەرگىز ئۆچمەيدۇ. بىز ئۇنى كونترول قىلالايمىز، ئەمما ئىنتايىن ئاز مىقداردىلا كونترول قىلالايمىز. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن جەمئىيەت ئۇنىڭغا يامان كۆزدە قارايدۇ.

ئۇ مەۋجۇت بولىدىكەن، جىنسىيەت ۋە گۈزەللىكنىڭ بۇ قورۇماس بۇلىقى بىزنىڭ جىسمىمىزدا سەزدۈرمەستىن كۆيۈۋېرىدۇ. ئەگەر، بىز خۇددى راست ئوتتەك پەخەس بولماي ئۇنىڭغا تېگىپ قويىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بارماقلىرىمىزنى

كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاشۇ «بىخەتەرلىك» نىلا ئويلايدىغان ئاز ساندىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرلا ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىدۇ.

بەختىمىزگە يارىشا ھەقىقىي ئۆلچەمگە توشىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرنىڭ كۆپ بولۇپ قالمىغىنى. ئادەم ئاتىدىن قېپقالغان چوغ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ئۆچەككە كىردى. بۇ چوغنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يەنە باشقا ئوتلارنى ياقالايدۇ. بۇ يەردىكى جىنسىيەت ئوتى ئۇ يەردىكى جىنسىيەت ئوتىنى ياندۇرالايدۇ. ئۆچەكتىكى چوغ تىمتاس يېلىنجايدۇ ياكى چاراسلاپ يالقۇن پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن ئوت بىلەن ئوت گىرەلىشىپ بىر پارچە غايەت زور گۇلخاننى ھاسىل قىلىدۇ.

جىنسىيەت ئوتى نەدىلا كۆيمىسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ شۇنداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. بەلكىم ئۇ سىزدە بىر خىل ئىللىقلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق قوزغىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا سىز: «مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ھەقىقەتەن بولىدىكەن» دەيسىز. بەلكىم ئۇ يالقۇننىڭ ھارارىتىنى قوزغاپ دۇنيانى دوستانە، ھاياتنى گۈزەل قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا سىز: «ئۇ ئاجايىپ مەپتۇنكار ئايالكەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دەيسىز. بەلكىم، ئۇ قىزنىڭ قەلبىدە كۆتۈرۈلگەن يالقۇن دەسلەپ ئۇنىڭ چېھرىنى، ئاندىن پۈتكۈل كائىناتنى ۋاللىدە يورۇتۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ چاغدا سىز: «ئۇنىڭ مەرى ئىسسىق ئايالكەن، ئۇ ماڭا بەكمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىۋاتىدۇ» دەيسىز.

ھالبۇكى، ئادەمدە ھەقىقىي سۆيۈملۈككەن دېگەن تۇيغۇنى ئويغىتالايدىغان بۇنداق ئاياللار تولىمۇ ئازلاپ كەتتى. بىر ئايال ھەرگىزمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا گۈزەل بولمايدۇ. بىز سەتەڭلەرنى ئۇچراتساق، تۇغما چىرايلىقكەن دەيمىز. بۇنداق دېيىش گۈزەللىك ھەققىدىكى ئۆز چۈشەنچىمىزنىڭ نەقەدەر بىچارە ئىكەنلىكىنى يېپىشتىن، گۈزەللىك تۇيغۇمىزنىڭ شېكەستىلەنگەنلىكىنى ۋە قاشاقلىشىپ كەتكىنىنى بوينىمىزغا ئالغۇمىز يوقلۇقىدىن بولغان. بۇرۇن دىئانناديِ پويتىئېرس① ياكى مەلىكە لانتىرىدىن② قېلىشمىغۇدەك سەتەڭلەردىن كۈرمىڭلىرى بولغان. ھېلىھەم بۇنداق سەتەڭلەر كۈرمىڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، ھەي، سۆيۈملۈك ئاياللار نەقەدەر ئاز - ھە!

بۇ نېمىلىكتىن؟ چۈنكى، ئۇلاردا جىنسىي تۇيغۇ كەمچىل. بىر ساھىبجامال پەقەت ئۆز ۋۇجۇدىدا جىنسىيەت ئوتى پاك ۋە گۈزەل يالقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ كۆيۈۋاتقاندا، ھەمدە بۇ يالقۇن ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى ئارقىلىق مېنىڭ جىسمىمدىكى ئوتنى ياندۇرغاندىلا ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي لېۋەن، سۆيۈملۈك دېيىشكە بولىدۇ.

ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ مەن ئۈچۈن بىر پارچە جانسىز سۈرەت ئەمەس، گۆش - قېنى ۋە جېنى بولغان سۆيۈملۈك بىر ئايالغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئايال نېمىدېگەن سۆيۈملۈك - ھە! ئەپسۇس، بۇنداق ئايالنى تاپماق شۇقەدەر تەس! سەتەڭ ئاياللار ۋە قىزلار بىلەنلا تولغان بۇ دۇنيادا بۇنداق سۆيۈملۈك خوتۇن - قىزلار ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ!

سەتەڭ، ساھىبجامال بولسىمۇ سۆيۈملۈك بولمىسا، گۈزەل بولمايدۇ. تەندۇرۇس، قاش - كۆزى جايىدا، چاچلىرى چىرايلىق بولسىلا سەتەڭ، ساھىبجامال ئايال بولۇۋېرىدۇ؛ ئەمما سۆيۈملۈك ئايالنى بىر خىل ئىچكى كەچۈرمىش ئارقىلىقلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سۆيۈملۈك ئايال ئوت - يالقۇن يەتكۈزۈشتىن، جىنسىي جەلپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىزگە ئوخشاش ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تىلىدىكى سۆزلۈك كەمچىل بولغاچ، پەقەت مۇشۇ سۆزلەرنىلا ئىشلەتمەي بولمايدۇ. جىنسىي جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ سۆزنى دىئانناديِ پويتىئېرسقا، ھەتتا شېرىن مىنۇتلاردىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ئايالىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋاقىتلىرىدىلا ئىشلىتىش مۇۋاپىق. ھەتتىگىنەي، بۇ سۆز ئەمدىلىكتە ئادەمگە قارا چاپلاۋاتقاندەك ۋە ھاقارەت قىلىۋاتقاندەك تەتۈر ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ھازىر مۇھەببەت يالقۇنى جىنسىي تارتىش كۈچىگە ئايلىنىپ قالدى، بۇلارنىڭ قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولغان بولسىمۇ بۇ ئىككىسى ماھىيەتتە بىر نەرسە.

كارخانىچىلارنىڭ سۇمباتلىق ۋە ساداقەتمەن

① دىئانناديِ پويتىئېرس (1499 — 1566) فرانسىيە خاقانى ھېنرى II نىڭ ئويناشى.

② مەلىكە لانتىرى (1853 — 1929) ئەنگلىيىلىك كىنو چولپىنى ھەم يۇقىرى تەبىقىدىكى داڭلىق ساھىبجامال.

ئايال كاتىپلىرىنىڭ قىممىتى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ
جىنسىي سېھرىي كۈچىدە. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلار
ئوتتۇرىسىدا بىر خىل «ئەخلاقسىز مۇناسىۋەت»
بار دېگەنلىك ئەمەس.

بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئاز - تولا مەردانە بولغان-
لىكى بىر ئايال بىر ئەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇش-
نى خالايدۇ، ئەگەر ئۇ ئەر بۇ ياردەمنى قوبۇل
قىلىدىغانلا ئىش بولسا. ئەرمۇ ئۇنىڭ ياردىمىنى
قولغا كەلتۈرۈشنى ئىستەيدۇ. بۇ ئىستەك دەل
شۇ ئايالنىڭ جىنسىي جەلپ قىلىش كۈچىدۇر.
مانا بۇ ھەقىقىي بىر ئوت، گەرچە ئۇنىڭ ھارارىتى
ئىنتايىن ئاجىز بولسىمۇ.

ھالبۇكى، بۇ ئوت «سودا» نىڭ ئېقىشىغا
ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر، ئايال كاتىپ ئەر سودى-
گەرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگۈزۈلۈپ تۇرمىغاندا
ئىدى، چوقۇم ئۇ سودىگەر ئالللىقاچان ۋەيران بول-
غان بولاتتى. ئايال كاتىپ ئۆز قەلبىدە يانغان
مۇقەددەس ئوتنى خوجايىنىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ -
دە، خوجايىن پۈتكۈل ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە
ۋە شادلىققا تولۇپ تاشقانلىقنى ھېس قىلىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سودىسىمۇ راسا روناق تاپى-
دۇ.

ئەلۋەتتە، جىنسىيەتنىڭ تارتىش كۈچىدە زى-
يانلىق بىر تەرىپىمۇ مەۋجۇت. ئۇ مەھلىيا بولغۇ-
چىنى ھالاك قىلىپ تاشلايدىغان بىر خىل قۇدرەت-
كە ئىگە. مۇبادا ئايال كىشى ئۆز مەنپەئىتى ئۇ-
چۇنلا جىنسىي سېھرىي كۈچىنى ئىشلىتىدىكەن،
ئۇ ھالدا بىرەر بىچارە يىگىتنى نەس باسقىنى
باسقان. جىنسىي سېھرىي كۈچ يېقىندىن بۇيان
كەڭ سۈيئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ بۇ-
رۇنقىدەك ئۇنچىۋالا خەۋپلىك ئەمەس.

بالزاكنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى جىنسىي
سېھرىي كۈچى كۈچلۈك داڭدار پاھىشەلەر تالاي

ئەركەكلەرنى نابۇت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى
ئەھۋال ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىۋالا ئوتتۇشلۇق بو-
لۇپ كەتمەيدۇ. ھازىرقى ئەرلەر ئاۋۋالقى ئەرلەر-
گە قارىغاندا كۆپ قاقۋاشلىشىپ كەتتى. ئۇلار
ھەتتا ئەڭ ھېسسىياتچان، ئەرلەرنى ئەڭ ئوتتاي
كەلتۈرۈۋالايدىغان شەھۋانىي ئاياللارغىمۇ ئوتتاي-
لىقچە ئالدىنىپ قالماسلىقى مۇمكىن. ئەمەلىيەت-
تە ھەر بىر ئەر ئايالنىڭ جىنسىي سېھرىي كۈچى-
نى سېزىپ يەتكىنىدە، چاشقاننىڭ ھىدىنى پۇرا-
ۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، جىنسىي سېھرىي كۈچتىن ئىبا-
رەت ھاياتلىق يالقۇنى ھازىر ناھايىتى سەت ئاڭلى-
نىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. ئەرلەرنىڭ ئەڭ
ياخشى، ئەڭ ئوتتۇشلۇق ئىشلەۋاتقان ۋاقتى مەلۇم
بىر ئايالنىڭ ئۆز تومۇرىدا بىر پارچە ئوت ياندۇر-
غان چېغىدۇر؛ ئايال كىشى مۇھەببەت دېڭىزىغا
چۆمۈلگەندىلا ئۆي ئىشلىرىدىن ھەقىقىي لەززەت
تاپالايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك
ھاياتىنىڭ مۇھەببەت ئىلكىدە قانداق ئۆتۈپ كەت-
كىنىنىمۇ سەزمەي قالىدۇ.

مەدەنىيىتىمىز بىزگە جىنسىيەتنىڭ تارتىش
كۈچىنى قانداق ئىدارە قىلىپ، جىنسىيەت يالقۇ-
نىنىڭساپلىقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى قانداق ساقلاپ
قېلىشنى، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يېنىش -
كۆيۈشنى ئۆگىتىپ قويغاندا ئىدى، بىز ھەممى-
مىز چوقۇم بىر ئۆمۈر مۇھەببەت دېڭىزىغا چۆمۈ-
لۈپ ياشىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەلبىمىزدە
يانغان ئوت - يالقۇن بىزنى دۇنيادىكى ھەممە -
ھەممىگە نىسبەتەن شۇقەدەر قىزغىن مۇئامىلە قى-
لىدىغان قىلىۋەتكەن بولاتتى. . .

ھالبۇكى، ھازىر ھاياتىمىزدا ئۆچكەن ئوت -
كۆللەر شۇقەدەر كۆپ.

# قۇش، ھايۋان ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ سۆھبىتى

## مېۋە

— مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى چىشى، شۇڭا ئۇ-
لارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇلار يېرىلىپ

ئۇرۇقلىرى ئېچىلىپ قالغاندا بولسا بىز ئۇلارنىڭ
ماتكىسى ۋە سىرلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. شۇ-
نىڭ ئۇچۇنمۇ، ئانار ئەرەبلەرنىڭ مۇھەببەت مېۋى-
سىگە ئايلانغان ھەمدە ئەنجۈر كۆپ يىللاردىن بې-

رى قىز تەسۋىرىنىڭ مودا سۆزى بولۇپ قالغان. ئەرلەر، مەن ئەزەلدىن ئۇ (ئەنجۈر) بىلەن بىرنەرسە ئەمەس، دېيىشىدۇ. نېمىدەپ ئەنجۈر بولغۇدەك؟ ھەتتا، جەننەتتىكى ئالمىمۇ ھاۋا ئانىنىڭ مېۋىسىغۇ، ئاخىر. ئۇ، قىز - ئاياللارغا تەئەللۇق، ئۇلارغا تەن. ئەمما، ئۇلار ئۇنى ئەرلەرگە تەقدىم قىلىشىدۇ. ئەقىل مېۋىسىمۇ ھاۋا ئانىنىڭ مېۋىسى، ئايالنىڭ مېۋىسى. ھالبۇكى، ھاياتلىق مېۋىسىنى ئەجدىھا قوغداپ تۇرغاچقا، ئۇنى بىرەر ئايالمۇ ئەرلەرگە ئۈزۈپ بېرەلىگەن ئەمەس. . .

— يۈرەك چىلاشقۇدەك راسا ئىچىپ ئاندىن ھېچكىم يۆلىمىسىمۇ ئۆيىگە تىنچ قايتىپ كېلەلىگەن ئەر گۇناھ قىلمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەچچە يىلنىڭياقى قىلچە دەرد تارتىپ باققىنى يوق.

## دەرەخ

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئىتالىيە ئارچىسىغا كېسەل تەگسىلا قۇرۇپ كېتەرمىش. ئەمدىلىكتە، يۇتتۇرۇپ قويغان سىرلارنىڭ قارىسىمۇ يەر - جاھاندىن ئۆچتى.

— دەرەخ قۇياش تۇغۇلۇشتىن، ئالەمدە كۈن بىلەن تۈن ئايرىلىشتىن بۇرۇن زېمىندا ئۆسۈۋاتقان بىر خىل ئۆسۈملۈك، دېگەنىكەن ئېنپېدوكىل①. دەرەخلەرنىڭ جىسمىدا سۇ بىلەن ئوت ماسلاشقان بولغاچقا ئۇلار ئاتىلىق بىلەن ئانىلىقنىڭ نىسبىتىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار زېمىننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىق ھارارەتتىن ئايىنىپ ئۆسىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇپراقنىڭ، زېمىننىڭ بىر قىسمى، خۇددى ھامىلە بالىياتقۇنىڭ بىر قىسمى بولغاندەك. مېۋە بولسا دەرەخنىڭ جىسمىدىكى ئوت بىلەن سۇنى ئاجرىتىپ چىقارغۇچى.

## گۈل - چېچەك

— بۇرۇن ئۆرۈك مېغىزى تىرىلىشنىڭ سىمۋولى بولغانىكەن. بىراق، كىم ماڭا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆرۈك مېغىزى تىرىلىشنىڭ سىمۋولى؟

جەنۇبىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئايلارنىڭ ئىللىق ھاۋاسى باشلىنىدىغان قىش كۈنلىرىدىمۇ ئۆرۈكلەرنىڭ بىر خىل پارلاق تىرىلىش مەنزىرىسى ھاسىل قىلىدىغىنىنى كۆرمىگەنمۇ؟

ۋاي، توغرا، شۇنى دېمەمدىغان! ئۇنى يەنە بىر كۆرەلىگەن بولسام!

ئەمما، بۇ سىر ئىچىدىكى سىر ئەمەس. ئۆرۈك مېغىزىنىڭ نېمىلىكى سىزگە ئايان. ئۇ، ئۆمۈرتقىنىڭ ئەڭ ئاداققى سۆڭىكىمۇ؟ ئۇ، ھاياتلىق ئۇرۇقى، قەبرىدىن چىقىپ يەنە ئۆسەلەيدىغان يېڭى بىر ھاياتلىق، گويا بىرىنچى ئايلاردىمۇ غۇچچىدە ئېچىلىپ كېتىدىغان قىزغۇچ ئۆرۈك چېچىكىدەك، ياق، مەن خاتالاشتىم، مەن بۇلارنى قىلچە ئۇقمايمەن. . .

— ئاھ، ئاخىرەتتىكى پوشقىن، پوشقىن، ئاخىرەت شاھى خاردىسنىڭ قېشىدىن ئۆلگەن بەراۋنىڭ ھاياتىنى ماڭا ئەكىلىپ بەرگەيسەن. . .

— ھەي ئىپلاس، ئۇچىغا چىققان شەرمەندە، دادۇرغا قول سوزما! ئېنپېدوكىل «بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دادۇر سايلام ئۈچۈن ئىشلىتىلەرمىش، سايلام سىياسىي دېمەكتۇر» دېگەنىكەن. بىراق، بەزىلەر بۇ پەرھىز قىلىنىدىغان يېمەكلىك دېسە، يەنە بەزىلەر دادۇر ئەرلىك ئالەتنىڭ بىر ئەنئەنىۋى سىمۋولى دېيىشىدۇ. چۈنكى، كۆك پۇرچاق دادۇردىن كېيىن پەيدا بولغان.

— بىراق، قان قىپقىزىل بولىدۇ. قان - ھايات دېمەكتۇر. قىزىل رەڭ، پادىشاھلىقنىڭ رەڭگى. پادىشاھ، قەدىمكى پادىشاھ، ئۇ يۈزىنى قىپقىزىل قىلىۋالىدۇ، بەئەينى خۇدادەك.

## ئەخلاق تارقىتىدىغان ھايۋانلار

— ھوي، ئۇلارنى قوغلىۋېتىڭلار، بېشارەت بەرگۈچى ئاۋۇ ياۋايى مەخلۇقلارنى بارار جايىغا قارار تاپقۇزۇڭلار، ئۇلارنى جەننەتنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ياندۇرۇپ ھەيدىۋېتىڭلار. ئۇلار قاناتلىرىغا تايىنىپ غۇچچىدە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا چىقىشىدۇ ھەمدە ئۇندا كېچىنى ئۆتكۈزۈشىدۇ. شۇ ئاخشىمى تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىققان كىشىگە تۆت قېتىم ھايات نېسىپ بولىدۇ. كېچىدىچە بەھۇزۇر ئۇخلاپ چىققان كىشىنى تۆت قېتىم

① ئېنپېدوكىل - قەدىمىي گرېك پەيلاسوپى، سىياسىيونى ۋە شائىرى.

ئويقۇ باسىدۇ، يەنى شىرنىڭ ئويقۇسى، بۆقىنىڭ
ئويقۇسى، ئادەمنىڭ ئويقۇسى ھەمدە بۈركۈتنىڭ
ئويقۇسى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىر ئويغىنىدۇ،
كۈندۈز باشلىنىدۇ. ئاندىن تۇشمۇ - تۇشتىن بو-
ران چىقىپ ھايات ئۆزگىرىدۇ. بىراق، جەننەت
بوش - قۇرۇق بولۇپ قالغاندا، ھېلىقى بوزرۇك-
ۋار تۆت ياۋايى ھايۋان، تۆت تەبىئەت، تۆت بو-
ران، تۆت تەرەپ - نىشان بولمىغاندا چۈشلەرمۇ
بوش، قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ. ئادەملەر ئىك-
كىنچىلەپ شىر ياكى بۆقىنىڭ تاتلىق ئويقۇسىنى
ئوخلىيالمايدۇ، شۇنداقلا كۆزى ئۆتكۈر بولغان
بۈركۈتنىڭ چۈشىدىنمۇ ئويغىنالمايدۇ.

## جانلىقلار

— شۈغىنىسى، بېلىقلارنىڭ قېنى قىزىق.
ئۇلارنىڭ سۇ تېگىگە شۇڭغۇشى، ئۆزىنى سەگە-
تىش ئۈچۈندۇر.
— زۇلمەتكە ئامراق ئاشۇ جانىۋارلارغا نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، كۈندۈزدىكى قۇياش نۇرى شەپ-
قەتسىز ۋە ئازابلىق. بىراق، ئۇلار پانۇس ياكى
شام يورۇقىدىن قورقمايدۇ، ئەكسىچە بۇ نېمە
نەرسىدۇ، دېگەندەك قىلىپ يېقىن بېرىپ بىر
چىشلەپ باقىدۇ. شۇڭا، قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشى
بىلەنلا كۆپايىلەنمەيدىغانلىقى بىزگە ئايان. ئۇ،
ئوت - يالقۇننىڭ كۆيدۈرۈشى ياكى پانۇسنىڭ يو-
رۇشىدىنمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئۇ ئۆز نۇرى
ئارقىلىق كېچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان جانلىقلارنى
كۆيدۈرىدۇ، ھالبۇكى، پانۇس ياكى ئوت - يالقۇن-
نىڭ يورۇقى ئۇلارنى قىلچە كۆيدۈرەلمەيدۇ. شۇ-
ڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قۇياش ئۆزى-
نىڭ يورۇقىدا ياشايدۇ، ئۇ ئوت - يالقۇنغا ھەر-
گىز ئوخشىمايدۇ. ئوت - يالقۇن بەرىبىر ئۆچۈپ
قالىدۇ.

## ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار

— خۇدا بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا يەنە
توقۇنۇشنىڭ بولماسلىقىنى ئارزۇلايمەن، دېگەنى-
كەن ھومېر. ئۇ خاتالاشقان. ئۇ، بۇنداق دېسە
ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئالەمنىڭ گۇمراھلىقىنى تى-
لىگەنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. ئەگەر،
ئۇنىڭ تىلىكى ئەجاۋەت بولىدىغان بولسا، جىمى
نەرسىلەر ھالاك بولغان بولاتتى (چۈنكى، پەقەت
كەسكىن قارىمۇ - قارشىلىق ئىچىدىلا شەيئىلەر
ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ).
— چۈنكى، ئوت - يالقۇن يەر يېغىرلاپ
كۆيۈپ تۇپراقنىڭ قارا نەپىسى بىلەن بىرلىشىپ
كەتكىنىدە، يىلان ئۆۋىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ -
دە، يەردە يالىڭاچلىنىپ ياتىدۇ. بىراق، ئۇ سو-
غۇققان بولغاچقا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇياشنى ئو-
ڭايلىقچە قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇ، نەمخۇش پاتقاققا پې-
تىپ قالسا مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. شۇنداق
بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېغىزىدا زەھەرلىك شۆلگەي
پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قۇياش ساماغا
ئۆرلىيەلمەي پۈتى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولى-
دۇ. ئېغىر پاتقاق ئىچىدە ئۇ جان تىكىپ ئۆزىنى
ھەريان ئورۇپ باقسىمۇ ئاقىۋەتتە يەنىلا مەيدىسى-
نى يەرگە چاپلاپ ئۆمىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلى-
دۇ. زېرەك تاشپاقا توپىلارنى ئۆز ئەتراپىغا دۆۋى-
لەپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تايىنىپ قوپۇپ كېتىدۇ.
شۇڭا، ئۇ پۈتى بىلەن ماڭغۇچى تۇنجى ھايۋان،
ئۇلارنىڭ قۇببە شەكىللىك دۈمبىسى ئۇلارنىڭ
جەننىتى. شۇنداق بولغاچقا، تاشپاقىنىڭ دۈمبى-
سىدىكى پۈرۈم - پۈرۈم سىزىقچىلار دۇنيانىڭ
ئاساسىي بولۇپ قالغان.

## قۇشلار

— قۇشلار سامادىكى ھاياتلىق. ئۇلار قانات
قېقىپ پەرۋاز قىلغاندا، ئاسماننىڭ ئوي - پىكرى
ئاشكارىلىنىدۇ. بۈركۈت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي-
دا پەرۋاز قىلىدۇ، دۇنيادا ئۇنىڭ بىلەن سېلىش-
تۇرغىلى بولغۇدەك باشقا ھېچقانداق قۇش مەۋ-
جۇت ئەمەس.
شۇڭا، ئۇ بىر جۈپ قانىتىغا تايىنىپ قۇياش-
نىڭ ھاياتىنى، قۇياشنىڭ قۇدرىتىنى ئېلىپ كې-
لىدۇ. ئۇنىڭ پەرۋاز قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن كى-
شى قۇياشنىڭ شادلىقىغا چۆمۈلمەي قالمايدۇ.
بىراق، قۇياش پەيلەپ ئۆستۈرگەن جىمىكى جان-
لىقلار قانىنى ئوزۇق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇ-
ياش مەڭگۈ تەشنا، ئۇ قاننىڭ ئەڭ ياخشى جارى
قىلدۇرۇلۇشىغا تەشنا بولىدۇ.
سىز قۇشنىڭ سايرىشىغا قاراپ ئۇنى تونۇيال-

مايسىز. چوڭ قۇشلار ھەمىشە يۇقىرى ئاۋازدا چۇرقىرىشىدۇ. بىراق ھېچقاچان مۇڭلۇق سايراپ باقمايدۇ. بۇركۈت قۇياش چىققاندا سايرايدۇ، تاۋۇس گۈگۈم پەيتىدە ناۋا قىلىدۇ، خۇشناۋا بۇلبۇل ياقا يىرتىپ چاڭىلداپ سايرىغاندا توڭ قاغا كېچە ئىلكىدە قاقىلدايدۇ؛ ھەممە قۇشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاۋازى بار. ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىنى ئىپادىلىشىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

### ھايۋانات

— شۇنداق، مۇبادا بۇقا ياكى شىرنىڭ بىر جۈپ قوللىرى بولۇپ قالغاندا ئىدى، ئۇلار قوللىرى بىلەن رەسىم سىزغان، ئادەملەردەك سەنئەت ئىجاد قىلغان بولاتتى. ئۇنداقتا، ئات خۇدانى ئات شەكلىدە سىزسا، بۇقىمۇ بۇقىغا ئوخشاش خۇدانى سىزغان ھەمدە خۇدانىڭ جىسمىنى ھەر خىل كالىلارنىڭ ئوبرازىغا مۇجەسسەملەپ سىزغان بولاتتى.

— ئېيتىلىشىچە، خۇدا بىر قېتىم يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھەدەپ تاياق يەۋاتقان بىر ئىتنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «قولۇڭنى تارت، ئۇنى ئۇرغۇچى بولما! چۈنكى ئۇ بىر يېقىن دوستۇمنىڭ روھى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم».

— چوشقا پاتقاقنى كۆرسە ئېغىنايدۇ، ئۆي قۇشلىرى ئامبار ئالدىدىكى مەيداندا كۈللەرنى تاتىلايدۇ.

### ئەرۋاھ

— پۇت-قول قالدۇرغان ھىدنى، يۇمران ئوت-چۆپلەردە ئاياغلار قالدۇرغان ھىدنى پۇراپ تاپالايدىغان بىر ئىت ئادەم ماڭالمايدىغان يولغا چۈشۈپ چاپقاندەك، روھ بىپايان بوشلۇقلاردىن ئۆتۈپ ئۆلگۈچىنىڭ ئىزىدىن تاپ بېسىپ قوغلىشىپ كېتىدۇ. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەر ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدۇ ھەم كىشىلەر تەرىپىدىن ئوڭايلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. ئۆلگۈچى داۋاملىق ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ، ئاللىبۇرۇن قولدىن كەتكەنلىكى بەش قولدەك ئايان بولغان ئۆتمۈشنى سېغىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جىسمىدا تىرىك ئەرۋاھ يەنە پەيدا بولىدۇ. ئەرۋاھنى قوبۇل قىلىپ تېنىگە كىرگۈزۈش ئاجايىپ ئازابلىق ئىش. بىراق ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشمۇ ئوخشاشلا ئادەمنى ئازابلايدۇ. ھەي، ئۆلگۈچىنىڭ كۆڭلى بەك پەرىشان، چۈنكى، ھەتتا ئۆلۈممۇ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا قادىر ئەمەس.

## ئادەم بولۇش ھەققىدە

ئادەم ئىدىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىسى. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەم ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە دېگەنلىك ئەمەس. ئەقىل-پاراسەت ماھارەت ۋە پىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىل-پاراسەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەت دەپ ئاتالغانكى، شاھمات ئوينىغاندا شاھماتچىلار ئۈچۈن قائىدە ئوخشاش بولغاندەك ئۇمۇ شەرتلىك بولىدۇ. ھەقىقىي ئىدىيە بىر خىل بىۋاستە كەچۈرمىش. ئۇ دەسلەپ قانداق ئۆزگىرىش ياساپ بەدەندە تاكى ئۆزگىرىش يۈز بەرگىچىلىك ئاستا-ئاستا تارتىشىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرى بىر خىل يېڭى ئويغىنىشقا، پسىخىك ئاڭدىكى يېڭى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئەمەس، بىر خىل ئېكسپېدىتسىيە.

ئادەم پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىشى، ھەسسىلەپ تەۋەككۈل قىلىشى زۆرۈر. ئاۋۋال ئۇ قورقماستىن چىقىپ تۇرمۇشنى، ھاياتنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن قارشى ئېلىشى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆز مېڭىسىدە نەزەر سېلىشى كېرەك.

ئەگەر پەتەك بويلۇق داۋۇدقا ئوخشاش جىسمى بىلەن ھاياتنىڭ بەھەيۋەت، گىگانت ئادىمىنى قارشى ئالىدىغان ئىش بولسا، ئۇ تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ. بۇ ھەقتە مىسالەن ئورۇشنى ئالايلى: ھايات بىلەن كەسكىن سۈركىلىش يۈز بەرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە باتۇرانە نەزەر تاشلاپ ئولتۇرۇش ئاجايىپ قىيىن ۋە ئازابلىق. يەنە ئۇرۇشنى ئالايلۇق: تالاي ئەركەكلەر ئۆيدىن چىقىپ

ئۇرۇشنى كۈتۈۋالىدۇ، بىراق، كىممۇ بۇ چاغدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۆز-ئۆزىگە نەزەر سېلىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟

بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە. چۈنكى، ئادەم ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىزنىڭ ھەر بىرىمىزدە مانا شۇنداق ئىككى ئۆزلۈك مەۋجۇت. ئۇنىڭ بىرى، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز. ئۇ، بىر پەشۋاغا يارىمايدۇ، ئەزەلدىن بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزغا بويسۇنمايدۇ. بۇ ۋۇجۇد ئۆزىگە خاس نائەقلىي ھېسداشلىق تۇيغۇسى، ئارزۇ-تەلەپ ۋە ھېس-ھاياجانغا ئىگە، شۇنداقلا ئۇ ئۆزگىچە، بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولۇپ، ھەرگىز مېڭىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ؛ ئۇنىڭ يەنە بىرى، بىزدىكى ئاڭلىق ئۆزلۈك، «ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلىمەن» دەپ قارايدىغان ئۆزلۈك.

ھايات ۋۇجۇدۇمدىكى ئۆزلۈكتە، مەن ئۇنى مەڭگۈ بىلەلمەي ئۆتىمەن. ئۇ شۇقەدەر ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ھەمدە تارتىشىش-يىغىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ماڭا شۇنچە كۆپ ئانتى ئىدراكنىڭ ئازابىنى، ھەقىقىي ئازابىنى تارتقۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ بەزىدە يەنە يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە خۇشاللىق تۇيغۇسىمۇ ئاتا قىلىدۇ. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېنىمنىڭ چوڭقۇرىدىكى «مەن» غەلىتە بىر ياۋايى مەخلۇق، ھەمىشە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرمىقىم تەس. مېنىڭ تېنىم، مېنىڭ جىسمىم ئىسسىق ئىقلىم ئورمانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇندا ياشايدىغىنى خۇددى كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدىغان قارا يىلپىزغا ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەندۇرمەن، چۈشلىرىمدە كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چېچىپ ياكى ئەتراپنى قارا كۆلەڭگە قاپلىغاندا بىدارلىق كۈندۈزلىرى ئارقىلىق ئالدىمدا ھازىر بولىدىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئۆزلۈكمۇ مەۋجۇت. ئۇ مۇلايىم، ئوچۇق چىراي، ئەقلى-ھوشى جايىدا، چېچەن ۋە مۇرەككەپ، قەلبى ئىزگۈ ئىستەكلەر بىلەن تولغان. مانا بۇ ئاللىبۇرۇن بەش قولدەك تونۇشلۇق بولغان مەن، مەن تونۇۋالايدىغان ۋە ھوزۇر ئالالايدىغان مەن. مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دەيمەن: «شۇنداق، مېنىڭ سەۋرچان ئەمەسلىكىم، باشقىچە كۆزقاراشقا كەڭ قوللۇق قىلىشنى بىلمەيدىغىنىم ئۆزۈمگىمۇ ئايان. ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەن ناھايىتى چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل. بۇنداق زىيادە ئاق كۆڭۈللۈك بەزىدە ھەتتا مېنى بىر ئاز سۇنئىي-ساختىدەك كۆرسىتىپمۇ قويىدۇ. بىراق، مەن ئاللىقانداق مېخانىك سەممىيەتكە ئىشەنمەيمەن. مېڭىنىڭ سەممىيىتى، ھېسسىياتنىڭ سەممىيىتى، تۇيغۇنىڭ سەممىيىتى بار. ئەگەردە بىراۋ ماڭا يالغان ئېيتقان بولسا، مەن ئۇنى تۇيۇپ قالىمەن-دە، ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى زادى ئېچىپ تاشلاش كېرەكمۇ-يوق، دېگەن بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىمەن. مۇبادا ئەپتى-بەشىرىنى ئېچىپ تاشلىسام ئۇنىڭ چىن ھېسسىياتىغا، شۇنداقلا ئۆز ھېسسىياتىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىمەن. ئۇنداقتا، مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئۇنى يالغانچى، كاززاپ دېسەم ئۇ ھالدا بۇ ھېسسىيات جەھەتتىكى سەممىيەتسىزلىك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەيلى قانداقلا بولمىسۇن كۆڭلۈمدە بىر ئاز سەممىيەتسىزلىك قىلىمەن-دە، بۇ يالغان-ياۋىداق سۆزلەرگە ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالىمەن».

مانا بۇ مەن ئاللىقاچان بىلىپ بولغان «مەن» نىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشى. ئۇ، ئۇزى شۇغۇللىنىۋاتقان، ھېس قىلىپ يەتكەن ھەممە ئىشلارنىڭ مۇئەييەن سەۋەبىياتى بارلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ، ئىزگۈ نىيەتلىرىدە مەلۇم خىلدىكى ئۆزگەرمەس ئىخلاسنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا كۈللى ئادەملەر ۋە باشقا «خاراكتېرلار» ئارىسىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق، زىيانسىز بىر يولنى چىڭ تۇتىدۇ.

مەن ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن بۇ «مەن» ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئادەملەر، مەن بىلىدىغان ئادەملەر، شوتلاندىيە مەن بىلىدىغان شوتلاندىيىدۇر. مەن بولسام ئۆزۈم بىلىدىغان مەندۇرمەن. بىركلى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق: شەيئىلەر بىزنىڭ ئۆز ئېڭىمىزدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. مەن بىلىپ يەتكەن «مەن» ئۈچۈن ئېيتقاندا، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمدىن سىرت جىمى نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس. دۇرۇس، مەن ئۇندا ھەمىشە مەن بىلىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلايمەن. چۈنكى، مەنچە بىلىم بىلىمنى تۇغىدۇ،

بىر خىل بىلىم يەنە باشقا بىر خىل بىلىمگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بىلىم ھەرگىز سىرتتىن ئۆزىچىلا كېلىپ قالمايدۇ. بىلىمگە نىسبەتەن سىرت دېگەن مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تېخىمۇ كۆپ تولۇقلاشنىلا كۈتىدىغان بىلىملا مەۋجۇت.

ئەگەر، مەن پويىزدا ئولتۇرغاندا بىراۋ مەن بار ۋاگونغا كىرىپ كەلسە، ئۇنداقتا ئۇ چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا مەن تونۇيدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئەڭ دەسلەپ ئۇ بىر ئەر، مەن بۇنىڭدىن ئەرنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ ياشنىپ قالغانلىقىغا قاراپ، ياش - قۇرامى دېگەندە نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىمەن؛ ئۈچىنچى رەتتە، ئۇ ئەنگلىيىلىك، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە ۋاھاكازالار. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ يېتەلەيمەن.

بىراق، يەنە بەزى تەرەپلەرنى بىلىپ كېتەلمەيمەن. ئۇ ناتونۇش ئادەم، ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى قىلچە ئۇقمايمەن. بۇنىڭ بىلەن مەن شۇزامات ئۇنىڭغا لاپپىدە نەزەر تاشلايمەن — مانا بۇ ئىنتايىن كىچىك كۆلەمدىكى ئېكسپېدىتسىيە، بىلىش جەھەتتىكى ئېكسپېدىتسىيە، بەزى سۈپەتلەرنى مەلۇم شەكىلدە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل ئېكسپېدىتسىيە. شۇنىڭدىكى بىر قاراپ قويۇش ئارقىلىقلا بىلمەكچى بولغان ھەممە تەرەپلەرنى بىلىپ بولالايمەن. ئۇنى كۆرۈپ بولغاندا بولسا، ئېكسپېدىتسىيىمۇ ئاياغلاشقان بولىدۇ.

مانا بۇ بىلىش ئېكسپېدىتسىيىسى. كىشىلەر ئىسپانىيىگە بارسىلا ئىسپانىيىنى «بىلەلەيدۇ»؛ كىشىلەر ھاشاراتشۇناسلىقنى ئۆگەنسىلا ھاشاراتلارنى «بىلەلەيدۇ». كىشىلەر لېنىن بىلەن كۆرۈشسىلا لېنىننى «بىلەلەيدۇ». مېنى «بىلىدىغان» كىشىلەرمۇ تالاي.

بىز ئەنە شۇنداق ياشايمىز. ئۆزىمىزنىڭ بىلىپ يەتكىنىمىزنى چىقىش قىلىپ، بىلىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئىشقا ئۆتىمىز. ئەگەر، بىز پارس شاھىنى بىلمىسەك، تېھراندىكى خان سارىيىغا بىر بارساقلا كۇپايە، دەپ ئويلايمىز. ناۋادا، بىزنىڭ ئايغا بولغان چۈشەنچىمىز ئۇنچىۋالا چوڭقۇر بولمىسا، ئاي شارى ھەققىدە ئەڭ يېڭىدىن نەشىر قىلىنغان كىتابتىن بىرنى تاپساقلا، ئۇنى بەش قولدەك ئوچۇق بىلەلەيمىز.

بەرھەق، بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەلەيدىغىنىمىزنى چۈشىنىمىز. بىلىمىز! بىز بىلەلەيمىز! بىز بىلمەي قالغىنى پەقەت چۈشىنىش جەھەتتىكىلا كىچىككىنە ئويۇن، ئىككى بىلەن ئىككىنى قوشۇپ ماشىنىنىڭ ئىچىدە كىچىك تەڭرى ياساپ چىقىش.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئېكسپېدىتسىيىسى. بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ ئىدىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى ئەمەس.

ئىدىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى مېڭىدىن ئەمەس، قاندىن باشلىنىدۇ. ئەگەر پويىزدىكى ۋاقتىمدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغىنى بىر ئەرەب، ياكى نېگىر ۋە ياكى يەھۇدى بولىدىغان بولسا، بىلىش جەريانىم ئۇنچىۋالا چاققانلىق بىلەن باشلانمىغان بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا بىر قاراپلا: ئۇ نېگىركەن، دەپ قويساملا كۇپايە قىلمايتتى. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، مېنىڭ قېنىمدا بىر ئاز ساراسىمە پەيدا بولغىنىنى سېزىمەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەلىتە بىر خىل تىترەك تارقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تومۇرلىرىمدىمۇ ئاز - تولا پاراكەندىچىلىك قوزغىلىدۇ. بۇرنۇم بىر خىل سۇس پۇراقنى سېزىدۇ، جۈملىدىن، كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمدىمۇ مەن يەنىلا ناتونۇش بىرسىنىڭ يېنىمدا ماڭا تېگىشىپ ئولتۇرغىنىنى ھېس قىلىمەن.

بۇ چاغدا مەن ئىككىنچىلەپ ئۆزۈمنى، مەن بىلىپ يەتكەن «مەن» نى چىقىش قىلىپ ئۇنى بىلەلمەيمەن. مەن نېگىر ئەمەس، شۇڭا نېگىرلارنى ئۇنچىۋالا چۈشىنىپ كەتمەيمەن. مەن مەڭگۈ ئۇنى تولۇق «چۈشىنىپ» بولالمايمەن.

ئۇنداقتا، نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇ بىر ھالاكەت يولى.

مەن داۋاملاشتۇرسام ماڭالايدىغان ئۈچ يول بار. مەن ئۇنى كۆرگەن زاماتلا «زەڭگى» دېگەن بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭغا ماركا چاپلايمەن - دە، ئاندىن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىمەن. مەن بىلگەنلىرىمگە ئاساسەن ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشۈممۇ مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن خۇددى باشقىلارنى چۈشەنگەندەكلا ئۇنىمۇ چۈشىنىپ يېتىشىم مۇمكىن.

مەن يەنە ئۈچىنچى بىر ئىشنى قىلسامۇ بولۇۋېرىدۇ. قېنىمنىڭ لەرزىگە كەلگىنىنى، ئۇنىڭ جىسمىدىن تارقىلىۋاتقان ئاللىقانداق نەرسىلەر تومۇرلىرىمنىڭ نورمالنى سوقۇشىغا توسالغۇ بولغىنىنى رىل ئالسامۇ بولىدۇ. بۇلارنى ئېتىراپ قىلغىنىمدا، قەلبىمدىكى دۈشمەنلىك ھېس-

سىياسىتىمنى بېسىۋېلىشىمغا، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. مەن قېنىمدىكى پاراكەندىچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇقەدەر ئالاھىدە بىر خىل ياتىرچە ھېسداشلىق تۇيغۇسى بار.

ئومۇمەن، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان نېگىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى تىزگىنلەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قارا پۇراقلىرىنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ قېشىغا يېقىن يولاتمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر، مەن ساپلا نېگىرلار بىلەن تولغان پويىزغا چىقىپ قالغۇدەك بولسام، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، مەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلچەپ بولمايدىغان مەلۇم غەلىتە ئىنكاسنىڭ بولىدىغىنىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئىنكاس مېنىڭ قېنىم ۋە ئەسەبلىرىمدە نازۇك، ئەمما ناھايىتى روشەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق نازۇك ئۆزگىرىش چۈش مۇھىتى ۋە ئاڭسىز ئاڭ ئارقىلىق راۋاج تاپالايدۇ، ئەگەر يول قويۇلسا ئۇ ئالغا قاراپ تىركىشىدۇ، ئاڭىنىڭ بىر خىل يېڭى شەكلى سۈپىتىدە پارلاق مەنزىلگە كىرىپ كېلىدۇ.

ئەڭ ئاددىي بولغان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ئالايلى: بىر يىگىت ئۆزى بىلىپ يەتكەن ئۆزلۈكنى چىقىش قىلىپ بىر قىزنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىز يىگىتنىڭ ئۆزى بىلىپ يەتكەن ئۆزلۈككە نىسبەتەن ھېسداشلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يىگىت ئۆزى بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توي قىلىشىدۇ. كېيىنكى كۆلكىلىك ئىشلار ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. ئۇلار گەرچە ئۆزئارا چۈشىنىشكەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرى بىلىپ يەتكەن ئۆزلۈكنى چىقىش قىلغاچقا كىشىلەر ئۇلارنىڭ قىلغىنى شەك - شۈبھىسىز توغرا، ئۇلار ئامراق ئەر - خوتۇنلاردىن بولالايدۇ، ۋاھاكازالار دېيىشىدۇ. بىراق، ھەقىقىي قانلار بىردىنلا ئۇچراشسا، چوقۇم يوچۇن بىر ماس كەلمەسلىك بېسىپ كىرىدۇ. ئۇ قىز يىگىتنىڭ دەسلەپتە تەسەۋۋۇر قىلغان قىزى بولماي قالىدۇ، يىگىتمۇ قىزنىڭ قەلبىدىكى ئەسلى ئوبرازىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا باشقا بىر ئۆزلۈك، ئەڭ ئاساسلىق ياكى جىسمانىي ئۆزلۈك پەيدا بولىدۇ، خۇددى ئەسلى ئاجايىپ سۆيۈملۈك بولغان ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ۋۇجۇدىدىن پەيدا بولغان بىر قارا ئالۋاستىدەك. توي قىلىشتىن بۇرۇن ھەممە يېرى ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بۇ يىگىت تويدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى — بۇرۇنقى، شۇنداقلا نەپرەتلىك ئادەم ئاتىنىڭ ئوغۇللۇق ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ. قىز، ئەسلىدىكى سۆيۈملۈك ھەمدە كۆڭۈلدىكىدەك پەرىشتىمۇ بۇ چاغدا ئاستا - ئاستا ھەممىشە يىلان بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ھاۋا ئانىنىڭ ئالۋاستى سىياق قىزىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟

يەنىلا كىرىستقا مىخلىنىپ ئازاب چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كىرىست تەنگە، تەنىنىڭ چوڭقۇرىدىكى زۇلمەتلىك ئۆزلۈككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەنىنىڭ كىرىستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگىنى مەن بىلىدىغان شۇ ئۆزلۈك، مەن دەۋاتقان ھەقىقىي ئۆزلۈك. كىرىست قەدىمكى زاماننىڭ سىمۋولى. ئۇ ئومۇمەن جىنسىي چۈشۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ جىنسىيەتكە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئۇ بىزنىڭ قېنىمىز ۋە سۆڭىكىمىزدىكى زۇلمەت ئارا ياشاۋاتقان ئۆزلۈك. قان ۋە سۆڭەككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىنسىي ئەزا بىر سىمۋول. بۇ ئۆزلۈك مېنىڭ ئۆزگەرگەن «مەن» ىم، مېنىڭ باشقا بىر ئۆزلۈكۈم، مەن بىلەن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەرنىڭ ئىككىنچىسى.

مەككىدىكى مۇقەددەس قارا تاش[1] ئۇنىڭ، يەنى ئەر ياكى ئايالنىڭ قېنىدىكى زۇلمەتلىك ئۆز - ئۆزىنىڭ سىمۋولى. خالىسىڭىز ئۇنى جىنسىي ئەزا دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىراق ئۇ نوقۇل جىنسىي ئەزالا ئەمەس. ھەزرىتى ئەيسا دەل ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەنە شۇ ئۆزلۈك چېگرىسىدا دارغا مىخلانغان. بىزمۇ ئوخشاشلا ھەممىمىز مۇشۇ كىرىستقا مىخلانغانلارمىز.

نىكاھ، بۈگۈنكى دۇنيادا چوڭ بىر سىر، ئۇ بىزنىڭ سفىنكىس[2] تېپىشمىقىمىز. بۇ تېپىشماقنى تېپىش، بۇ سىرنى يېشىش ئاللانىڭ بىزگە قىلغان ئەمرى، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز ۋەلەم يەجەق قىلىپ تاشلىنىمىز.

بىز بىلىپ يەتكەن ئۆزلۈكىمىز سۈپىتىدە توي قىلىمىز، ئەمرىمىزگە ئالغان قىزنى ئۆز بىلىمىزنىڭ داۋاملىشىشى - بىلىپ يەتكەن ئۆز - ئۆزىمىزنىڭ بىر داۋامى قىلىۋالىمىز. كېيىنـ

---

① ئۇ، مەككىدىكى ھەج قىلغۇچىلار چوقۇنىدىغان تاش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەسلىدە ئاق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ گۇناھ قىلىشى بىلەن قارىداپ كەتكەنمىش.

② سفىنكىس يۇنان ئەپسانىسىدىكى ئايال ئالۋاستى. ئۇ يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تېپىشماق تاپقۇزىدۇ، تاپالمىغۇچىلار بولسا شۇزامات ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

چە، ھەدېگەندىلا ھەس - ھەيران قىلىش ۋە كىرىست مەسىلىسى سادىر بولىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى تونۇغان ئايال نەزەرىمىزدە ئۇز، سۆيۈملۈك؛ زۇلمەتلىك قانغا ئىگە ئايال زەھەرخەندە ۋە قورقۇنچلۇق سانىلىدۇ. ئوخشاشلا، كۆپكۆندۈزدە سىپايىلىق بىلەن توي تەكلىپى قويغان ئەر ئىبسىل سۈپەت كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئۇ بولسا ئەر بولغاندا قېنىنىڭ چوڭقۇرىدا يىلان قوزغىتىۋاتقان ھاۋا ئانىدىن قورقىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ ئادەم ئاتىچە تەرسالىقى بىلەن سۆرەلمە ۋە ھاكاۋۇر بولۇۋېلىپ، ئايالنىڭ قىيامەتلىك مۇرەسسەسىز رەقىبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇ سىرنى يېشىشنىڭ ئەڭ ئەپچىل چارىسى خوتۇن بولغۇچىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ تۇرغان، ئاشۇ يىلان قوزغاتقان ھاۋا ئانىغا يول قويۇش؛ ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئادەم ئاتا شەكلىدىكى مەغرۇرلۇقىنى يېڭىشكە ئۆگىتىش. ئەنە شۇندىلا ئۇلار ئادەتتىكى بىر جۈپلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ ناھايىتى ياخشى بىرلىشەلەيدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان نىكاھتۇر.

بىراق، قىساس ئىلاھىسى يولىمىزنى توغرا توسۇپ تۇرىدۇ. ئەر بولغان ئادەم مەغرۇرلۇقىنى تاشلىسىمۇ خوتۇن كىشى پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۆز سەنىمىگە دەسسەيدۇ. شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇ ئانا تۇغقان ئوغۇلمۇ كەلگۈسىدە كېيىنكى بىر ئەۋلاد قىزلارنىڭ ئېرى بولىدۇ. ئى قىزلار، ئۇ ئانىدىن تۇغۇلغان ئوغۇلدىن پەخەس بولۇڭلار! ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭغا خوتۇن بولغۇچى قىز ئۆزىنىڭ يىلان قوزغاتقان ھاۋا ئانىلىق تەبىئىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ - دە، ئەرنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، يەنە بىر دەۋردە ئۆيلەنگەن يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆتىنگە لايىقۇت قىلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن تەييار تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىدىپنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى! بىز قانداق بولساق ئۆزىمىزنى شۇنداق ھېسابلىشىمىز، ھەرگىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئويلىغاندەك ئۇنداق قالتىس چاغلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. مەن چىلان تۇپراقتا دەسلەپ ياشىغان ئادەم ئاتىنىڭ ئوغلى، مېنىڭ قەلبىمدە بىر پارچە قاپقارا سىناق تېشى. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئەڭ ياخشى سۆزلەرمۇ بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. ئايال كىشى غەلىتە كەلگەن، ئاشۇ يىلان بىلەن سۆزلەشكەن ھاۋا ئانا، ئۇنى ئۆزگەرتىپ بولمايدۇ.

بىزلەر ئەنە شۇنداق غەلىتە بىر جۈپلەرمىز، بىز ئۆزئارا ئۇچرىشالايمىز - يۇ، ئېرىپ بىر جان - بىر تەنگە ئايلىنىپ كېتەلمەيمىز. مەن بۇ دۇنياغا ئانامنىڭ قورسىقىدىن كەلگەن. بىراق مەن ئادەم ئاتا بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگىنىمدە بولسا، قەلبىمدىمۇ بىر پارچە قاپقارا سىناق تېشى ئۆسۈپ چىققان. ئانامنىڭمۇ ئۆز دادىسى بولغان، ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ساپلا سىرلىق ھاۋا ئانا.

گەرچە مەن ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىنى بىلگەن، ئۇنى بەش قولدەك ئوچۇق چۈشىنىپ يەتكەن بولسامۇ، يەنىلا مەڭگۈ ئۇنى چۈشەنگەن يىلانغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيمەن. ئېغىزىم ھەرقانچە تاتلىق، قىلىقلىرىم ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك بولسىمۇ، قىز - خوتۇنلارنىڭ يەنىلا كۆرۈپ قالىدىغىنى قەلبىمدىكى ئاشۇ ئادەم ئاتىنىڭ قارا تېشى.

ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەن ئەسلا تونۇپ بولالمايدىغان ئۆز- ئۆزۈڭنى تونۇش دېگەنلىك. مەن چىلان تۇپراقتىكى ئادەم ئاتىنى، يەنى ئۆزۈمنى تونۇپ بولالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ماڭا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا مەندە ئامال يوق. مەن يىلان قوزغاتقان ھاۋا ئانا - ئاياللارنى تونۇپ يېتىشكە، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى لولىلىقى ئاستىدىكى ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا مانا شۇنداق بولغاچقا سەۋر - تاقەت قىلىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسام بەئەينى تاغدىكى ئورمانلىقتا ئامېرىكا يولۋىسىنى ئۇچراتقاندەك بولىمەن، يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا بارغۇم ۋە ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن سىيلاپ باققۇم كېلىدۇ. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەقىقىي ئۇچراشقان ۋاقتى، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر تەۋەككۇل. ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەۋپ - خەتەر ئەرنىڭ روھىدىكى ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغان مەزمۇت قارا تاشنىڭ ئۆز ئاياللىقىنى يوق قىلىپ تاشلىشىدىن ۋايىم يېيىشىدە؛ ئەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بولسا، ئەكسىچە يىلاننىڭ ئۆزىنى يىقىتىپ، پاتاڭلىرىغا چىرمىشىۋېلىشىدىن، زەھەرلىك شۆلگەيگە تولغان ئېغىزى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈۋېلىشىدىن قورقۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

ئايال ۋە ئەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەتەرلىك ھادىسە ھاياتتا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. تەۋەككۇل قىلىش، قانىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان ئازاب ۋە خۇشاللىقلارنى قوبۇل قىلىش دېمەكتۇر. ئەگەر سىز بىر ئەر بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز ئاستا، تولىمۇ ئاستا ھالدا بىر خىل ئۇلۇغ ئويغى-

نىشنى، بىر خىل ئەڭ ئاخىرقى تەۋەككۇل ۋە ئويغىنىش تەجرىبىسىنى باشتىن كەچۈرىسىز، ئاڭ جەھەتتىن تامامەن ئويغىنىسىز. ئەگەر سىز بىر ئايال بولسىڭىز، بىر خىل غەلىتە، گاراخ مەست بولۇپ كەتكەن يىلانلىقىڭىز، بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل بىۋاستە تۇيغۇڭىز ئويغىنىدۇ.

ئەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىدىيىنىڭ بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى. ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋە قېنى بىلەن تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئۇ ئارقىغا شۇنچىكى چېكىنىدىكەن، ئۆز ئېڭىدىكى ئاشۇ قارا تاشقا ئۇسۇۋالىدۇ. يېڭى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا دادىل تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولىدۇ. ئۇ، ئۆزى تاماملىغان ياكى باشتىن كەچۈرگەن ھەممە ئىشلىرى خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالايدۇ. ئۇ پىكىر يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلغان مىنۇتتىن ئېتىبارەن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېكسپېدىتسىيىسىگە كىرىشىدۇ ـ دە، ئەڭ ئاخىرقى تونۇشقا ئىگە بولىدۇ.

ئەركەكلەردىن بول! ئاۋۋال ئۆز ۋۇجۇدۇڭ ۋە قېنىڭ بىلەن تەۋەككۇل قىل، ئاندىن مېڭەڭنى ئىشقا سال. سەن بىلىپ يەتكەن ئۆز ئۆزۈڭ ئارقىلىق بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن تەۋەككۇل قىل، يەنە بىر رەت يېڭى ئۆزۈڭ بول، سەن ئەزەلدىن تونۇپ بولالمىغان ھەم ئەزەلدىن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئۆز ـ ئۆزۈڭگە ئايلان.

بىر ئەركەك بول، ئەمما بىر خىل مەۋجۇداتلا بولۇپ قالما. بۈگۈننىڭ ئەرلىرى ھەرگىزمۇ ئۆز قېنى ۋە ئۇستىخىنى بىلەن تەۋەككۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار ياشايدۇ، ئۆزىنى ئۆز بىلىمىنىڭ ئىچىگە سولاپلا ئۆتىدۇ. قانداقلا ئىش قىلمىسۇن، ئۆز بىلىمىدىن بولغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغىغا مەھكەم بېكىنىپلا قىلىدۇ. ئۇلار ھاياتىدا نامەلۇم ئۆز ـ ئۆزىنى بىرەر دەقىقىمۇ ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئالىدىغان رولى مەلۇم بولغان ئۆز ـ ئۆزى، ئۆزلۈك ئېڭىدىكى ئۆز ـ ئۆزى. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قەسرىدىكى زۇلمەتلىك ئۆزلۈك توخۇ يۈرەكلەرچە سوقۇنۇۋالغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئىچىدە سىقىلىپ قىمىر قىلالماس ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئەرلەر توي قىلغان ياكى زىنا قىلغاندا مېڭىسىنىڭ كونتروللۇقىغا تايىنىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىنكاسى، جىمىكى تەجرىبىلىرى ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن نامەلۇم ئۆز ـ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېچنەرسە سادىر بولغىنى يوق. ئۇ ھېلىھەم ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئىچىدە يارىلىنىشتىن قورقۇپ تۈگۈلۈۋالغان پېتى تۇرۇپتۇ، ھالبۇكى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئىچىدە تۇرغان ئۇ ئاللىقاچان ئېلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدى.

ئەمدىلىكتە، ئازابلارنىڭ ھەممىسى مېڭىدە پەيدا بولغان پسىخىك ئازاب بولۇپ قالدى. گىلەرەڭلىك ئادەم ئاتا روھىي بېسىم ۋە روھىي بىنورماللىقنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك قىيناشلىرىغا ئۇچرىدى. ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى مەنىۋىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى، ئۇ ئەرگە نىسبەتەن ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان ئالاھىدە شەخس. مېڭىنىڭ قەلبىمدىكى بۇرۇنقى ئادەم ئاتام ئۇنى ئەسلا كۆرەلمەيدۇ. ئۇ ئايال بۇ ئەرنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدىكى ئۆز ـ ئۆزى ئۈچۈن پەقەت ئالاھىدە بىر شەخسلا، خالاس. ھاۋا ئانىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىباتلارغا تولغان جەننىتىدە، يىلان ئۆمىلەپ يۈرگەن ئوت ـ چۆپلۈكتە ئۇ (ئادەم ئاتام) قىلچىمۇ تەۋەككۇل قىلىشقا پېتىنالمىغان، ئۇ قورققان.

ئۇ، ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى زېرەك، چېچەن بولۇپ كەتتى. ئۇ مېڭىسىگە تايىنىپ ھېسسىيات ئالەمىدە خۇددى ئاللىقانداق نەرسىلەرنى راستتىنلا سېزىپ يەتكەندەك بولۇشقا كېزىپ يۈرەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي يالغان. ئۇ ھېچقانداق نەرسىنى قىلچە سېزەلمەيدۇ. بۇ، ئۇنىڭ سېنى كولدۇرلاتقىنى. ئۇ، ساختىلىق ئىچىدە ھەقىقىي ھېسسىياتنى، ئۆزىنىڭ ساختىلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەندە تولىمۇ زېرەكلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا باشتىن ـ ئاخىر بار بولغىنى ئۆز ئېڭىنىڭ يالغان ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان سىناق تېشى. ئۇ، بۇ سىناق تېشىغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئۇ دائىم باشقىلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ كوچا ـ كويلاردىكى ئەڭ ئادەتتىكى ئەرلەردىنمۇ ئۆتە ھەقىقىي ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىدىن قورقىدۇ. ئۇ، ئەڭ زەئىپلەشكەن توخۇ يۈرەك. بىراق، ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقى ئۇنى ناھايىتى بۈيۈك ئوبراز سىياقىدا كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇ ساختىلىقنى ئەيىبلەيدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆز ساختىلىقىنى يوشۇرۇش. ئۇ چىنلىقنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت چىن، ھەقىقىي نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئۇستۇنلۇكنى

ئىگىلەش، ھەتتا چىنلىقتىنمۇ ئۇستۇنلۇككە ۋە ئەۋزەللىككە ئېرىشىش. ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇتىدۇ، سەۋەبى، ئۆزىنىڭ ساختىلىقى، سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى، داۋالاپمۇ ساقايتقىلى بولمايدىغان ساختىلىقى، مۇتلەق ساختىلىقى ئۆز كۆڭلىگە ئايان. ئۇنىڭ ساختا ھېسسىياتى ھەرگىز ھەقىقىي ھېسسىيات ئەمەس، ئەمما ئۇ ھەقىقىي نەرسىگە ئوخشايدۇ، شۇنداق بولۇۋەرسە بىر مەزگىل ئۆتكەندە ئۇ ھېسسىياتلار ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. ھالبۇكى، باشقا ھەممە ۋاقىتتا ئۇ ھېسسىياتنىڭ ساختىلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ.

بۇ، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ قەلبىدە چىلانىرەڭ تۇپراقتىكى ئادەم ئاتىنىڭ ۋەزمىن ھەم ئۆزگەرمەس قارا تېشى - ساختىلىق - چىنلىق، ئىزگۇ - قاباھەتلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان مەڭگۈلۈك سىناق تېشى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدا بارى - يوقى پەقەت ئۆزىگە تونۇشلۇق ساختا قەبرە تېشى. ئۇ ئۆزىگە ئاتاپ تىكلىگەن بۇ ۋەھىمىلىك ئاق قەبرە تېشىدا، ساختىلىق بىلەن روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇ ئىزچىل توغرا، ئاجايىپ توغرا كۆرۈنىدىغان رەۋىشتە سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

بۇ، ھەقىقىي بىر ئەر بولۇشنىڭ قىيىن يولى: سىز ئۆزىڭىزنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىش بىلەنلا بىر ئەر بولالمايسىز. سىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالايسىز. سىز بۇ دۇنيادا ھەممىگە جۈرئەت قىلالايسىزكى، ھەرگىزمۇ بىر ئەركەك بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايسىز. زامانىمىزدىكى ئاق تەنلىك ئەرلەرنىڭ ئىخلاسى شۇقەدەر مۇستەھكەم، شۇقەدەر مۇتلەق، ھالبۇكى، ئۇ بىر ئەركەك ئەمەس. چۈنكى ئۇ، بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، بىراق بىر ئەر، ھەقىقىي ئەركەك بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەر بولۇشنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى بىراقلا چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇ چۈشكەنچە ئۇمۇ ئۇدۇل ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇ، بىر ئەر بولۇشقا، چىلانىرەڭ تۇپراقتىكى ئاشۇ ئادەم ئاتا بولۇشقا، قەلبىدە قارا سىناق تېشى بار ئادەم ئاتا بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئۇنىڭ ئەر ئەمەسلىكى ئۆزىگىمۇ ئايان. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك ئەقىدىسى بار. ئۇ، ئۆزىنىڭ چىلانىرەڭ تۇپراقتىكى گۆش - قېنى بار، ھەقىقىي تىرىك بىر ئەر ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. رەزىللىك ھاۋاسى بېسىپ كىرگەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە باھارنى ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ، ئالدىدا ھالاكەتنىڭ بارلىقىنى، ئالدىكى ئۆز - ئۆزىنى كۈتۈۋاتقىنى باشقا نەرسە بولماستىن، دەل ھالاكەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك، ھارماي - تالماي ساخاۋەت قىلىش ئەقىدىسى بار. سۈركىلىش، زىددىيەتلەر ئاز، مېھىر - مۇھەببەت كۆپ بولسۇن، تۇغقانلار يىرىكلىشىپ، دوستلار ئارازلىشىپ قالمىسۇن. ھاياتتا قىلچىمۇ خەۋپ - خەتەر، ھەتتا سۈركىلىش دېگەنلەر بولماسلىقى كېرەك. ئۇ، مانا شۇنداق جار سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئاستا - ئاستا ئاخىر ھاياتلىق دەرىخىگە شەپقەتسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

(خەنزۇچە «لاۋرېنس ئەدەبىي خاتىرىلىرى» نىڭ 1 - ۋە 2 - تومى، ئاپتورنىڭ «جىنسىيەت ۋە سۆيۈملۈكلۈك»، «جىنسىيەت ۋە گۈزەللىك — لاۋرېنس تاللانما نەسىرلىرى» ھەمدە «ئارامبەخش رېئاللىق — لاۋرېنس نەسىرلىرىدىن» قاتارلىق توپلاملاردىن ئېلىندى.)

## سىز ئۈچۈن خۇشخەۋەر

ژۇرنىلىمىز بىرقىسىم مۇشتىرىلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن بۇ يىللىق 1 - سانىمىزدىن باشلاپ پارچە سېتىپ بېرىشنى يولغا قويماقچى. ئەگەر، ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدا بولسىڭىز، پوچتا ھەققى ئالماستىن ژۇرنىلىمىزنى سىزگە پوچتىدىن ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەت قىلىمىز. ژۇرنىلىمىز كېرەك بولسا تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى سەنەۋەر بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2819490

# مىسرالاردىن تەرمىلەر

زەر قاناتلىق ئۇماق چۈشلىرىم
چىلىق - چىلىق تەرلىگەن پېتى
ئۇچار تۈندە ئىزدەپ نۇر، يورۇق.
-- ئەخمەتجان تۇرۇپنىڭ «ئېچىرقاش»
ناملىق شېئىرىدىن

كۆيگىنىدە يۈرەك ياپرىقى
سېغىنىشنىڭ يالقۇنلىرىدا
تۆكۈپ پەقەت ھىجران يېشىنى
بارالماستىن قېشىڭغا زىنھار
تەنھا قالدىم يەنىلا تەنھا.
-- قۇربان ئابلىمىتنىڭ «تەنھا قالدىم
يەنىلا تەنھا» ناملىق شېئىرىدىن

تۈن كېچىدە قومۇش نەي بولۇپ
چېلىنغىنى مېنىڭ يۈرىكىم. . .
— مۇھەممەتتۇرسۇن ھامىتنىڭ «قومۇش
نەي» ناملىق شېئىرىدىن

ئۈمىد نېمە؟
يوقلۇق ئارا ئۈنتۈلغان كۆز ياش،
ئېھ، چۈشلەردەك تۇرار غەمكىن، دەردلىك يېلىنجاپ،
— ئىلھام ئۆمەرنىڭ «ئارخىپ»
ناملىق شېئىرىدىن

بىر ئىللىق ماكانسەن قەلبىمگە يېقىن
ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ تەنھالىقىڭنى.
پەقەتلا ئىككىمىز ئىناق - قەدىردان
سېنىڭدە بايقايمەن ئەركىنلىكىمنى.
— ئەكبەر ئۆمەرنىڭ «ھۇجرا» ناملىق
شېئىرىدىن

تېنىم دۈشمەن ئۆزۈمگە شۇتاپ
ھاياتىمنىڭ سىناق پەيتىدە.
— ئابلىمىت ئابلىزنىڭ «يۈتكەن تەن»
ناملىق شېئىرىدىن

تېپىۋالدىم يارقىن ئەتەمنى
خىيالىمدا بىر قېتىم ئۆلۈپ.
-- ئابلىمىت ئابلىزنىڭ «تىرىلىش»
ناملىق شېئىرىدىن

ھىلال ئاينىڭ ئەگمىسىدۇر ئۇ
پاك، غۇبارسىز سۆيۈشكەن لەۋلەر.
— ئىزىز سەيپۇللانىڭ «لەۋ» ناملىق
شېئىرىدىن

يۈرىكىمدەك ئىسسىق بىر جايدا
روھىڭ بىلەن ئۇچراشتى روھىم.
بولساقمۇ گەر ئىككى قىتئەدە،
بىز ئەسلىشىپ قالىمىز بەلكىم.
— ئەيساجان تۇردىنىڭ «نېگىر
دوستۇمغا خەت» ناملىق شېئىرىدىن

ئاياغ ئىزى تەگمىگەن
بىر گۈلزارلىق تۇراتتى ياشناپ
تۇپرىقىدا خىلۋەت چۈشۈمنىڭ،
كىرىپ كەلدىڭ كېچە سەن ئاڭا.
— تۇرغۇنجان تۇرسۇننىڭ «بىر قىزنى
ياخشى كۆرۈپ قېلىش» ناملىق شېئىرىدىن

كېتىمەن يىراقلاپ قىرغاقلىرىمدىن
تۇرىمەن يەنىلا قىرغاقلىرىمدا
تۇرىمەن ئۆزۈمنى قايتا - قايتىلاپ.
— ئابلاجان مەتسەيدىنىڭ «يېرىم
كېچىدە خوشلىشىش» ناملىق شېئىرىدىن

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن قۇمغا
يىلتىز تارتقان ھايات دەرىخىم.
— غۇلام تۇرسۇننىڭ «ھايات
يىلتىزى» ناملىق شېئىرىدىن

قەلبىمدە بار يۇلتۇزسىز كېچە
تۈن قۇشلىرى ئۇچمايدۇ ئۇندا.
شېئىر ئوقۇپ يۈرىدۇ تەڭرى،
بىز چۈشەنمەس قۇشلار تىلىدا.
— ئىمىنجان روزىنىڭ «قەلبىمدە
بار. . .» ناملىق شېئىرىدىن

گۇناھلار زەنجىرى چۈشتى بوينۇمغا
باشلىدى قەدىمىم ۋەيلۇنغا مېنى.
يىغلىدىم: بەندىچۇن ۋەدىلەر بەرگەن
دوزاختىن قۇتقۇزار مۇھەممەد قېنى؟!
— ئىمىنجان روزىنىڭ «پاكلىنىش»
ناملىق شېئىرىدىن

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ژۇرنىلىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلاش، ژۇرنىلىمىز تەھرىر ھەيئەتلىرى، ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلاش، شۇنداقلا ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانلار ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان تېخىمۇ ياخشى ژۇرنال قىلىپ چىقىشتا ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان ئورتاق كۈچ چىقىرىش ئۈچۈن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا ماخمۇتجان ئىسلام، مامبەت تۇردى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، غوپۇرنۇر ۋە ئازات سۇلتان قاتارلىق تەھرىر ھەيئەتلەر 1997 - يىللىق 6 سان ژۇرنالدىكى ئەسەرلەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ ھېس قىلغانلىرى، ژۇرنالدا بېرىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكى، بولۇپمۇ يېڭى شېئىرىيەتتىكى تورغۇنلۇق مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى. بۇ يىللىق خىزمەتلەر، جۈملىدىن بىر قىسىم زۆرۈر بولغان سەھىپىلەرنى ئېچىش، تەسىس قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش ھەققىدىمۇ تەكلىپلەرنى بەردى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىشات ئەنەيتۇللا مۇھىم سۆز قىلدى ۋە ژۇرنال خىزمىتىگە بولغان تەلەپ - پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇردى ھاشىم، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىلجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ ژۇرنىلىمىزغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوللاپ سۆز قىلىپ ئۆتتى.

سۆھبەت يىغىنىدا يەنە جېلىل خېلىل، ھاياتنوپۇس مۇھەممەت قاتارلىق ياش ئاپتورلارمۇ ژۇرنال ھەققىدە ئويلىغانلىرى ۋە كۆزقاراشلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايون ۋە شەھىرىمىزدىكى ئاخبارات، نەشرىيات، تەشۋىقات ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

△ مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى ۋە تەرجىمانلارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. باھالاشتا 63 شەخس، 60 ئەسەر، 3 تەرجىمان مۇكاپاتلاندى. ئەسەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئەسەر 19 بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ %31 نى ئىگىلىدى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا ئاپتونوم رايونىمىزدىن پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت قەشقەرى» رومانى، ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ «تارازا» رومانى، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «يىغلىما قىز» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، دو. نەدە (موڭغۇل) نىڭ «سەلكىتى داۋان ناخشىسى» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، ئىمىن ئەھمىدىنىڭ «سۆيۈلگەن يىللار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، قۇلىمقان ئەخەت (قازاق) نىڭ «3 بورۇل» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، ئىبراھىم مۇھەممەت (قىرغىز) نىڭ «تۇرمۇش قايىنىمىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، مۇسلىم نەبى (تاتار) نىڭ «ئاجايىپ مەھبۇس» ناملىق ھېكايىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتلاش مۇراسىمىغا تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد، ۋۇ جىڭخۇا، لى دېجۇ قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.

△ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتى ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدا ھەيئەتلەر ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا مالچىنفۇ، جىچۇ ماجا، زالاشاخۇ، جۇ مىڭشيا، خۇ جاۋ، بىشى شيەنزىلىڭ، سۇنجەنجۇڭ، ئەكبەر مىجىتلار قاتناشتى. ھەيئەتلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل ۋە خۇلاسىلاش ئېلىپ باردى. شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى يۈزلىنىش، يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. يىغىندا يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ خىزمەت پىلانى ماقۇللاندى ھەمدە 1998 - يىلى مۇۋاپىق پەيتتە مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش قارار قىلىندى.

△ ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە نەشرىيات ساھەسىدە غۇلغۇلا قوزغاپ كېلىۋاتقان داڭلىق يازغۇچى جيا پىڭئاۋنىڭ «تاشلاندۇق شەھەر» رومانى يېقىندا «فرانسىيە ئايال باھالىغۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ 9 يىل ئىلگىرى «ئامېرىكا تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىم تەسىرى چوڭ بولغان خەلقئارالىق ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى. ئىگىلىنىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تەسىس قىلىنغان «فرانسىيە ئايال باھالىغۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» فرانسىيىدىكى «كونگرىس ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە «مېدىس

ئەدەبىيات مۇكاپاتى» بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان 3 چوڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ مۇكاپات «فرانسىيە ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە «چەت ئەل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» دەپ 2 تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - ھەپتىسىنىڭ 1 - كۈنى مۇكاپات تارقىتىلىدىكەن. بۇ قېتىمقى باھالاش ھەيئىتى فرانسىيىلىك 12 نەپەر داڭلىق ئايال يازغۇچى ۋە ئايال ئوبزورچىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جيا پىڭئاۋ بۇ يىلقى «چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن بىردىنبىر يازغۇچى، شۇنداقلا بۇ مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولغان ئاسىيالىق تۇنجى يازغۇچى بولۇپ قالدى.

△ ژۇرنىلىمىزنىڭ يېقىن دوستى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەنزۇ كىتابخانلىرىغا ئىزچىل تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارلىق ياش خۇيزۇ تەرجىمان سۇ يۇڭچېڭ (ئۇيغۇرچە ئىسمى ئابدۇلئېزىز مۇھەممىدى) يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ژۇرنىلىمىزدىن تەرجىمە قىلغان زوردۇن سابىرنىڭ «زامانداشلار»، «قوم ئارشاڭ» قاتارلىق پوۋېستلىرى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «تىمتاس شەھەر» ھېكايىسى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ۋە ئادەم» ھېكايىسى، ۋەلى داۋۇتنىڭ «ئەركىنلىكتە ئۆلۈش» ھېكايىسى، ئەخمەت ئىمىننىڭ «سادا» ناملىق نەسرىنى خەنزۇچە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئەكبەر سالىھلارنىڭ «تۇتاش قەلبلەردىن ياڭرىغان كۈي» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىنى خەنزۇچە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان.

كاندىدات ئالىي تەرجىمان سۇ يۇڭچېڭ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۈەن تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئىككى قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

△ يېقىندا ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئايال يازغۇچىسى جويىس كاللور ئوتىسنىڭ ناتۇرالىزم ئۇسلۇبى يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك گەۋدىلەنگەن «ئادەملەر سارالڭ بوپتۇ» ناملىق يېڭى ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ۋە سىرلىق تۈسكە، ئوتىسنىڭ يارىتقان پىسخىك قورۇلما بوشلۇقىغا كىتابخانلار مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ.

روماندا باش قەھرىمان ئىنگلىبتىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىك مونولوگى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىككە ۋە چۈشكۈنلۈككە تولغان چاغلىرى بايان قىلىنغان. ئىنگلىبتىنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى زالىم، تەلۋە بولۇپ، ھايات - ماماتى قىل ئۈستىدە تۇرىدىغان ئۇچقۇچى، ئانىسى ھۆرۈن، شاللاق ئايال ئىدى. كىچىكىدە قاتتىق كۆلپەت ۋە دەرد - ئەلەم تارتقان ئىنگلىبتىنىڭ ھېسسىياتى زەربىگە ئۇچراپ، كېيىن زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ يەنە تالاي قېتىم ئەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ۋە تاشلىۋېتىشىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنى ئاخىرى تەلۋە، ئەسەبىي قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

جويىس كاللور ئوتىس «ئادەملەر سارالڭ بوپتۇ» دېگەن بۇ ئەسىرىدە كومېدىيىلىك شەكىلدىن پايدىلىنىپ بىر تراگېدىيىلىك ۋەقەنى بايان قىلغان. شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە مودا بولۇۋاتقان پىسخىك ئانالىز تېمىسىغا تېگىش قىلغان. شۇڭا سەزگۈر رەك كىتابخان بۇ ئەسەردىن كلاسسىك ئەسەر «يېقىمسىز قوڭغۇراق ئاۋازى» ۋە «ساڭا ئەتىرگۈل باغچىسىنى بېرىشكە ئۈنىمىدىم»نىڭ ئەكس ساداسىنى ھېس قىلالايدۇ.

≪天尔塔格≫文学双月刊
1998年 第1期

Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language

« تەڭرىتاغ »
1998 - يىل 1 - سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：≪天尔塔格≫编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897, 2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
« تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2819490, 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：4.40元
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن



بوز يەر مەيدانى



بوز يەر مەيدانىدىكى ۋاقىتلىق قونالغۇ



بۇ دېھقان مۇنداق دېدى: تېرىيمىز دېسەك يېرىمىز ئاز. شۇڭا كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلالمىدۇق. مەتتىمىن قادىر بىزنى بېيىشقا قاراپ باشلاپ ماڭدى. بىز ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە چوقۇم ھاللىق سەۋىيىگە يېتەلەيمىز.



بۇ دېھقان مۇنداق دېدى: مەتتىمىن قادىر ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ كۆپ جاپا تارتقان. شۇڭا دېھقانلارغا كۆيۈنىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەن رازى.



دېھقانلار ئىش مەيدانىدا تاماق يېمەكتە



بوزاق دېھقانلىرى

تېرىلغۇ يەر ئازلىق سەۋەبىدىن دېھقانلارنىڭ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلالماسلىقتەك رېئاللىقنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، بوزاق دېھقانلىرى مەتتىمىن قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۈز نەچچە كۈن ئۆيىگە قايتماي، كۈنىگە 15 سائەتتىن ئىشلىدى. نۆلدىن تۆۋەن 10 سېلسىيە گرادۇسلۇق سوغۇقتا سۇلياۋ ۋە بېرزېنت كەپىلەردە يېتىپ قوپۇپ، ئىش ئورنىدا تاماق يەپ 2500 مو بوز يەر ئاچتى.



نۇرباغ كەنتىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ھوشۇر



سايباغ كەنتىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھاجى



سايباغ كەنتىنىڭ بىر قىسىم كەنت ھەيئەتلىرى



نۇرباغ كەنتىنىڭ كەنت رەھبەرلىرى

## شىخەنزە شەھرى شىخەنزە يېزىسىنىڭ سايباغ كەنتى بىلەن نۇرباغ كەنتى.

بۇ ئىككى كەنت 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلغان. 1960ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسىدىن شىخەنزە شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان. كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى پاختىدىن كېلىدۇ. سايباغ كەنتىنىڭ نوپۇسى 1300، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 2148 يۈەن. نۇرباغ كەنتىنىڭ نوپۇسى 1350، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 2505 يۈەن. بۇ ئىككى كەنتنىڭ رەھبەرلىرى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتە، بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشتا ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلمەكتە.



دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى



دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى



دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ھەققىدىكى كېڭەش



سايباغ كەنتىنىڭ چارۋا مال بازىرى